# مەن خۇدانى
# ئاتا دېدىم

بىلقىز شەيخ

ھەممىگە قادىر خۇدا شۇنداق دەيدۇ:

«مەن سىلەرگە ئاتا بولىمەن، سىلەرمۇ ماڭا پەرزەنت بولىسىلەر» (ئىنجىل: «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 2-خەت» 6-باب 18-ئايەت)

# ئاجايىپ بىر ۋەقە

باغچەمنىڭ شېغىل ياتقۇزۇلغان تار يوللىرىدا سەيلە قىلىپ يۈرەتتىم، ئىچىمدە ئاجايىپ بىر ھېسسىيات كۆچىيىپ باراتتى. كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسماقتا ئىدى. نەرگىسگۈللىنىڭ ئۆتكۈر پۇراقلىرى ھۆپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. مېنى شۇنچە بىئارام قىلىۋاتقان نەرسە نېمىدۇ؟

قەدىمىمنى توختىتىپ ئەتراپىمغا قارىدىم. ئالدىمدا يېيىلىپ ياتقان چىمەنلىكنىڭ نېرىراقىدا ئۆيىمىز كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاشخانىدا خىزمەتچىلەر چىراغلارنى ياندۇرۇشقا باشلىغانىدى. تاشقىرىدا بولسا، ھەممە نەرسە جىمجىت ئىدى. ئاجايىپ پۇراقلىق ئاق چېچەكلەردىن بىرنەچچە تال ئۈزۈپ ياتاق ھۇجرامغا ئەكىرىپ كەتمەكچى بولۇپ قولۇمنى ئۇزاتتىم. بۇ ئاق چېچەكلەردىن ئېگىزرەكىنى ئۈزۈۋاتقىنىمدا، بېشىمدىن بىر نەرسە غىل-پال ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى.

چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. بۇ نېمىدۇ؟ تۇمان دېسە تۇمان ئەمەس، بۇلۇت دېسە، بۇلۇت ئەمەس. شۇئان، كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان سۆرۈن بىر مەخلۇق يېنىمدىن سۈركۈلۈپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. باغچە تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ، مەجنۇنتاللارنىڭ ئارىسىدىن كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان سوغۇق شامال چىقىشقا باشلىدى، مەن تىترەپ كەتتىم.

— بېلقىز، ئېسىڭنى يىغىۋال — دېدىم ئۆز-ئۆزۈمگە. يەنى بىكاردىن بىكار ۋەھىمىگە چۈشمەسلىكىم كېرەك ئىدى. مەن گۈللىرىمنى يىغىشتۇرۇپ تېزلىك بىلەن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. دېرىزىلەردىن كۆرۈنگەن يورۇقلۇق كۆڭلۈمگە بىرئاز

مەدەت بېرەتتى. ئۆينىڭ ئاپئاق، مەزمۇت تاملىرى ۋە دۇب ياغىچىدىن ياسالغان ئىشىكلىرى مەندە ئىشەنچ تۇرغۇزاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، شېغىللىق يولدا ئالدى-كەينىمگە قارىماي قاچتىم. جىن-ئالۋاستىلار دۇنياسىنىڭ بارلىقىغا زادى ئىشەنمەيتتىم. ياق، باغچەمدە بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمىسە مەن نېمىدىن قورقتۇم؟

بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرگەندەك ئوڭ قولۇمغا بىر نەرسىنىڭ قاتتىق تەگكەنلىكىنى سەزدىم. بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى.

— ۋايجان، — دېگىنىمچە ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم.

ئۆيگە كىرىپلا ئىشىكنى تاقىۋالدىم. خىزمەتچىلىرىم يېنىمغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. لېكىن، ماڭا بىر نەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، ئۇلار قورقۇپ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىمغا قاراپ ھاڭ-تاڭ قالغانىدى. مەنمۇ ئۇلارغا گەپ قىلالماي قالدىم. كېيىن، يېتىشقا تەييارلىنىۋاتقىنىمدا ماڭا ياردەملىشىۋاتقان ئىككى خىزمەتچىمگە باغچىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن ئانچە-مۇنچە سۆزلەپ بەردىم. كېيىن ئۇلاردىن:

— سىلەر روھلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم. خىزمەتچىلىرىمدىن نۇرجان مۇسۇلمان ئىدى. رايىشەم بولسا، ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. سوئالىمغا يا ئۇ، يا بۇ جاۋاب بەرمىدى. لېكىن، نۇرجان قوللىرى تىترىگەن ھالدا:

— باغچىغا دەم سۈيى سېپىش ئۈچۈن يېزىدىن موللا چاقىرىپ كېلەيلىمۇ-يا؟ — دەپ سورىدى. لېكىن، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. نادان كىشىلەرنىڭ ئاساسسىز خۇراپىلىقىغا باش ئېگىشنى ھەمدە بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن يېزىغا تارقىلىپ كېتىشىنى خالىمايتتىم. شۇڭا، نۇرجاننىڭ ماڭا كۆڭۈل

بۆلگىنىگە خۇش بولغىنىمنى بىلدۈردۈم-يۇ، ئەمما باغچەمدە جىن-ئالۋاستى ۋە روھلارغا ئاتاپ دەم سېلىشقا يول قويالمايدىغانلىقىمنى كېسىپ ئېيتتىم. ئۆزۈم شۇنداق دېسەممۇ، لېكىن، خىزمەتچىلىرىم ھۇجرامدىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا قۇرئاننى قولۇمغا ئالدىم. قۇرئاندىن بىرقانچە ۋاراقنىلا ئوقۇدۇم، چارچاپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن قۇرئاننى ھاۋا رەڭ يىپەك جىلتىسىغا سېلىپ قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئەتىسى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا ئويغانغىنىمدا، جاراڭلىق بىر ئاۋازدا بامداتقا ئەزان ئېيتىلىۋېتىپتۇ.

لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدى رەسۇلۇللا...

بىر خىل ئاھاڭدا ئېيتىلىۋاتقان بۇ جاراڭلىق ئاۋاز دىرىزەمنىڭ نەقىشلەپ ئىشلەنگەن تۆمۈر سالاسۇنلىرىدىن ئۆتۈپ قۇلاق پەردىلىرىمنى تىترىتەتتى. ئاخشامقى ۋەقەدىن كېيىن، نامازغا دالالەت قىلىدىغان بۇ ئەزان ئاۋازى ماڭا تەسەللى بېرىدىغان بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەن دۇنياغا كەلگەندىن بۇيانقى 46 يىل جەريانىدا ھەر سەھەر دېگۈدەك بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، شۇ تاپتا مەزىنىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم.

ئۆيۈم پاكىستاننىڭ ۋاھ يېزىسىغا يېقىن ئىدى. يېزىنىڭ ياشىنىپ قالغان مەزىنى قەدەملىرىنى ئىتتىك بېسىپ مۇنارنىڭ تار ئىشىكىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ، ئايلىنىپ يۇقۇرىغا چىقىدىغان تىك شوتىدىن ھارغىنلىق بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. ئەسىرلەر بويى چىقىپ-چۈشۈپ كېلىۋاتقان بۇ مۇنار شوتىسىنىڭ بالداقلىرى ئۇپراپ كەتكەنىدى. مۇنارنىڭ

ئەڭ يۇقىرىسىدا پەشتاقتا ئېچىلىدىغان دۇب ياغىچىدىن ياسالغان ئىشىك بولۇپ، مەزىن ھاسىرىغان ھالدا بۇ ئىشىك ئالدىدا توختاپ بىر پەس دىمىنى ئېلىۋالاتتى ـ دە، ئاندىن پەشتاقتا چىقىپ، ساقاللىق ئېڭىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، 1400 يىلدىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئەزان بىلەن جامائەتنى نامازغا دالالەت قىلاتتى.

كىشلەرنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ ئەزان ئاۋازى ئۆكتەبىر كېچىلىرى سوغۇق بولىدىغان ۋاھ يېزىسىنىڭ شىبەن تاش ياتقۇزۇلغان كوچىلىرىدىكى سەھەر تۇمانلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، باغچىلار ئۈستىدە دولقۇنلاپ، قۇياش نۇرى كۆلەڭگە چۈشۈرۈشكە باشلىغان ئۆيلەرنىڭ خىشلىق تاملىرىدا ئەكس سادا ياڭرىتاتتى.

بۈگۈنكى ئەزاننىڭ ئاخىرقى ساداسى قۇلاقلىرىمدا جاراڭلاۋاتقاندا، تۈنۈگۈن ئاخشام باغچەمدە تېنىمنى جۇغۇلداتقان ۋەقە ئېسىمگە كەلدى. بۇ ۋەقەنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن خىياللىرىمنى دەرھال كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدىكى ئىشلارغا يۆتكىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يېنىمدىكى مەرمەر ئۈستەل ئۈستىدىكى ئالتۇن رەڭ قوڭغۇراققا قول ئۇزاتتىم. قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ خىزمەتچىم نۇرجان شۇئان ھۇجرامدا ھازىر بولدى. ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر خىزمەتچىم مېنىڭ ھۇجرام بىلەن ياندىش ھۇجرىدا ياتاتتى. ئۇلارنىڭ بىر سائەت بۇرۇن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، چاقىرىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغىنىنى بىلەتتىم. ئەتىگەنلىك ناشتىنى ياتاق ھۇجرامدا قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدىم. نۇرجان كۈمۈش تارغاقلىرىم بىلەن چاچ چوتكىلىرىمنى ئورنى-ئورنىغا تىزىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بويىغا يېتىپ راسا تولغان، ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، لېكىن بىر ئىشنى ئانچە

ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان بىر قىز بولۇپ، ھەدىسىلا تارغاق، چوتكىلارنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپ، مەندىن پات-پات تەنبىھ يەپ تۇراتتى.

نۇرجاندىنمۇ كېلىشكەن ئېگىز بويلۇق، زىلۋا ۋە ئېغىر بېسىق كەلگەن يەنە بىر خىزمەتچىم رايىشەم، ئۈستى يېپىق يوغان بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ھۇجرامغا كىردى. ئۇ پەتنۇسنى كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ، ئۈستىدىكى ئاق كاناپ ياپقۇچنى ئالدى ۋە كۈمۈش چەينەكتىن بىر پىيالە چاي قۇيۇپ ئالدىمغا قويدى.

ياخشى دەملەنگەن بۇ ئىسسىق چاينى تەمشىپ تۇرۇپ ئىچتىم. مەن ئۈچۈن چاي دۇئا-تىلاۋەتتىن ئەۋزەل ئىدى. خىيالىمدىن كېچىۋاتقان بۇ پىكىرنى ئاپام بىلگەن بولسا، ھەيران قالغان بولاتتى. ئىلگىرى مەن ئاپامنى نەچچە قېتىملاپ كۆزەتكەندىم. ئۇ جەينامىزىنى پاكىز يەرگە سېلىپ، يۈزىنى مەككىگە قارىتىپ ناماز ئوقۇيتتى. ئاپامنى ئەسلەۋېتىپ كۆزۈم ئۈستەلدىكى پەرداز قۇتىسىغا چۈشتى. بۇ قۇتا بىرەر يۈز يىلنىڭ ئالدىدا سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، سىرىق كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەنىدى. ئۇنى بۈۋۈم مومام ئىشلەتكەنىكەن، كېيىن ئاپامغا، ھازىر ماڭا مىراس قالغانىدى. ئىككى پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاقىرىشقا باشلىغان بۇ چاچلىرىمنى تاراپ قويۇش ئۈچۈن رايىشەمگە ئىشارەت قىلدىم. نۇرجان بولسا تىرناقلىرىمنى كۆكۈل قويۇپ بوياشقا باشلىدى.

ئۆزئارا چىقىشىپ قالغان بۇ ئىككى خىزمەتچىم ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغاچ يېزىدىكى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشەتتى. نۇرجان توختىماي گەپ قىلاتتى. رايىشەم بولسا ئارىلاپ-ئارىلاپ سۆز قىستۇرۇپ قوياتتى. ئۇلار ئۆيىدىن

ئايرىلىپ شەھەرگە كەتمەكچى بولغان بىر ياش يىگىت ۋە يېقىندا تويى بولىدىغان بىر قىز ھەققىدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىپ كەتتى.

كېيىن ئۇلار رايىشەمنىڭ ھاممىسى تۇرىدىغان ناھىيە بازىرىغا يېقىن بىر يەردە يۈز بەرگەن قاتىللىق جىنايىتى ھەققىدە سۆزلەشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان رايىشەمنىڭ ئىنتايىن چۆچۈگەنلىكىنى سەزدىم. ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن كىشى ئىنجىل تەرغىباتچىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان ۋە ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ياش قىز بولۇپ، ئۇنىڭ جەستىنى بىر كىشى يېزىنىڭ بىر تار كوچىسىدا كۆرۈپ قاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ساقچىلار بۇ ئىشنى تەكشۈرۈۋېتىپتۇدەك.

— ئۇ ۋەقە ھەققىدە بىرەر يېڭى خەۋەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق، خانىم، — دەپ پەس ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى چاچلىرىمنى كۆكۈل قويۇپ ئۆرۈۋاتقان رايىشەم.

ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان رايىشەمنىڭ بۇ جىنايەت ھەققىدە نېمە ئۈچۈن گەپ قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم. ماڭا ئوخشاش ئۇمۇ بۇ قىزنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكىنى پەملىيەلەيتتى. ئۆلتۈرۈلگەن قىز ئەسلىدە بىر مۇسۇلمان قىزى بولۇپ، كېيىن ئۇ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان ھەمدە بۇ توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغانىكەن. قىزنىڭ قېرىندىشى ئائىلىسىنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرگەن بۇ گۇناھكارغا شۇ قەدەر نەپرەتلەنگەنلىكتىن، ئۇنى ئۆلتۈرگەنىدى. لېكىن، قاتىلغا ھېچقانداق گەپ كەلمەيتتى. بىر يىل بۇرۇن ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان يەنە بىر ئادەم بوغۇزلىنىپ ئۆرەككە تاشلىۋېتىلگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قاتىلىمۇ

تېپىلمىدى. مەن كىشىنى بىئارام قىلىدىغان بۇنداق ئىشلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ، ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم. خىزمەتچىلىرىم ئىشكاپتىن بىرقانچە يېپەك كۆينەكنى ئېلىپ كېلىپ، تاللىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ياقۇت كەشتىلەپ ئىشلەنگەن بىر كۆينەكنى كۆرسەتتىم. ئۇلار كىيىنىشىمگە ياردەملەشكەندىن كېيىن، ھۆرمەت بىلەن تازىم قىلىپ ھۇجرامدىن چىقىشىپ كەتتى.

شۇ تاپتا قۇياش ياتاق ھۇجرامغا ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرلىرىنى چېچىپ ئاپئاق تاملار ۋە پىل چىشى رەڭلىك ئۆي جاھازلىرىمنى ئاپېلسىن رەڭگە كىرگۈزگەنىدى. تارىنىش ئۈستىلىمدىكى ئالتۇن رەڭ رامكىغا ئېلىنغان بىر سۈرەتكە چۈشۈۋاتقان كۈننىڭ ئەكس نۇرى كۆزلىرىمنى قاماشتۇراتتى. غەزەپ بىلەن ئۈستەل ئالدىغا بېرىپ رەسىمنى قولۇمغا ئالدىم. ئالدىنقى كۈنى مەن ئۇنى دۈم قىلىپ قويغانىدىم. لېكىن، خىزمەتچىلىرىمدىن بىرى ئۇنى يەنە ئۆرۈپ قويغان بولسا كېرەك. رەسىمدە لوندوندىكى ھەشەمەتلىك بىر رېستوراننىڭ مەخسۇس مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان بىر ئۈستىلىدە ئولتۇرغان ۋە ئاشۇنداق ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن بىر جۈپ قىز-يىگىت ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى.

ماڭا ئۇنتۇلماس ئەلەم قىلغان بۇ سۈرەتكە ئىختىيارسىز تىكىلىپ قارىدىم. سۈرەتتىكى كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان، قاپقارا بۇرۇتلۇق، كېلىشكەن ئادەم — ئېرىم گېنېرال خالىد شەيخ ئىدى. بۇ رەسىمنى زادى نېمىشقا ساقلايمەن؟ بىر چاغلاردا ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن دەپ ئويلىغان بۇ ئادەمگە قارىغانسېرى ئىچىمدە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قوزغىلىشقا باشلىدى. ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ سۈرەتكە چۈشكەن

چېغىمىزدا خالىد پاكىستاننىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئىدى.

يېنىدىكى گۈزەل ئايال مەن ئىدىم. ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا شەھىرى بولغان بۇ رايوندا، زېمىندار ۋە ئېسىلزادىلەردىن بولغان ئائىلەم 700 يىلدىن بۇيان ئىسلام قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇنداق بىر ئائىلىنىڭ قىزى بولۇش سۈپىتىم بىلەن دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىن كەلگەن دىپلوماتلار ۋە كارخانىچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتىم. ئېلىم-بېرىم مۇئامىلىلىرى تۈپەيلى لوندون ۋە پارىژغا كۆپ باراتتىم. مانا ئەمدى ئەينەككە قارىسام، رەسىمدىكى بۇ چىرايلىق ئايال ماڭا ھېچ ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغدىكى يۇمران ۋە تولغان تەنلىرىم ئەمدى قاتماللىشىپ، پارقىراپ تۇرىدىغان قارا چاچلىرىمغا ئاق سانچىغان، خىيالچان چىرايىمغا قورۇقلار چۈشكەنىدى.

بەش يىلنىڭ ئالدىدا خالىد مېنى تاشلاپ كەتكەندىن بۇيان، رەسىمدىكى بۇ ھايات سولۇپ نابۇت بولغانىدى. تاشلىۋېتىلىشىنىڭ نومۇسىدا پارىژ، لوندون ۋە راۋالپىندىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە جايلاشقان بۇ چوڭ، كۆركەم ۋە جىمجىت ئائىلەمگە قايتىپ، ئۆزۈمنى پىنھان ئۆيلەرنىڭ دالدىسىغا ئالغانىدىم. ئۆي-ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كەڭ زېمىن ئاشۇ بەختلىك بالىلىق دەۋرىمنى ئۆتكۈزگەن، ئانچە چوڭ بولمىغان ۋاھ يېزىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يېزىنىڭ ئەتراپى ئەسىرلەر بويى ئائىلىمىز تەرىپىدىن تىكىلگەن مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە گۈل گىياھلار بىلەن ئورالغانىدى. راۋاقلىرى، پېشايۋانلىرى ۋە كەڭتاشا ھۇجرىلىرى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەشەمەتلىك سارايلىرىمىز، كۈن چىقىش تەرەپتىكى چوققىلىرى قارلار بىلەن قاپلانغان ئاشۇ ئېگىز

سافەت تاغلىرىدەك قەدىمىي ئىدى.

دۇنيادىن ئالاقەمنى ئۈزۈشنى خالايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاھ يېزىسىنىڭ سىرتقا جايلاشقان ئائىلىمىزگە تەۋە بۇ كىچىككىرەك بىناغا ئورۇنلاشتىم. بۇ بىنا 80 مو ئۆپچۆرىسىدە كېلىدىغان باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرىدىغان بىر داچا ئىدى. ئۈستۈنكى قەۋەتتە ياتاق ھۇجرىلىرى، ئاستىنقى قەۋەتتە بولسا ئارام ئېلىش ئۆيى، ئاشخانا ۋە مېھمان كۈتۈش ئۆيلىرى بولۇپ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك جاي ئىدى، يەنى ئارزۇ قىلغىنىمدىنمۇ ياخشى ئىدى. بۇ داچىغا دەسلەپ كەلگىنىمدە يوغان باغچىنىڭ پەرۋىشسىز تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئالدى بىلەن باغچىنى تۈزەشتۈردۈم. شۇنداق قىلىپ دەرد-ئەلەملىرىمنى باغچىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا كۆمۈۋەتتىم. بۇ 80 مو زېمىننىڭ بىر قىسمىنى تام بىلەن ئايرىپ، ئۇ يەرگە گۈل تېرىپ ئەپچىل بىر باغچە قىلىپ، قالغان قىسمىنى ئۆز پېتىچە قالدۇردۇم. باغچەم شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان بىرنەچچە بۇلاقلىرى بىلەن ئاستا-ئاستا مېنىڭ خاس دۇنيايىم بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، 1966-يىلى شەھەر تۇرمۇشىدىن ئادا-جۇدا بولۇپ، خۇددى گۈل-گىياھلار ئارىسىغا ئۇۋا قۇرغان قۇشتەك بۇيەردە تەنھا بىر كىشى بولۇپ داڭ چىقاردىم.

كۆزلىرىمنى قولۇمدىكى ئالتۇن رەڭ رامكا ئىچىدىكى رەسىمدىن ئۈزۈپ، ئۇنى يەنە ئۈستەلگە دۈم قىلىپ قويۇپ، ياتاق ھۇجرامنىڭ دېرىزىسىدىن يېزىغا نەزەر سالدىم.

ۋاھ... ، ئەسلىسەم كۆڭلۈمدە بىر خۇشاللىق ئويغىناتتى. نۇرغۇن يىللارنىڭ ئالدىدا، بۇ يەر كىچىك بىر يېزا بولۇپ، رىۋايەتلەردىكى موغۇل شاھى ئەكبەر بۇ يەردىن ئۆتكەن ۋە دەم ئېلىش ئۈچۈن باغچىمىزدىكى بۇلاق بويىدا كارۋانلىرى بىلەن

قونغانىكەن. ئۇ بۇ مەنزىرىلىك يەرلەرنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئوقۇغان ۋە بىر توپ سۆگەتنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ خۇشاللىق ئىچىدە ۋاھ! دېگەنىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يېزىنىڭ نامى ۋاھ دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن.

گەرچە بۇ گۈزەل مەنزىرىلىك ماكانىمىزدىن پەخىرلەنسەممۇ، لېكىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئويلىسام كۆڭلۈم غەش بولاتتى.

دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ شۇ كۆڭۈل غەشلىكىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ ئىشلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشتىم. قۇياش ئۆرلەپ ئەتراپنى ئىسسىتىشقا باشلىدى. ئاخشامقى ئىش گەرچە راست بولسىمۇ، ھەر ھالدا قارا باسقان چۈشتەك كاللامدىن يىراقلاۋاتاتتى. دېرىزەمنىڭ ئاق پەردىسىنى بىر ياققا قايرىپ، ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادىن نەپەسلەندىم.

ھويلىدىن سوپۇرگە ئاۋازى ئاڭلاندى. تاماق ئېتىش ئۈچۈن يېقىلغان ئوتۇننىڭ ئىسى دىماغلىرىمغا ئۇرۇلاتتى، سۇ تۈگمىنىدىن كەلگەن تاراق-تۇرۇق ئاۋازلار قۇلىقىمغا يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆڭۈل ئازادىلىكى ماڭا ئاراملىق بەخش ئېتەتتى. قەدىمكى يۇرتۇم بولغان بۇ ۋاھ يېزىسىدا تۇرسام كۆڭلۈم ئارام تاپاتتى. بۇ جاي مۇندىن 700 يىل مۇقەددەم شاھزادە ناۋاب مۇھەممەد ھايات خاننىڭ ئىگىدارچىلىقى ۋە ئۇنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يەر ئىدى. بىز ئۇنىڭ نەسلىدىن ئىدۇق. ئائىلىمىز ھىندىستاندا ۋاھ يېزىسىنىڭ ھايات ئائىلىسى دەپ نام چىقارغانىدى. ئەسىرلەر ئىلگىرى پادىشاھلارنىڭ كارۋانلىرى چوڭ غول يولدىن ئۆتكەندە بۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىمنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتۈشىدىكەن. ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان بۇ كارۋان يولىدا ماڭغان ياۋروپالىق ۋە ئاسىيالىق نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ

بۇ يەردە قونۇپ، ئائىلىمىزنى يوقلاپ ئۆتىدىغانلىقىنى بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ ئاڭلاپ كەلگەنىدىم. مانا ئەمدى ئۆيۈمگە پەقەت ئائىلەمدىكىلەر ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزلا كېلىشىدۇ. دەرۋەقە ئائىلىمىزدىكىلەردىن باشقا كىشىلەرنى ئانچە كۆرمەيتتىم. لېكىن، بۇنىڭدىن ئانچە زېرىكمەيتتىم. چۈنكى، ئۆيۈمدە ئىشلەيدىغان ئون تۆت خىزمەتچىمىنىڭ ھەمراھلىقى ماڭا يېتىپ ئاشاتتى. بۇ خىزمەتچىلەر ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ، ئەسىرلەر بويى ئائىلىمىزدە خىزمەت قىلىپ كەلگەنىدى. بولۇپمۇ، ئەڭ مۇھىمى نەۋرەم ماخمۇدنىڭ يېنىمدا بولۇشى ئىدى.

ماخمۇد تۆت ياش بولۇپ، ئانىسى تونى ئۈچ بالامنىڭ كەنجىسى ئىدى. زىلۋا بويلۇق ۋە يېقىملىق كەلگەن تونى راۋالپىندى شەھىرىنىڭ يېنىدىكى مۇقەددەس ئائىلە دوختۇرخانىسىدا دوختۇر ئىدى. ئېرى داڭلىق باي ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئائىلە تۇرمۇشىدا چىقىشالماي، بىر-بىرىدىن يىلدىن-يىلغا يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. تونى ئۇزۇندىن بۇيانقى چىقىشالماسلىق تۈپەيلى ئېرى بىلەن يېڭىباشتىن چۈشىنىش ھاسىل قىلغىچە ماخمۇدنى مېنىڭ بېقىپ بېرىشىمنى سورىدى. بىر كۈنى تونى بىلەن ئېرى مېنى يوقلاپ كەلدى. ئارىسىدىكى ئۇقۇشماسلىق بىر تەرەپ بولغۇچە ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن ماخمۇدنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى.

مەن — ياق، ئۇنىڭ چويلا تويقا ئوخشاش بىر دەم سىلەرگە بىر دەم ماڭا تاشلىنىشى ياخشى ئەمەس، لېكىن مەن ئۇنى بالا قىلىپ، ئۆز ئوغلۇمدەك بېقىشقا تەييارمەن — دېدىم. ئەپسۇسكى، تونى بىلەن ئېرى ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى ھەل قىلالماي، ئاخىرى ئاجرىشىپ كەتتى. تونى ماخمودنى مېنىڭ

بېقىۋېلىشىمغا ماقۇل بولدى. ھازىر ھەممە ئىش جايىدا كېتىۋاتاتتى. تونى پات-پات ماخمۇدنى كۆرگىلى كېلەتتى. قالغان ئىككى بالام بىزدىن يىراقتا تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۈچىمىز ئىناق دوستلۇق ئورناتقاندۇق.

ماخمۇد بادام كۆچەتلىرىنىڭ تېگىدىكى خىشتىن ياسالغان سۇپىدا ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتى بىلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئالدىمغا كەلگىلى ئۈچ يىلدىن ئاشقان بۇ تېتىك، قوي كۆز، پىستە بۇرۇن چىرايلىق بالا ھاياتىمنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىق مەنبەسى ئىدى. ئۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكىلىرى بۇ قەدىمكىي، جىمجىت ۋە كۆڭۈلسىز ئۆيىنى جانلاندۇرۇپ تۇراتتى. لېكىن، ماڭا ئوخشاش غەمكىن بىر كىشى بىلەن بىللە ياشاش ماخمۇدتا بىرقانداق تەسىر قالدۇرۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشاتتىم. ئۇنى كىيىندۈرۈش، ئويۇنچۇقلىرىنى تەييارلاش ۋە ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئويۇنچۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ئون بىر خىزمەتچىمدىن باشقا ئۇنىڭغا مەخسۇس ئۈچ خىزمەتچى ئاجراتتىم.

شۇنداقتىمۇ ماخمۇدتىن يەنە ئەنسىرەپ تۇراتتىم. ئۇ يېقىندىن بۇيان تاماق يېمەس بولۇپ قالغانىدى. بۇ نورمالسىز ئەھۋال ئىدى. بىچارە بالا ئادەتتە ئاشخانىغا ئۆزى كىرەتتى، ئاشپەزلەرگە يالۋۇرۇپ شېكەرلىك قاتلىما ياكى باشقا يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يەيتتى. بۈگۈن كۈندىكىدىن بۇرۇنراق پەسكە چۈشۈپ، پېشايۋانغا چىقتىم. شاكىچىك نەۋرەم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن خىزمەتچىدىن ئۇنىڭ بىر نەرسە يېگەن-يېمىگەنلىكىنى سورىدىم.

— ياق، خانىم، ئۇ يېگىلى ئۇنىمىدى — دېدى خىزمەت-

چى. ماخمۇدنى بىر نەرسە بىيىشكە زورلىدىم، لېكىن بالا قورسىقى ئاچمىغانلىقىنى ئېيتىپ، يىگىلى ئۇنىمىدى.

بىرئازدىن كېيىن مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى كۆرگەن نۇرجان يېنىمغا كېلىپ قورۇنغان هالدا، ماخمۇدنى جىنلار بىئارام قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا بىرنېمىلەر دېدى. بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى. ئاخشامقى تىنىمنى جۇغۇلداتقان ۋەقەنى ئەسلەپ، نۇرجانغا ئالىيىپ قارىدىم. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ماخمۇدنى يەنە تاماققا زورلىدىم، لېكىن كار قىلمىدى، هەتتا شۇئىتساريېدىن مەخسۇس كەلتۈرۈلگەن شاكىلاتقىمۇ قاراپ قويمىدى. شاكىلات قۇتىسىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقىنىمدا ئۇ بۇلاقتەك كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ:

— بۇنى ياخشى كۆرەتتىم ئاپا، بىراق ياتقاندا گېلىمنى قىچىشتۇرىدىكەن — دېدى. هەمىشە شوخ-تېتىك شاكىچىك نەۋرەمنىڭ بۇ هالىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى.

دەرهال شوپۇرۇم مەنسۇرنى چاقىرتتىم ۋە ماشىنىنى تەييار قىلىشنى بۇيرۇدۇم. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتمەي ماخمۇدنىڭ راۋالپىندىدىكى دوختۇرنىڭ يېنىغا يېتىپ باردۇق. بالىلار دوختۇرى ماخمۇدنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈردى، لېكىن بىرەر كېسەل ئالامىتى تاپالمىدى.

دوختۇردىن قايتقىنىمىزدا ئىچىمنى بىر خىل تەشۋىش چىرمىۋالدى. يېنىمدا جىمجىت ئولتۇرغان نەۋرەمگە قاراپ ئەندىشە قىلاتتىم. نۇرجاننىڭ ئېيتقانلىرى توغرىمىدۇ؟ ئەجەبا، بالىغا جىن چاپلاشقانمىدۇ؟ بالىنىڭ بوينىغا قولۇمنى تەگكۈزۈپ باقتىم. بۇنداق خىياللارغا كاللامدىن ئورۇن بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆز-ئۆزۈمگە كۈلگۈم كەلدى. بىر چاغلاردا دادام ماڭا مۆجىزىلەر يارىتالايدىغان بىر مۇسۇلمان توغرىسىدا رىۋايەتلەر سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا بۇ رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ

قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەندىم. بۇ كۈلكەم دادامنى خاپا قىلىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رىۋايەتلەر مەندە باشقىچە بىر ئىنكاس قوزغىيالمىغانىدى. مەن ماخمۇدنى چېلەك قۇچاقلاپ كېلىۋېتىپ، ماشىنا چوڭ يولدىن كوچىمىزغا بۇرۇلغاندا، ئەقلىمگە سىغمايدىغان ھېلىقى ئويۇمنى مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدىم. ماخمۇدنىڭ تاماق يېمەس بولۇپ قېلىشى باغچىدىكى ھېلىقى تۇمان بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ-يا؟

ئەندىشىلىرىمنى نۇرجانغا ئېيتتىم، ئۇ تىرناقلىرى بويالغان بارماقلىرى بىلەن بويىنىنى سىلاپ تۇرۇپ، يېزىنىڭ موللىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، ماخمۇدقا دۇئا ئوقۇتايلى ۋە باغچىغا دەم سۈيى چاچقۇزايلى، دەپ يالۋۇردى. ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئويلىنىپ قالدىم. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي تەلىملىرىگە يەنىلا ئىشىنەتتىم. لېكىن ئۆتكەن بىرنەچچە يىل ئىچىدە ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە تاھارەت ئېلىشقا ئوخشاش ئادەتلەردىن ئاستا-ئاستا قالغانىدىم. لېكىن، ماخمۇدنىڭ ئەھۋالىدىن پەيدا بولغان قايغۇلىرىم بۇ ھەقتىكى گۇمانىي قاراشلىرىمنى يەڭدى. نۇرجاننى مەسچىتكە بېرىپ موللىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم.

ئەتىسى ماخمۇد بىلەن دېرىزەمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ موللىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۇق. ئاخىرى موللىمۇ كۆرۈندى. ئۇ كونىراپ كەتكەن تار پېرىجىسىنى كۈزنىڭ سوغۇق شامىلىدا لەپىلدىتىپ كېلىۋاتاتتى. پېشايۋاننىڭ پەلەمپىيىدىن ئالدىرىماي چىقىۋاتقان بۇ موللىنى چاقىرتقانلىقىم ئۈچۈن بىر تەرەپتىن پۇشايمان قىلسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تېزراق ماڭمىغانلىقىغا تېرىكەتتىم.

نۇرجان ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالغان بۇ قېرى ئادەمنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. موللا قۇرئاننى ئاچقاندا

ماخمۇد ئۇنىڭغا ئەندىشىلىك بىلەن كۆز تىكىپ تۇراتتى. موللىنىڭ چىرايى قولىدىكى قۇرئانغا جىلتا قىلغان قۇرۇق تېرىگە ئوخشايتتى. ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز قاپاقلىرى ئارىسىدىن ماڭا قاراپ قويدى. ئارىدەك قوللىرىنى ماخمۇدنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئەلەف سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ، مەيلى كېسەللەرگە دۇئا ئوقۇغاندا ياكى مۇھىم بىر تىجارەتكە كىرىشكەندە ھەربىر مۇسۇلمان يادقا ئوقۇيدىغان سۈرە ئىدى. كېيىن موللا قۇرئاندىن باشقا سۈرىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى.

قۇرئان ئەرەبچە ئوقۇلاتتى. چۈنكى، خۇدا ئۆزى پەرىشتىسى ئارقىلىق مۇھەممەد پەيغەمبەرگە نازىل قىلغان دېيىلىدىغان بۇ سۆزلەرنىڭ باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىنىشى خاتا دەپ قارىلاتتى. مەن تاقەتسىزلىنىپ، ئايىغىم بىلەن تېزراق تۈگىتىش ئىشارىتى قىلغان بولسام كېرەك، موللا قۇرئاننى ماڭا ئۇزىتىپ:

— خانىم، بۇ سۈرىلەرنى سىزمۇ ئوقۇشىڭىز لازىم، — دېدى. ئۇ، قايغۇغا مۈپتىلا بولغانلار قايتا-قايتا ئوقۇيدىغان ئەل فەلەق بىلەن ئەن ناس سۈرىلىرى ھەققىدە چۈشەندۈرۈپ:

— سىزمۇ بۇ سۈرىلەرنى قايتا-قايتا ئوقۇشىڭىز لازىم، — دېدى.

— ياق، خالىمايمەن، — دېدىم، — خۇدا مېنى ئۇنتۇدى، مەنمۇ ئۇنى ئۇنتۇدۇم — دېدىم. قېرى موللىنىڭ ئالىيىپ قاراشلىرىدىن، ئۇنى خاپا قىلىپ قويغانلىقىمنى سېزىپ، كۆڭلۈم بىرئاز يۇمشىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بۇ يەرگە مېنىڭ تەلپىم ۋە ماخمۇدنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كەلدىغۇ. كونىراپ كەتكەن قۇرئاننى قولۇمغا ئېلىپ، خوپ دەپ تەۋەككۈلگە ئىچىلغان يېرىدىن كۆزۈمگە چېلىققان مۇنۇ

ئىككى ئايەتنى ئوقۇدۇم:

«مۇھەممەد خۇدانىڭ ئەلچىسىدۇر ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولغۇچىلار ئېتىقادسىزلارغا قارشى شەپقەتسىزدۇر...»

ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىزنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن سەل كېيىن باغچەمدە يۈز بەرگەن غەلىتە تۇمان ۋە ماخمۇدنىڭ ئېنىقلانمىغان كېسىلىنى ئويلىدىم. ئەجەبا، بۇلار بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ؟ ياكى بىر ئىلاھىي قۇدرەت ماخمۇد بىلەن ئىككىمىزنى ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان بىرسى بىلەن ئالاقىسى بار دەپ رەنجىۋاتقانمىدۇ؟ شۇلارنى خىيال قىلىپ تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى.

مولللىنىڭ كۆڭلى تويغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ مېنىڭ گۇمانىي قاراشلىرىمغا پەرۋا قىلماي، ئۇدا ئۈچ كۈن كېلىپ ماخمۇدقا قۇرئان ئوقۇپ دەم سالدى. بىئارام بولغىنىمغا قارىماي، مېنى تەئەججۈپلەندۈرگىنى شۇكى ماخمۇد ساقىيىپ قالدى.

مانا بۇ ۋەقەلەرنى قانداق چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك؟ يېقىندىن بېرى ئويلىنىشقا باشلىدىم. بۇ ۋەقەلەر مېنىڭ ئىرادەمگە باقماي، ئۆمرۈم بويى كۆنۈپ كەتكەن تۇرمۇش ئادىتىمنى ئۆزگەرتمەكتە ئىدى.

# دىققەتنى قوزغايدىغان كىتاب

شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، قۇرئاننى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئېھتىمال ئىچىمدىكى بوشلۇقنى تولدۇرار ۋە ئۆتكەنكى ۋەقەلەرنى يېشىپ بېرەر، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئوقۇسام كېرەك. دەرۋەقە، بۇ كىتابتىن ئائىلە ۋە تۇرمۇش مەسىلىلىرىمگە قارىتا نۇرغۇن جاۋابلارنى تاپتىم.

توغرا، قۇرئاننى بۇرۇن ئوقۇغانىدىم. بۇ مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇيالايدىغان بولۇش ئۈچۈن، ئەرەبچىنى قانچە يېشىمدا ئۆگىنىشكە باشلىغانلىقىمنى ئاي-كۈنلىرىگىچە ئەسلىيەلەيتتىم. مەن، تۇغۇلۇپ تۆت يىل، تۆت ئاي، تۆت كۈن بولغاندا ئەرەبچىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ھەربىر مۇسۇلمان بالىسى بۇ ياشتا ئەرەبچە ئېلىپبەنى ئۆگىنىشكە باشلايتتى. ئائىلەم ئۇ كۈننى مۇبارەكلەش ئۈچۈن چوڭ بىر زىياپەت بەرگەنىدى ۋە زىياپەتكە پۈتۈن دوستلىرىمىز چاقىرىلغانىدى. بۇ مەخسۇس مۇراسىمدىن كېيىن يېزا موللىسىنىڭ قۇشناچىمى ماڭا ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئۆگىتىشكە باشلىغانىدى.

ئۇ كۈننى ئويلىسام ھەممىدىن بەك پاتىخ تاغامنى ئەسلەيمەن. بىز باللار ئۇنى پاتىخ چوڭ دادا دەيتتۇق، ئۇ مېنىڭ ئۆز تاغام ئەمەس ئىدى. پاكىستاندا بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئۇرۇق-جەمەتلىرى تاغا، ھامما دەپ ئاتىلاتتى. پاتىخ تاغام ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىمىزدىن بىرى ئىدى. مىلادى 610-يىلىدىكى مەشھۇر شىۋقەدىر كېچىسى پەرىشتە جەبرائىل قۇرئاننىڭ سۆزلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە يەتكۈزۈشكە باشلىغان... بۇ ۋەقەنى يەنە ئاڭلىغىنىمدا قاڭشابۇرۇن، تەبەسسۇم چىراي، ھېسسىياتلىق بۇ تاغامنىڭ ماڭا سەپ

سېلىپ قاراپ كەتكىنى ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. قۇرئاننى يەتتە يىل ئوقۇدۇم، قۇرئاننى تاماملىغان چېغىمدا ئائىلەم يەنە بىر زىياپەت بەردى.

ئۇ كۈنلەردە قۇرئاننى پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئوقۇغاندىم. لېكىن، ئەمدى ئىچىمدە بىر ھېسسىيات مېنى ئۇنىڭ ۋاراقلىرىدىن بىر نەرسىلەرنى ئىزدەشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئاپامدىن قالغان قۇرئاننى ئالدىم ۋە ئاپئاق كىرلىكلەر تارتىلغان كارىۋىتىمدا سوزۇلۇپ يېتىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. ھىرا تېغىدىكى ئۆڭكۈردە تەنھا ئولتۇرغان مۇھەممەد پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن بىرىنچى ئايەتنى ئوقۇدۇم:

«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتتى. بىلمىگەننى بىلدۈردى ئىنسانغا».
(96ـسۈرە، 1ـ، 2ـ ئايەت)

بۇ سۆزنىڭ كارامەتلىكىدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى ئاز قالدىم. كېيىن، كىتابنى يەنە بىر ئاز ئوقۇغىنىمدا، مېنى بىئارام قىلىدىغان بەزى سۆزلەرنىمۇ ئۇچراتتىم:

«سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ... ئۇلار بىلەن جىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن جىرايلىقچە ئۈزۈلۈشىپ كېتىڭلار»

ئېرىم مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كەسكىنلىك ۋە سوغۇققانلىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا مەن ئىچىمدىن تۈگىشىشكە باشلىغاندىم. بىللە ئۆتكۈزگەن شۇ كۈنلەر نەگە كەتتى؟ ئۇ

يىللارنى ئەرزىمەس قىلىپ بىر ياقىقا قايرىپ قويۇشقا بولامدۇ؟ قۇرئاندا يېزىلغىنىدەك، مېنىڭ ئەجىلىم توشقانمىدۇ؟

ئەتىسى ھېلىقى ئىرماش-چىرماش يېزىلغان ئەرەبچە ھەرپلەر ئارىسىدىن زۆرۈر ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈمىدىدە، قۇرئاننى يەنە قولۇمغا ئالدىم، لېكىن ئىزدىگىنىمنى تاپالمىدىم. ئۇنىڭدىن پەقەت ھاياتلىق توغرىسىدىكى يولىيورۇقلار ۋە باشقا دىنلارغا قارشى ئاگاھلاندۇرۇشلارنى تاپتىم.

قۇرئاننى بىرنەچچە كۈن مانا شۇنداق ئوقۇدۇم. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كىتابنى قويۇپ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، كۆڭلۈمنى ئېچىش ئۈمىدى بىلەن باغچىغا چىقتىم. يىلنىڭ بۇ پەسلىدىمۇ باغچەم بۈككىدە يېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، ئۇيەر-بۇيەردە بەزى گۈللەر تېخى ئېچىلىپمۇ تۇراتتى. كەچكۈز بولسىمۇ بۇگۈن ھاۋا ئىسسىق ئىدى. باللىق چېغىمدا دادام بىلەن بىللە ماڭغان مۇشۇ باغچە يوللىرىدا ئەمدى ماخمۇد يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. شۇئان دادام كۆز ئالدىمغا كەلدى: دادام لوندوننىڭ ساۋىللى روۋ كوچىسىدىن سېتىۋالغان يارىشىملىق ئەنئەنىۋى ئىنگلىزچە كاستوم بۇرۇلكىسى ۋە ئاق سەللىسى بىلەن بىر دۆلەت باشلىقىدەك سالاپەتتە يېنىمدا ماڭاتتى. كۆپ چاغلاردا ئۇ مېنى بىلىقىز سۇلتان دېگەن ئىككى ئىسىم بىلەن چاقىراتتى. بۇ ئىسىمنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى دادام بىلەتتى. بىلىقىز سەباخانىشنىڭ ئۆز ئىسمى ئىدى. سۇلتان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ھەممە كىشى بىلەتتى.

دادام بىلەن ئارىمىزدا نۇرغۇن ياخشى سۆھبەتلەر بولاتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېڭى قۇرۇلغان ۋەتىنىمىز پاكىستان ھەققىدە سۆھبەتلىشىشكە تېخىمۇ قىزىقاتتى. دادام

ۋەتىنىدىن مەمنۇن ئىدى. پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى جەنۇبىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۇرتى بولۇش ئۈچۈن قۇرۇلدى دەيتتى. ئۇ يەنە مەملىكىتىمىز نوپۇسىنىڭ 96 پىرسەنتى مۇسۇلمان، قالغانلىرى بۇددىست، خرىستىئان ۋە ھىندى مۇرتلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، دۇنيا بويىچە ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن بىرى بىز دەيتتى.

باغچەمنىڭ دەرەخلىرى ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، گۈل-چىچەكلەرگە پۈركەنگەن يىراقتىكى تۆپىلىكلەرگە قاراپ ئۇلۇغ كىچىك تىندىم. دادامنىڭ يېنىدا ھەمىشە تەسەللى تاپاتتىم. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولالىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىنتايىن تېز ئۆزگەرگەن سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە سۆزلىشىپ، ئۆز پىكىرلىرىمنى چۈشەندۈرەتتىم. ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل ۋە سىپايە ئادەم ئىدى. بىراق ئۇ ھازىر يوق. ئۇ ھازىر لوندوندىكى بىروكۋۇد مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىدا. قەبرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان كۆڭلۈمنى ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن. ئۇ لوندونغا ئوپېراتسىيە قىلدۇرغىلى بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلۈمگە ئامال تېپىلمىغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى بويىچە جەسەت ئەڭ كېچىككەندە بىر سوتكا ئىچىدە دەپنە قىلىنىشى كېرەك ئىدى. قەبرىستانغا يېتىپ بارغىنىمدا ساندۇق قەبرىگە چۈشۈرۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. دادامدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا زادى ئىشەنمەيتتىم. چىرايىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تاۋۇتنى ئېچىپ بەردى. تاۋۇتتىكى بوز رەڭگە كىرگەن جەسەت مېنىڭ داداممىدۇ؟ تاۋۇتنىڭ قاپقىقىنى يېپىپ بۇرما مىخ بىلەن مىخلاشقا باشلىغاندا، نەم تاختايغا كىرىۋاتقان بۇرما مىخنىڭ ھەربىر بۇرۇلۇشى گويا يۈرىكىمنى بۇرمىلىغاندەك تۇيۇلاتتى.

يەتتە يىلدىن كېيىن ماڭا ناھايىتى ئامراق ئاپاممۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، بۇ دۇنيادا يالغۇز قالدىم.

كۈن ئولتۇرۇپ، باغچەمدىكى كۆلەڭگىلەر ئۇزۇراشقا باشلىغاندا تېخىمۇ خىيالغا پاتتىم. بىراق، بۇ خىياللار ماڭا تەسەللى ئەمەس، دەرد-ئەلەمدىن باشقا نەرسە بەرمەيتتى. يىراقتىن شامغا ئەزان ئېيتقان مەزىننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورۇنلىشىپ كەتكەن بۇ سادا ئىچىمدىكى يالغۇزلۇق تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتتى.

ئەزاننىڭ جاراڭلىق ساداسىغا قۇلاق سېلىۋېتىپ،

— ئەي خۇدايىم، سەن ۋەدە قىلغان تەسەللى قەيەردە؟ زادى قەيەردە؟ — دەيتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە.

ئۇ كېچە ياتاق ھۇجرامدا ئاپامدىن قالغان قۇرئاننى يەنە قولۇمغا ئالدىم. قۇرئاندىن ئىلگىرى يېزىلغان تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلغا دائىر سۆزلەرنى ئوقۇپ تەسىرلەندىم. ھەمدە بەزى پىكىرلىرىمگە جاۋابنى شۇ كىتابلاردىن تېپىشىم كېرەكمىدۇ-يا دەپ ئويلىدىم.

ئەگەر شۇنداق بولسا، ئىنجىلنى ئوقۇشۇم كېرەك ئىدى. ئىنجىلدە خۇدا ھەققىدە قانداق چۈشەنچىلەر باردۇ؟ ئەيسا پەيغەمبەر ھەققىدە نىملەر يېزىلغاندۇ؟ ئوقۇسام ئەلۋەتتە بىلگەن بولاتتىم.

لېكىن يەنە بىر مەسىلە بار ئىدى. ئىنجىلنى نەدىن تاپارمەن؟ بۇ رايوننىڭ ھېچقانداق دۇكىنىدا ئىنجىل تېپىلمايتتى.

مەن ئۇنى دىن تەرغىباتچىلىرىدىن سوراشنى خالىمىدىم. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ مەسخىرە قىلىدىغان ئوبيېكتىمىز ئىدى. ئۇلارنى كەمبەغەل-يالاڭتۆشلەرنىڭ ھامىلىرى دەيتتۇق. بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان

شوپۇرۇم مەنسۇر باغچەمنى بەزى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن مەندىن رۇخسەت سورىغانىدى. ئۇ دېگەن كىشىلەر مۇشۇ يېزىدا تۇرىدىغان ۋە باغچەمنى سىرتتىن كۆرۈپ ھەۋەس قىلىپ يۈرگەن مەلۇم بىر دىن تارقاتقۇچى ئەر-ئايال ئىدى.

بىچارە مەنسۇرنىڭ بۇ كىشىلەرگە باغچەمنى نېمانچە كۆرسەتكىسى كېلىپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەنىدىم. ئۇچاغدا گويا ئۇنىڭغا بىر نەرسە ھەدىيە قىلىۋاتقاندەك، ئەلۋەتتە بولىدۇ دېدىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئامېرىكىلىق بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇنىنىڭ باغچەمدە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى مېھمانخانامنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈپ قالدىم. مەنسۇر ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرىنىڭ مىچەل ئەپەندىم ۋە مىچەل خانىم ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ چاچلىرى قوڭۇر رەڭ، كۆزلىرى ئوچۇق زەڭگەر بولۇپ، ئاددىي ياۋروپا كىيىملىرى كىيىشكەنىدى. نېمىدېگەن سەت مەخلۇقلار بۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇنداقتىمۇ، خالىسا ئۇلارغا گۈل ئۇرۇقىدىن بىرئاز بەرسۇن دەپ باغۋەنگە خەۋەر قىلدىم.

ئۇلار ھەققىدە شۇنداق ئويلاۋېتىپ، ئىنجىلنى قانداق تېپىش مەسىلىسىنى ئېسىمگە ئالدىم. بۇ ۋەزىپىنى مەنسۇر ئورۇندىيالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرماقچى بولدۇم.

ئەتىسى مەنسۇرنى ھۇجرامغا چاقىرتتىم. ئۇ ئاق بۇرۇلكا كىيگەن ھالدا ئالدىمدا ھازىر بولدى.

— مەنسۇر، ماڭا ئىنجىلدىن بىرنى تېپىپ بەرسەڭچۇ، — دېدىم.

— ئىنجىل دەمسىز! — ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى ئېغىر بېسىق تۇتۇپ:

— شۇنداق، — دېدىم. ئۇنىڭ خەت ساۋاتى

بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئىنجىل كىتابىنىڭمۇ يوقلىقىغا ئىشىنەتتىم، لېكىن بىر يەردىن تاپالايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ چۈشىنىكسىز بىر نىمىلەرنى دەپ غودۇڭشۇۋاتقاندا مەن تەلىپىمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم:

— مەنسۇر، ماڭا بىر ئىنجىل تېپىپ بەرگىن.

ئۇ ئاخىرى تەلىپىمنى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تازىم قىلىپ يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئىنجىقلايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتىم. مەنسۇر رايىشەمدەك يۈرەكلىك ئەمەس ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلگەن قىزنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئاددىي بىر يول سۈپۈرگۈچىگە ئىنجىلنى بېرىش بىر مەسىلە، يۇقىرى قاتلامدىكى بىر كىشىگە ئىنجىلنى بېرىش بولسا، يەنە بىر مەسىلە ئىدى. بۇ خەۋەر تارقىلىپ كەتسە، ئۇلار بالاغا قالاتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن تۈننى يوقلاش ئۈچۈن مەنسۇر مېنى ماشىنا بىلەن راۋالپىندىگە ئېلىپ باردى. يولدا كېتىۋېتىپ مەن ئۇنىڭدىن:

— مەنسۇر، ئىنجىل قېنى؟ — دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ رول تۇتقان قوللىرى تىترەشكە باشلىدى.

— ئەكىلىمەن، خانىم، — دېدى ئۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئۆيگە چاقىرتتىم.

— مەنسۇر، ماڭا ئىنجىلدىن بىرنى تېپىپ بەر، دەپ ساڭا قانچە قېتىم ئېيتتىم. تېخىچە ئەكەلمىدىڭ، — دېدىم، ئۇنىڭ چىرايى جىددىيلىشىشكە باشلىدى.

— يەنە بىر كۈن سۈرۈك بېرەي، ئەگەر كىتاب ئەتە قولۇمغا تەگمىسە سېنى ئىشتىن ھەيدىۋېتىمەن، — دېدىم.

ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ قورۇق پوپوزا قىلمىغانلىقىمنى بىلەتتى. ئۇ دەرھال كەينىگە

بۇرالدى-دە، شوپۇرلۇق ئۆتۈكلىرىنى مەرمەر پول ئۈستىدە تاقىلدىتىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى تونى مېنى يوقلاپ كېلىشتىن ئىلگىرى مېھمانخانامدىكى ئۈستەلدە قاچان، قەيەردىن كېلىپ قالغانلىقى نامەلۇم بىر ئىنجىلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىدىم. كىتاب ئەرزان كۆلرەڭ رەخت بىلەن مۇقاۋىلانغان بولۇپ، پاكىستاندا قوللىنىلىدىغان ئۇردۇ تىلىدا يېزىلغان نۇسخىسى ئىدى. يۈز سەكسەن يىلنىڭ ئالدىدا بىر ئىنگلىز تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇ كىتابنىڭ كونىچە سۆز ۋە جۈملە تۈزۈلۈشلىرىنى چۈشىنىش تەس ئىدى. مەنسۇر ئۇنى بىر دوستىدىن ئالغان بولسا كېرەك.

كىتاب بىرئاز تۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا يېڭى ئىدى. كىتابنىڭ نېپىز ۋاراقلىرىنى ئانچە-مۇنچە ۋاراقلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدۇم. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن تونى كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ماخمۇد خۇشال كۈلۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ بىر ئويۇنچۇق ئەكىلىشىنى كۈتكەندى. دېگەندەك بىرئازدىن كېيىن ئۇ قولىدا يېپيېڭى بىر ئويۇنچۇق ئايروپىلاننى كۆتۈرۈپ، يۈگۈرگەن پېتى ئەينەكلىك ئىشىكتىن ئۆتۈپ پېشايۋانغا چىقتى. تونى ئىككەيلەن چايغا ئولتۇردۇق.

چاي ئىچىۋېتىپ تونىنىڭ كۆزى يېنىمدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان ئىنجىلغا چۈشتى. ئۇ بىردىنلا،

— بۇ ئىنجىلمۇ، قېنى ئۇنى كۆرۈپ باقايلىچۇ، ئۇنىڭدا نېمىلەر دېيىلگەنكى، — دېدى. مەن بۇ كىچىك ھەجىملىك ئىنجىلنى تەۋەككۈلگە ئېچىپ قارىدىم. ئۇنىڭ ئوڭ بېتىنىڭ ئاستى تەرەپ ئوڭ بۇرجىكىدىكى بۇ سۆزلەر دىققىتىمنى تارتتى. مەن ئۇنى ئىچىمدە ئوقۇدۇم.

خۇدا شۇنداق دېگەندى:

«بۇرۇن خەلقىم بولمىغاننى خەلقىم، سۆيۈملۈكۈم بولمىغاننى سۆيۈملۈكۈم دەيمەن. بۇرۇن ئۇلار خەلقىم ئەمەسسلەر دېيىلگەن بولسا، كەلگۈسىدە ئۇلار ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان خۇدانىڭ ئوغۇللىرى دەپ ئاتىلىدۇ». (ئىنجىل: «رىملىقلار» 9-باب 25-، 26- ئايەت)

دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ، تىترەپ كەتتىم. بۇ ئايەتلەر نېمە ئۈچۈن مېنى شۇنچە تەسىرلەندۈردى؟ مەن بۇ ئايەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم.

ھۇجرىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. بېشىمنى كۆتۈرسەم تۇنىنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپ، نېمە ئوقۇغانلىرىمنى ئاڭلاشقا تەشنا بىر قىياپەتتە كۈتۈپ تۇرغانىكەن. لېكىن مەن بۇ سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشنى خالىمايتتىم. مېنىڭچە بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى ئەھمىيەتسىز بىرنېمىدەك ئوقۇشنىمۇ خالىمايتتىم. تونى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ:

— نېمىنى تېپىۋالدىڭىز ئاپا؟ — دەپ سورىدى.

مەن كىتابنى يېپىپ قويۇپ:

— بۇ بىر ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، — دەپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم.

لېكىن ئىنجىلدىكى بۇ سۆزلەر قەلبىمدە چوغدەك ياناتتى. مەن كېيىن كۆرگەن پەۋقۇلاددە چۈشلىرىم ئۈچۈن بۇ بىر بېشارەت ئىدى.

## 3

# چۈش

بۇ كىچىك ھەجىملىك كۈلرەڭ مۇقاۋىلىق ئىنجىلنى ئەتىسى يەنە قولۇمغا ئالدىم. ئالدىنقى كۈنى گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتكىنىمدىن كېيىن تونىمۇ، مەنمۇ ئىنجىلنى قايتا تىلغا ئالمىدۇق. لېكىن، ئەتىسى مەن ئوقۇغان ھېلىقى سۆزلەر ئىچىمگە پاتماي ئاستا-ئاستا تېشىپ چىقىشقا باشلىدى.

مەن دەم ئېلىش ۋە پىكىرلىرىمنى يىغىش ئۈچۈن ياتاق ھۇجرامدىن ئەتىگەندىلا چىقتىم. ئىنجىلنى ئالغاچ چىقىپ دىۋاننىڭ يۇمشاق ياستۇقلىرى ئىچىگە چۆكتۈم. كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ يەنە بىر ھەيران قالارلىق ئايەتنى ئوقۇدۇم:

> «قانۇن ئارقىلىق ھەققانىي ئادەم بولۇشقا ئىنتىلگەن يەھۇدىيلار بولسا، مەقسىتىگە يېتەلمىدى». (ئىنجىل: «رىملىقلار» 9-باب 31-ئايەت)

ھە! دەل قۇرئاندا يېزىلغىنىدەك، يەھۇدىيلارمۇ مەقسەتلىرىگە يېتەلمەپتۇ، دەپ ئويلىدىم. بۇ سۆزلەر بىر مۇسۇلمان تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئىسرائىلىيە خەلقى خۇداغا مۇيەسسەر بولۇشنىڭ يولىنى بىلمەيتتى، دەپ يېزىلغانىدى.

لېكىن، كەيىندىكى ئايەتنى ئوقۇپ ئەقلىم تازا ئىشلىمەي قالدى:

«چۈنكى، ئەيسا مەسىھ مۇقەددەس قانۇنغا خاتىمە بېرىپ، ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى خۇدا ئالدىدا ھەققانىي ئادەم بولۇشقا مۇيەسسەر قىلدى». (ئىنجىل: «رىملىقلار» 10-باب 4-ئايەت)

كۆزلىرىمنى كىتابتىن ئۈزۈپ، بىر ھازا ئويلاندىم. ئەيسا مەسىھ مۇقەددەس قانۇنىنىڭ يەكۈنىمۇ؟ كىشىلەر ئىزدىگەن ھەقىقىي يولنى ئەيسا مەسىھتىن تاپقىلى بولامدۇ؟ مەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم:

«خۇدانىڭ سۆزى ساڭا يېقىندۇر، ئۇ ئاغزىڭدا ۋە يۈرىكىڭدىدۇر. بىز يەتكۈزگەن ئېتىقادقا چاقىرىدىغان سۆز مانا شۇدۇر. ئەيسانىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ئاغزىڭدا ئېتىراپ قىلىپ، خۇدانىڭ ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەنلىكىگە چىن قەلبىڭدىن ئىشەنسەڭ، نىجاتلىققا ئېرىشىسەن». (ئىنجىل: «رىملىقلار» 10-باب 8- ۋە 9-ئايەتلەر)

كىتابنى بىر ياققا قويۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. بۇ، قۇرئاندا يېزىلغانلارنىڭ دەل ئەكسى ئىدى. مۇسۇلمانلار ئەيسا پەيغەمبەرنى پەقەتلا بىر ئادەم، ئۇ كرېستتا ئۆلمەي، خۇدا تەرىپىدىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىشى كرېستقا مىخلانغان دەپ قارايدۇ. ئەيسانىڭ ھازىر جەننەتنىڭ تۆۋەنكى بىر قەۋىتىدە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ، قىرىق يىل ھۆكۈم سۈرىدىغانلىقىنى، ئۆيلىنىپ بالا-چاقىلىق بولۇپ ئاندىن ئالەمدىن ئۆتىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ ئادەمنىڭ

جەستى ئۈچۈن مەدىنىدە مەخسۇس بىر قەبرە ئورنى ئايرىپ قويۇلغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. قىيامەت كۈنى ھەممە كىشى تىرىلگەن ۋاقىتتا ئەيسامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سوراق قىلىنىش ئۈچۈن خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرارمىش. ئىنجىلدا بولسا ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكى يېزىلغانىدى. بۇ يا بىر كۈپۈرلۈق ئىدى، ياكى بىر...

زېھنىم چېچىلىپ كەتكەنىدى. خۇدانىڭ ئىسمىنى چاقىرغان ھەممە كىشىنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن، ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىگە قانداق ئىشىنىش مۇمكىن! ئەلۋەتتە ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى، «پەيغەمبەرلەرنىڭ خىرىسى» بولغان مۇھەممەدمۇ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

كۆزلىرىمنى قولۇم بىلەن ئېتىپ كارىۋىتىمدا سوزۇلۇپ ياتتىم. ئىنجىل بىلەن قۇرئان بىر خۇداغا ۋەكىللىك قىلسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا بۇنچىۋالا قالايمىقانچىلىق ۋە زىددىيەتلەر بولىدۇ؟ قۇرئاندىكى ئۆچ ئالغۇچى ۋە جازالىغۇچى خۇدا بىلەن ئىنجىلدىكى رەھىم-شەپقەتلىك ۋە كەچۈرۈم قىلغۇچى خۇدا قانداقچە ئوخشاش بىر خۇدا بولسۇن؟ شۇنداق خىياللار ئىچىدە قاچان ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئادەتتە ئانچە چۈش كۆرمەيتتىم، لېكىن شۇ ئاخشىمى چۈش كۆردۈم. چۈشۈم شۇنچە جانلىق، ۋەقەلەر شۇنچە ھەقىقىي ئىدىكى، ئەتىسى ئۇلارنىڭ پەقەت بىر خىيالىي تەساۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە پېتىنالمىدىم. چۈشۈم مۇنداق ئىدى:

ئەيسا مەسىھ ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان بىر كىشى بىلەن كەچلىك تاماقتا بىر بولۇپتىمەن. ئۇ مېنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۆيۈمگە كېلىپ ئىككى كۈن

تۇرغان ئىمىش. ئۇ تاماق ئۈستىلىدە ئالدىمدا ئولتۇرۇپ، ئازادە ۋە خۇرسەنلىك ئىچىدە غىزالىنىۋاتاتتى. بىردىنلا چۈشۈم ئۆزگىرىپ، ئەمدى باشقا بىر ئادەم بىلەن بىر تاغ چوققىسىدا تۇرغۇدەكمەن. ئۇزۇن تون كىيىۋالغان بۇ كىشى ئاياغلىرىغا چورۇق كىيىۋالغان بولۇپ، ئەجەپلىنەر-لىكى شۇكى، مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلىدىكەنمەن. ئەقىل يەتمەيدىغان ئىشقۇ بۇ؟ ئۇ چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا ئىدى. بۇ نىمىدىگەن ھەيران قالارلىق ئىسىم. چۆمۈلدۈرگۈچى يەھياغا ئەيسانىڭ بايىقى زىيارىتىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقۇدەكمەن ۋە ئۇنىڭغا: ئۇ كىشى كېلىپ ئۆيۈمدە ئىككى كۈن مېھمان بولۇپ كەتتى. ئۇ كىشى ھازىر قەيەردىدۇ؟ ئۇنى تېپىشىم كېرەك. بەلكىم سىز مېنى ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارالايدىغانسىز؟ دەپ مۇراجىئەت قىلىپتىمەن.

چۈشۈم شۇنچىلىكلا داۋاملاشتى. مەن چۈشۈمدە چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا، چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. ئاۋازنى ئاڭلاپ نۇرجان ۋە رايشەم ھۇجرامغا يۈگۈرۈپ كىرىشتى. ۋارقىرىۋەتكىنىمدىن خىجالەت بولۇپ ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ-تېنەپ يۇيۇنۇپ-تارىنىشقا تەييارلاندىم. ئۇلار ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندا چۈشۈمنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم.

نۇرجان، پاھ! نىمىدىگەن ياخشى چۈش دەپ قاقاخلاپ كۈلگىنىچە، بىر پەتنۇستا خۇشپۇراقلىق ئەتىر-ئەگىلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. رايشەم بولسا، شۇنداق، خەيرلىك چۈش ئىكەن

دەپ قويۇپ چېچىمنى تاراشقا باشلىدى. رايشەمنىڭ بىر ئەيسا مۇخلىسى تۇرۇپ ھاياجانلانمىغانلىقىغا ھەيران بولدۇم. ئۇنىڭدىن چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا ھەققىدە بىرەر سوئال سوراشقا تەمشەلدىم-يۇ، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. قانداقلا بولمىسۇن رايشەم ئاددىي بىر يېزا ئايلى ئىدى. لېكىن، بۇ چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا كىمدۇ؟ ئىنجىلدا ئوقۇغانلىرىم ئارىسىدا بۇ ئىسىمنى كۆرمىگەنىدىم.

شۇ كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەم ئىنجىلنى ھەم قۇرئاننى زىر-زەۋەرلىرىگىچە ئوقۇدۇم. قۇرئاننى، ئىچىمدىكى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئىنجىلنى بولسا يېڭىباشتىن بايقاۋاتقان بىر مۇرەككەپ يېپيېڭى دۇنيانى ئۇنىڭ ۋاراقلىرىدىن تېپىپ ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇۋېتتىم. ئىنجىلنى ھەر ئاچقىنىمدا گۇناھكاردەك ھېسسىياتقا تولاتتىم. بۇ بەلكىم باللىق چېغىمدا كۆرگەن قاتتىق تەربىيەدىن بولۇشى مۇمكىن. بالاغەتكە يەتكەن ۋاقتىمدىمۇ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دادام تەستىقلايتتى. بىر كۈنى ئىنىم بىلەن ئىككىمىز ھۇجرىمىزغا بىر كىتابنى يوشۇرۇن ئەكىرىۋالغانىدۇق. ئۇ زىيانلىق كىتاب بولسىمۇ، بىز قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنى ئوقۇغانىدۇق.

ھازىرمۇ ئىنجىلنى ئېچىۋېتىپ ئەنە شۇ ھېسسىياتلارنىڭ تەسىرىدىن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرالمىدىم. دىققىتىمنى جەلپ قىلغىنى شۇكى، كىتابتا زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان بىر ئايالنىڭ يەھۇدىي دىنىي ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكى يېزىلغانىدى. بۇ ئايالنى قانداق بىر ئاقىۋەت كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ تەنلىرىم تېخىمۇ جۇغۇلداپ كەتتى. چۈنكى، قەدىمكى زاماندىكى شەرق ئەللىرىدە يولغا قويۇلغان ئەخلاق پرىنسىپلىرى پاكىستاندىكى

بىزنىڭ پرىنسىپلىرىمىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئادەت بويىچە جەمئىيەتتىكى ئەرلەرنىڭ زىنا قىلغان ئايالنى جازالاش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئايالنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇۋېتىپ قېرىنداشلىرىنىڭ، تاغىلىرىنىڭ، چوڭ دادىلىرىنىڭ ۋە جىيەنلىرىنىڭ ئۇنى ئەڭ ئاۋۋال چالما-كېسەك قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا ئاسانلا كەلتۈرەلەيتتىم. لېكىن ئەيسا: «بىرىنچى تاشنى گۇناھسىز ئادەم ئاتسۇن» دېدى.

كىشىلەرنىڭ ئۇ يەردىن ئۈن-تىن چىقارماي كېتىشكەنلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ تېخىمۇ ھاياجانلاندىم. ئەيسا قانۇن بويىچە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈتىدىغىنىمۇ مانا شۇ ئىدى. لېكىن ئەيسا ئايالنى ئەيىبلىگۈچىلەرگە ئالدى بىلەن ئۆز قەلبىگە قاراشنى، گۇناھلىرىغا قاراشنى دېدى. چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ كەتكىنىمدىن، كىتابنىڭ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتىمەن. ئەيسانىڭ بۇ سۆزلىرى توغرا ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئىدى. ئەيسا توغرا ئېيتقانىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەيران قالارلىق ئىككىنچى چۈشنى كۆردۈم:

ياتاق ھۇجرامدىمىشمەن. خىزمەتچىم كىرىپ، بىر ئەتىر ساتقۇچىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. خۇشال بولۇپ دىۋاندىن لىككىدە تۇردۇم. چۈنكى، ئۇ كۈنلەردە چەتئەللەردە ئىشلەنگەن ئەتىرلەر پاكىستاندا قىس ئىدى. ماڭا ئىنتايىن ھۇزۇر بېغىشلايدىغان خۇشپۇراق بۇيۇملىرىمنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. شۇڭا، چۈشۈمدە بۇ ئەتىرچىنى چاقىرىپ كېلىشنى

خىزمەتچىمگە خۇشاللىق بىلەن تاپىلىدىم. بۇ كىشىنىڭ كىيىم-كېچىكى ئاپام ھايات ۋاقتىدا كوچىمۇ-كوچا، ئۆيمۇ-ئۆي سەييارە مال ساتىدىغان ئەڭلىكچىلەرنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئارقىسىدا چېكى بار ئۇزۇن ئەرلەر پەلتوسى كىيىۋالغانىدى، ماللىرىنى بىر كىچىك قول سومكىسىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ساتاتتى. ئۇ سومكىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن بىر سېرىق ئەينەك قۇتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ، ماڭا ئۇزاتتى. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە سۇيۇقلاشتۇرۇلغان، كرىستالغا ئوخشاش ۋاللىداپ پارقىراپ تۇرىدىغان ئەتىرنى پۇرىغانىدىم. ئۇ توختاڭ، دېدى. ئۇ ئادەم قۇتىنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئۇنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ،

— بۇ خۇشپۇراق پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ —

دېدى.

ئويغانسام دېرىزىدىن ھۇجرامغا قۇياش نۇرى چۈشۈشكە باشلىغانىكەن. ئاخشام كۆرگەن چۈش تېخى يادىمدا ئىدى. چۈشۈمدىكى خۇشپۇراق تېخىچە دىمىغىمدىن كەتمىگەنىدى. كىشىنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان بۇ خۇشپۇراق ھۇجرىنى بىر ئالغانىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئالتۇن رەڭ قۇتىنى كۆرۈش ئۈمىدى بىلەن يېنىمدىكى ئۈستەلگە قارىدىم.

لېكىن قۇتىنىڭ ئورنىدا ئىنجىلنى كۆردۈم.

ئىچىمگە تىترەك ئولاشتى. كارۋىتىمنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ بۇ ئىككى چۈشۈم ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە باشلىدىم. بۇ ماڭا نېمىدىن بېشارەت بېرىدۇ؟ نەچچە يىللاردىن بېرى چۈش كۆرمىگەنىدىم. مانا ئەمدى كەينى-كەينىدىن ئىككى چۈش

كۆردۈم. ئەجەبا، بۇ ئىككى چۈش ئارىسىدا بىرەر مۇناسىۋەت بارمىدۇ؟ ياكى بۇ چۈشلەر قەدىمكى روھلا دۇنياسىغا ئائىت رىۋايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ؟

ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەر قېتىمقىدەك، سەيلە قىلغىلى باغچەمگە چىقتىم. چۈشلىرىمنىڭ تەسىرىدىن تېخى خالى بولمىغاندىم. ھاياجانلىق ھېسسىياتلىرىمغا يەنە بىر ۋەقە قوشۇلدى. ئۇ بولسىمۇ ھاياتىمدا ھازىرغىچە پەيدا بولغان ھېسسىياتلاردىن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىل ھېسسىيات بولۇپ، مەن بۇ ھېسسىيات ئىچىدە ئاجايىپ ھۇزۇرلۇق، خۇشاللىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلىشقا باشلىدىم، يەنى گويا خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغاندەك بولۇپ قالدىم. دەل-دەرەخلىك يولدىن ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان مەيدانغا چىققىنىمدا، بىردىنلا ئەتراپىمدىكى ھاۋا باشقىچە خۇشپۇراق چىپچىپ تۇرغاندەك بولدى. بۇ گۈلنىڭ ھىدى ئەمەس ئىدى. بۇ پەسىل گۈل-چېچەكلەر ئاللىقاچان سولغان چاغ ئىدى. لېكىن يەنىلا ئاجايىپ بىر خۇشپۇراق كېلىپ تۇراتتى.

دەرھال ئۆيگە قايتىپ كىردىم. بۇ خۇشپۇراق قەيەردىن كەلگەندۇ؟ ماڭا زادى نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ بۇ ئىشلارنى كىمگە ئېيتاي؟ ئەلۋەتتە، ئىنجىلنى ياخشى بىلىدىغان بىرىدىن سورىشىم كېرەك. ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان خىزمەتچىلىرىمدىن سوراشنى خالىمايتتىم. ئۇلاردىن بىر نەرسە ئۆگىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئۇلار بەلكىم ئىنجىلنى ئوقۇپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. ياق، ئىنجىلنى چۈشىنىدىغان ئوقۇمۇشلۇق بىر كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىشىم كېرەك.

بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلىنىۋېتىپ ئەقلىمگە بىردىنلا غەلىتە بىر خىيال كېلىپ قالدى. بۇ خىيالنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتىم. ئۇ يەرگە پەقەت ئامال بولمىغاندا بېرىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن كاللامغا كىرىۋالغان بۇ پىكىر مېنى شۇ قەدەر زورلايتتىكى، ئاخىرى مەنسۇرنى چاقىردىم.

— ماشىنىنى دەرھال تەييارلا — دېدىم. كېيىن بىردىن ئېسىمگە بىر نەرسە كېلىپ قالغاندەك، — ئۆزۈم ھەيدەيمەن، — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

مەنسۇرنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى.

— ئۆزىڭىز ھەيدەمسىز؟

— شۇنداق، ئۆزۈم ھەيدەيمەن. ئۇ قوشۇلمىغاندەك قىياپەتتە چىقىپ كەتتى. بۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە ماشىنا ھەيدىشىم كەم ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ قىزلار قىسمىدا ئوفىتسېر بولغانىدىم. ھەر خىل يوللاردا ياردارلار ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىلەر چۈشكەن ماشىنىلارنى ھەيدەيتتىم. لېكىن، ئۇ ئۇرۇش ۋاقتى ئىدى ھەممىدە يېنىمدىن ھەمىشە ياردەمچى ئايرىلمايتتى. نەسەبلىك ناۋاب ئائىلىسىنىڭ بىر قىزىنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتتا ۋە بولۇپمۇ كېچىدە ئۆز ماشىنىسىنى ھەيدىشى كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى.

لېكىن، مەنسۇرنىڭ ياردىغان يېرىمنى بىلىۋېلىپ، خىزمەتچىلىرىمنىڭ غەيۋەت قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىشنى خالىمايتتىم. چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا كىم؟ چۈشۈمدىكى خۇشپۇراقلىق ئەتىرنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇنىڭدەك سوئاللىرىمنىڭ جاۋابىنى قاچانلا بولمىسۇن بىرەر كىتاپتىن تاپالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كېچە ئاز-تولا تونۇشلىقىم بولغان، ئۆتكەن يازدا باغچەمنى كۆرگىلى كەلگەن مىچەل ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ خانىمىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. ئىنجىل توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزىدىغان بىر ئائىلە بىلەن كۆرۈشۈشۈمنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

# 4

# ئۇچرىشىش

ئۆينىڭ ئالدىدا مېرسېدېس ماركىلىق ماشىنامنىڭ موتورى گۈكىرەپ تۇراتتى. مەنسۇر ماشىنىنىڭ رولى بار تەرەپتىكى ئىشىكى ئالدىدا مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. كەچكۈز كېچىسىنىڭ سوغۇق ھاۋاسى ماشىنىنىڭ ئىچىنى سوۋۇتىۋەتمىسۇن دەپ، مەن كەلگىچە ئىشىكنى ئاچمىدى. ماشىنىنى ئۆزۈم ھەيدىمەكچى بولغانلىقىمدىن تېخىچە گۇمانلىنىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر نەرسە دېمىدى. ئىچى ئىسسىق تۇرغان ماشىنىغا كىرىپ رولىنى تۇتتۇم. ئىنجىل يېنىمدا ئىدى. ماي كىلاپىنىنى دەسسەپ غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.

ۋاھ يېزىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ ئۆيىنى بىلىشەتتى. مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيى سېمونت زاۋۇتىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئائىلە كىرىمىمىزنىڭ بىر قىسمى بۇ زاۋۇتتىن كېلەتتى. زاۋۇت يېزىدىن تەخمىنەن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. ئەتراپىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇرغۇچىلار ئۈچۈنمۇ بۇ جاي ئاۋات جاي ئىدى. بۇ يەردىكى ئۆيلەر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىنگلىز ئەسكەرلىرىنىڭ ۋاقىتلىق قارارگاھى ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى. بۇ رايونغا بۇرۇن بىرنەچچە قېتىم كەلگەنىدىم. پاكار كۆرۈمسىز ئۆيلەرنىڭ ئاقلانمىغان تاملىرىنى ئەسلىدىم. ئۆگزىلىرىنىڭ قاڭالتىرلىرى داتلىشىپ ئالا-بۇلا بولۇپ كەتكەنىدى. ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ئىچىمدە چۈشىنىكسىز بىر ئەندىشە پەيدا بولدى. لېكىن بۇ ئۈمىد ئارىلاش بىر ئەندىشە ئىدى. شۇ كۈنگىچە ئىنجىلنى تارقىتىدىغان بۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ باقمىغانىدىم. بىر

تەرەپتىن چۈشۈمدىكى سىرلىق چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ
كىملىكىنى بىلىشكە ئالدىرىسام، يەنە بىر تەرەپتىن
سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ
قېلىشتىن قورقاتتىم.

مېنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ كىشىنى
زىيارەت قىلىشىمغا ئاتا-بوۋىلىرىم نېمە دەر؟ ئافغانىستان
ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرىدە مەشھۇر ئىنگلىز گېنېرالى نىكولسون
بىلەن بىللە قايبەر ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن چوڭ دادامنى
ئېسىمگە ئالدىم. بۇ ھەرىكىتىم ئائىلەمنىڭ شەرىپىگە
قانچىلىك داغ كەلتۈرىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن! بىز ئەيسا
مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرىنى ھەمىشە نامرات ۋە ئاددىي
كىشىلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قوياتتۇق. كۆڭلۈمدە تاغىلىرىم
ياكى ھامىلىرىمدىن بىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتتىم،
ھەربىر سۆزنى زېھىن قويۇپ، ئېسىمگە ئېلىشقا تىرىشاتتىم. بۇ
چۈشىنىكسىز چۈشۈمنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىۋېتىپ ئۆزۈمنى
ئاقلايتتىم: سەھنە ئەسىرىدە رول ئېلىۋاتقان ئارتىستلاردەك
قانداقلا بولمىسۇن بۇنداق تەسىرلىك چۈشلەرنىڭ مەنىسىنى
ھەممە ئادەمنىڭ بىلگۈسى كېلىدۇ-دە، دەيتتىم.

كېچىنىڭ غۇۋا قاراڭغۇلۇقىدا مىچەل ئەپەندىلەر
تۇرىدىغان رايونغا يېقىنلاشتىم. ئۆيلەر دەل مېنىڭ
ئويلىغىنىمدەك ئىدى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆرۈمسىز دېيىشكىمۇ
بولاتتى. ماشىنا بىلەن يات كوچىلارنى بىرئاز ئايلىنىپ
مىچەللەرنىڭ ئۆيىنى تاپتىم. مۆلچەرلىگىنىمدەك، ئۇلارنىڭ
ئۆيى سېمونت زاۋۇتىنىڭ يېنىدا ئىكەن. بىر ئۈزۈمزارلىقنىڭ
ئوتتۇرىسىدا تاملىرى ئاقلانغان كىچىك بىر ئۆي بار ئىدى.
تەۋەككۈل قىلىپ ماشىنىنى شۇ ئۆينىڭ يېنىغا توختىتىشنى
ئويلاپ تۇرۇپ قالدىم. ئائىلەم نېمە دەركىن دەپ، ئانچىۋالا

قورقۇپ كەتمەسلىكىم كېرەك ئىدى. مەن ماشىنىنى دەل مىچەللەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا توختاتقانىدىم. ماشىنىدىن چۈشۈپ ئىنجىلنى قولۇمغا ئالدىم-دە ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ھويلىسىنىڭ پاكىزلىقى ۋە پىشايۋاننىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان دەل-دەرەخلەرنىڭ ياخشى پەرۋىشلەنگەنلىكىگە كۆزۈم چۈشتى. ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرى ئۆيلىرىنى پاكىز تۇتاتتى.

بىردىنلا دەرۋازا ئېچىلىپ. ئۇزۇن شالۋار كىيىپ، بېشىغا شارپا ئارتىۋالغان بىر توپ يېزا ئاياللىرى پاراڭلاشقان ھالدا چىقىشىپ كەلدى. مەن تاناپتەك تارتىلىپ كەتتىم. شۈبھىسىزكى ئۇلار مىنى تونۇشاتتى. ۋاھ يېزىسىدا مىنى ھەممەيلەن دىگۈدەك تونۇيتتى. شەيخ خانىم ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى دىگەن غەيۋەت-شىكايەتلەر ئەمدى پۈتۈن رايونغا تارقىلاتتى.

ئويلىغىنىمدەك، مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ ئوچۇق دەرۋازىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقتا مىنى كۆرگەن ئاياللارنىڭ ئاۋازلىرى بىردىنلا توختاپ قالدى. ھەممىسى قولىنى پىشانىسىغا كۆتۈرۈپ ئەنئەنىۋي سالام بەرگەندىن كىيىن، يېنىمدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كوچىغا چىقىشتى. مىچەل خانىم دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. ئۇنىڭ سىماسى دەل مىنىڭ قىياسىمدىكىدەك بولۇپ چىقتى. بىر كۈنى يېزىدا ئۇنى يىراقتىن كۆرگەنىدىم. ئۇ ياش، ئورۇق بىر ئايال بولۇپ، ھازىر يېزا ئاياللىرىدەك ئۇزۇن شىم كىيىۋالغانىدى. ئۇ مىنى كۆرۈپلا ھاڭ-تاڭ بولۇپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ھوي-ھوي!... شەيخ خانىم! قانداقلارچە... لېكىن... قىنى ئۆيگە مەرھەمەت،

مەرھەمەت، — دەپ دۇدۇقلاپ كەتتى.

كەينىمدىكى يېزا ئاياللىرىنىڭ بىر قىسمى قاراشلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈت قىلمايلا ئۆيگە قاراپ ماڭدىم، بىز ئادديلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كىچىك مېھمانخانىغا كىردۇق. مىچەل خانىم ھۇجرىدىكى ئەڭ يۇمشاق ئورۇندۇقنى ئوتنىڭ ئالدىغا تارتىپ، ئولتۇرۇشۇمنى تەكلىپ قىلدى. ئۆزى بولسا ئۆرە تۇردى. ئۇ تەكەللۇپ بىلەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ئوڭايسىزلانغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چەمبەر شەكلىدە چۆرىدەپ قويۇلغان ئورۇندۇقلارغا كۆزۈم چۈشتى. مىچەل خانىمنىڭ سەل ئىلگىرى بۇ يەردە يېزا ئاياللىرى بىلەن ئىنجىل دەرسى ئۆگەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. خانىم نىمە دېيىشىنى بىلمەي زورىغا يۆتىلىپ قويدى ۋە چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ:

— چاي ئەكىلەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، رەھمەت، سىلەردىن بىر سوئال سوراي دەپ كەلدىم، — دېدىم مەن ۋە ئەتراپقا قاراپ، — مىچەل ئەپەندىم ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق، بىر ئىش بىلەن ئافغانىستانغا كەتكەن، — دېدى مىچەل خانىم. مەن ئىنتايىن بىئارام بولدۇم. ئالدىمدا تۇرغان بۇ خانىم شۇنداق ياش ئىدىكى، ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلەرمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم.

— مىچەل خانىم، — دەپ سۆز باشلىدىم، — خۇداغا ئائىت بىلىمىڭىز چوڭقۇرمۇ؟

مىچەل خانىم ياغاچ ئورۇندۇقلاردىن بىرىگە ئولتۇرۇپ، ماڭا ئاجايىپ بىر قاراش بىلەن قاراپ قويدى. ئۆيدىكى جىمجىتلىق ئىچىدە پەقەت ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ چاراسلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ سالماق ئاۋاز بىلەن:

— خۇداغا ئائىت بىلىمىم ئانچە چوڭقۇر ئەمەس، لېكىن خۇدانى تونۇيمەن، — دېدى.

نېمىدېگەن چۈشىنىكسىز جاۋاب بۇ! بىر كىشى خۇدانى تونۇيدىغانلىقىنى قانداقمۇ ئىشەنچلىك ئېيتالىسۇن؟ شۇنداقتىمۇ بۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ بەرگەن جاۋابى مېنى خاتىرجەم قىلدى. قانداق بولۇشىنى سورۇشتۇرمەيلا ئەيسا ۋە چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا ئىسىملىك ئادەم توغرىسىدىكى چۈشۈمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. غەلىتە ئىش! چۈشۈمنى سۆزلەۋاتقاندا ئاۋازىم ھاياجاندىن تىترەپ كەتكەنىدى. سۆزلەۋېتىپ چۈشۈمدە تاغ چوققىسىدا ھېس قىلغان ھېسسىياتنى يەنە ھېس قىلدىم. چۈشۈمنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مىچەل خانىمغا تازىم قىلىپ:

— مىچەل خانىم، ئەيسا ھەققىدە بىر نەرسىلەرنى ھېس قىلىۋاتىمەن، لېكىن بۇ چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا كىم بولىدۇ؟

— دەپ سورىدىم.

مىچەل خانىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى چىمىلداتقان ھالدا ماڭا قارىدى. ئۇ، چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا ھەققىدە ھەقىقەتەن ھېچنەرسە ئاڭلىمىغانمىدىڭىز، دەپ سورايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئورۇندۇقىنى تۈزەشتۈرۈپ:

— شەيخ خانىم، چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا بولسا، ئەيسا مەسىھنىڭ كېلىش خەۋىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزگەن ۋە كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىغا توۋا قىلىشىنى تەۋسىيە قىلغان بىر پەيغەمبەر. ئۇ، ئەيسا مەسىھنىڭ يول باشلىغۇچىسى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ، كىشىلەرگە ئەيسانى كۆرسىتىپ: قاراڭلار، ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى خۇدانىڭ قوزىسى مانامۇشۇ! دېگەن كىشى بولىدۇ. ئەيسانى چۆمۈلدۈرگەنمۇ شۇ كىشى — دېدى.

چۈمۈلدۈرۈش دېگەن سۆزنى ئاڭلىغىنىمدا يۈرىكىم نېمانچە ئويناپ كېتىدىغاندۇ؟ ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرى ھەققىدە بىلىدىغىنىم كۆپ ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ چۈمۈلدۈرۈش مۇراسىملىرى توغرۇلۇق بىلمەيدىغان مۇسۇلمان ئاز ئىدى. چۈمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغان بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەسكە ئالدىم. ئىنگلىزلار باشقۇرغان زاماندا ئېغىزدىكى دىنىي ئەركىنلىكنى بالىلىق دەۋرىمدىن تارتىپ بىلەتتىم، شۇڭا بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن چۈمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىش ئۆلۈش دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش ئىدى.

— شەيخ خانىم.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم ۋە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، كانىيىمنى قىرىپ:

— مىچەل خانىم، مېنىڭ بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىم بىلەن ھېسابلاشماي، چۈشەندۈرۈۋېرىڭ. ھېلى خۇدانى تونۇيدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز. بۇنداق دېيىش بىلەن نېمە دېمەكچى بولىسىز؟ — دېدىم.

— ئەيسا مەسىھنى تونۇيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى مىچەل خانىم. ئۇ سوئالىمغا تولۇق جاۋاب بەردىم دەپ ئويلايتتى.

كېيىن سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— خۇدا ئىنسانىنى ياراتقاندا، ئۇنى ئۆزىنىڭ شەكلىدە ياراتتى. يارىتىلغان تۇنجى ئادەم بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت بار ئىدى. كېيىن ئىنسان شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھ سادىر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ بىۋاستە ئالاقىسى بۇزۇلدى. لېكىن، خۇدا

ئىنساننىڭ گۇناھلىرىغا قارىماي، ئۇنىڭغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئادىل خۇدا گۇناھ سادىر قىلغان ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك ئۆلۈم بىلەن جازالىنىشى كېرەكلىكىنى جاكارلىغانىدى. لېكىن شەپقەتلىك خۇدا، ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك ئۆلۈم بىلەن جازالىنىشقا مەھكۇم بولۇشىنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنساننى مەڭگۈلۈك ئۆلۈم بىلەن جازالىنىشتىن قۇتقۇزالايدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنساننىڭ گۇناھلىرىنى يۇيالايدىغان بىر چارە قىلدى، يەنى ئەيسا مەسىھنى دۇنياغا بىر ئىنسان تېنى بىلەن ئەۋەتتى. ئەيسا مەسىھ بىز گۇناھكارلار ئۈچۈن كرېستتا ئۆلدى. خۇدا شۇنداق قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىرىمىزنى يۇدى. ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ نىجاتكارى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۇ مەڭگۈلۈك ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدۇ.

مىجەل خانىم سۆزىنى توختىتىپ جىمىپ قالدى. ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ يولدىن ئۆتكەن يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مىجەل خانىم يەنىلا زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى. ئاخىرى مەن چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدىم-دە:

— مىجەل خانىم، — دەپ سۆز باشلىدىم. ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان سۆزلەر ئۆزۈمگە گويا مەن ئەمەس، باشقا بىر كىشى سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— يېقىندا ئۆيۈمدە ھەيران قالارلىق بەزى ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇلار روھقا ئائىت ۋەقەلەر بولۇپ، بەزىلىرى ياخشى، بەزىلىرى يامان ئىشلار. مەن ئۆزۈمنى گويا بىر چوڭ كۈرەشنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ياردەمگە موھتاجمەن.

مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويسىڭىز قانداق؟

بۇ تەلىپىم ئۈچۈن مىچەل خانىم دەسلەپ ھەيران بولغاندەك بولدى. كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، مەندىن تىزلىنىپ تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىشنىڭ قايسىسىنى خالايدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشەنمىگەچكە، مۈرىلىرىمنى كۆتۈرۈپ قويدۇم. لېكىن نازۇك ياش ئايالنىڭ يەرگە تىزلانغىنىنى كۆرۈپ، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم.

مىچەل خانىم:

— ئى خۇدا! — دېگىنىچە مۇلايىم بىر ئاۋاز بىلەن دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

— مەن ھەرقانچە سۆزلىگىنىم بىلەن شەيخ خانىمنى ئەيسا مەسىھنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن. لېكىن، كۆز ئالدىمىزدىكى پەردىنى كۆتۈرۈپ، ئەيسانى قەلبىمىزگە ئورناتقۇچى ئۆزۈڭسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن. ئى، مۇقەددەس ئىلاھىم، شەيخ خانىمغىمۇ شۇنداق قىلغايسەن، ئامىن.

دۇئا تېخى تۈگىمىگەندەك تىزلىنىپ ئولتۇرىۋەردۇق. ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان بىر سەۋەب بىلەن قەلبىمگە بىر خىل خۇشاللىق كىرگەندى. جىمجىتلىقتىن خۇرسىنىدىم.

ئاخىرىدا مىچەل خانىم بىلەن بىرلىكتە ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۇ مېنىڭ بىر قولۇم بىلەن باغرىمغا بېسىۋالغان كۆلرەك كىتابنى كۆرسىتىپ:

— قولىڭىزدىكى ئىنجىلمۇ، شەيخ خانىم؟ — دەپ سورىدى. مەن كىتابنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم.

— قانداق تاپتىڭىز؟ ئوقۇپ چۈشىنەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئانچە ئاسان ئەمەسكەن، كونا تەرجىمىسى بولغاچقا سەل قىيىنلىدىكەنمەن، — دېدىم.
خانىم ياندىكى ھۇجرىغا كىرىپ، بىر كىتاب كۆتۈرۈپ چىقىپ:
— مانا بۇ ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان ئىنجىل. فىلىپس ئىسىملىك بىر كىشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇنى مەن باشقا كىتابلاردىن ئاسان چۈشىنىمەن. سىزگە لازىممۇ؟
— لازىم، — دېدىم مەن ئويلىنىپ تۇرمايلا.
— «يۇھاننا» قىسمىدىن باشلاڭ، — دەپ تەكلىپ بەردى مىچەل خانىم ۋە كىتابنى ئېچىپ، ئوقۇشۇمنى تەكلىپ قىلغان يەرگە بىر قەغەز پارچىسى قىستۇرۇپ قويۇپ:
— بۇ قىسمىدا چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان، — دېدى.
مەن ھاياجانلانغان ھالدا:
— رەھمەت سىزگە، كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، — دېدىم.
قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىمدا مىچەل خانىم:
— نېمىدېگەن ياخشى، بۇ چۈش سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىزگە سەۋەب بوپتۇ. خۇدا كۆپ ھاللاردا پەرزەنتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ چۈشلىرىدە ۋە غايىبانە ئالامەتلەردە سۆزلىشىدۇ، — دېدى.
خانىم پەلتويۇمنى كىيىشىمگە ياردەملىشىۋاتقاندا، ئەتىر ساتقۇچى ئادەم توغرىسىدىكى يەنە بىر چۈشۈمنىمۇ سۆزلەپ بەرسەم بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنداق، ئۇ ئاجايىپ بىر چۈش ئىدى-دە! شۇ ئاجايىپ كېچىدە بىرنەچچە قېتىم يۈز بەرگەن، ئىختىيارسىز بىر كۈچ بىلەن ئىلھاملىنىپ:
— مىچەل خانىم، خۇشپۇراق بىلەن ئەيسا مەسىھ

ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئالاقە بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق، — دېدى قولىنى ئىشىككە ئۇزاتقان خانىم بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ، — بۇنداق بىر ئىش ئېسىمدە يوق! لېكىن بۇ ھەقتە دۇئا قىلىمەن.

ئۆيگە كېتىۋېتىپ ھېلىقى كونى باغچەمدە ھېس قىلغان خوشپۇراقنىڭ ھوزۇرىنى ماشىنامدىمۇ ھېس قىلدىم.

ئۇ كېچە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، مۇقەددەس كىتابنىڭ «يۇھاننا» قىسمىدىن بىرئاز ئوقۇدۇم. بۇنىڭدا چوڭلۇدۇرگۈچى يەھيا ئىسىملىك تۆگە تېرىسى يېپىنىۋالغان خىسلەتلىك بىر ئادەم ھەققىدە بايان قىلىنغانىدى. بۇ ئادەم رەبنىڭ كېلىشىگە يول ئېچىش ئۈچۈن ئىنسانلارنى تەۋبە قىلىشقا چاقىراتتى. بىرئازدىن كېيىن مەن ھۇجرامدىكى يەتتە ئەسىرلىك ئەنئەنە ۋە ئادەتلەرنى ئەسلىتىدىغان ئۆي-بىساتلىرىم ئارىسىدا يۇمشاق دىۋانىمغا ئىشەنچ بىلەن ئولتۇرۇپ ئويلاندىم. بىردىنلا خىيالىمغا ئۆز چۈشەنچىلىرىمدىن ئۆزگىچە بىر ئوي كەلدى. ياق، بولمايدۇ. بۇ ئوينى دەرھال كاللامدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتىم. لېكىن، بۇ چۈشەنچىمنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلالمىدىم. چوڭلۇدۇرگۈچى يەھيا ئىنسانلارنى ئەيساغا مايىل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولسا، ئەجەبا، بۇ ئادەم مېنىمۇ ئەيساغا مايىل قىلماقچىمۇ؟

بۇنداق پىكىر ئەقلىمگە سىغمايتتى. بۇنى ئېسىمدىن چىقىرىپ، ئۇخلاشقا تىرىشتىم.

ئۇ كېچە ياخشى ئۇخلىدىم.

ئەتىسى مەزىننىڭ نامازغا دالالەت قىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كەتتىم. ئالدىنقى كېچىدىكى قالايمىقان ۋە ئاجايىپ خىياللاردىن قۇتۇلغانىدىم. مەزىننىڭ ئاۋازى ماڭا

ھەقىقەتنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتى. ئۆزۈمنى ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ كىشىنى بىئارام قىلىدىغان تەسىرلىرىدىن يىراق بولغان خاتىرجەملىك ئىچىدە ھېس قىلدىم.

شۇ چاغدا رايىشەم ھۇجرامغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا چاي ئەمەس، ھېلىلا بىرەيلەن ئېلىپ كەلگەن بىر پارچە قەغەز بار ئىدى.

خەتنى مىجەل خانىم ئەۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭدا، ئىنجىلنىڭ «كورىنتلىكلەر» قىسمىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى 2-بابنىڭ 14-ئايىتىگە قاراق دەپلا يېزىلغانىدى.

ماڭا بەرگەن ئىنجىلنى دەرھال قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىدىم ۋە ئۇ ئايەتنى تاپتىم. ئۇنى ئوقۇپ ھەيران قالدىم.

«ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولغان بىزلەرنى ھەر دائىم ئۇنىڭ غالىب قوشۇنىدا بولۇشقا مۇيەسسەر قىلغان، ئۇنى تونۇشنىڭ خۇشپۇرىقىنى ھەممە يەردە بىز ئارقىلىق چاچقان خۇداغا شۈكۈرلەر بولغاي!»

ئىنجىلنىڭ بۇ قىسمىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم. پۈتۈن خىياللىرىم يەنە ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنىدى. دېمەك، ئەيساغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ خۇشپۇرىقى ھەممە يەرگە تارقىلىدىكەن. چۈشۈمدە ئەتىر ساتقۇچى ئالتۇن رەڭ ئەتىر قۇتىنى كاراۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلگە قويغان ۋە كېيىن خۇشپۇراقنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ھەمدە ئەتىسى ئىنجىلنىڭ ئۇ ئەتىر قۇتىسى قويۇلغان يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بۇ كارامەتنىڭ چۈشەنگىلى

بولمايدىغان يېرى قالمىغانىدى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتە ئارتۇقچە زىغىرلاپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدىم. ھاياتىمنىڭ ئەنئەنىۋي تەرتىپى بۇزۇلغانىدى. يەنە باشقا غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى. بىر پىيالە چاي ئىچسەم زېھنىمنى يىغىپ ئالارمەن. شۇنداق، چاي ئىچىشىم كېرەك. چاي ئەكىرىش ئۈچۈن قوڭغۇراق چالدىم.

مىچەل خانىم مېنى يەنە ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن، بۇ قېتىم بارمىغىنىم توزۇك دەپ ئويلىدىم. چۈنكى ئىنجىلنى ئۆز ئالدىمغا ئۆگەنسەممۇ بولىۋېرەتتى. بۇنداق قىلىش تېخىمۇ بىخەتەر ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. باشقا بىر كىشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولۇشنى تېخىمۇ خالىمايتتىم. لېكىن، بىر كۈنى نۇرجان ھۇجرامغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى ۋە غەلىتە بىر ئاۋاز بىلەن:

— مىچەل ئەپەندىم بىلەن خانىمى سىزنى يوقلاپ كەپتۇ، — دېدى.

مەن سەل بىئارام بولدۇم. ئۇلار نېمىگە كەلگەندۇ دەپ ئويلىدىم. لېكىن، دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ، خىزمەتچىگە ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاشنى ئېيتتىم.

ئالدىنقى قېتىم مەن مىچەل خانىمدا كۆرگەن مۇلايىملىقنى ئەمدى چاقان كۆز، قىزغۇچ چاچلىق، ئېگىز بويلۇق ۋە ئورۇق داۋىد مىچەلدىمۇ كۆردۈم.

ئۇياق مەن بىلەن كۆرۈشكىنىگە شۇ قەدەر خۇشال ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئۆيۈمگە كېلىشىدىن پەيدا بولغان بىئاراملىقىم شۇئان تارقىلىپ كەتتى. مىچەل خانىم ئاۋۋال قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئارقىدىن مېنى قۇچاقلىدى. مەن تاڭ قېتىپ قالدىم. ئائىلەمدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم، ھەتتا ئەڭ يېقىن دوستلىرىممۇ مېنى بۇنداق قۇچاقلىمىغانىدى. مەن

بىرئاز ئوڭايسىزلاندىم، لېكىن مىچەل خانىم بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى. كېيىسپ ئېيتالايمەنكى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئىچىمدە خۇش بولدۇم. ئۇنىڭ ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشى ھەرگىزمۇ سۈنئىي ئەمەس ئىدى.

داۋىد خۇشچاقچاق كىشى بولۇپ، ئامېرىكا تەلەپپۇزىدا سۆز ئېچىپ:

— گۈلچى خانىم بىلەن تونۇشقىنىمغا ئىنتايىن خۇشالمەن — دېدى.

مىچەل خانىمغا قارىدىم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزگە ئەسكەرتىپ قوياي، سىزنىڭ ئۇ كۈنى ئۆيىمىزگە كەلگەنلىكىڭىزنى داۋىدقا دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرماقچى بولدۇم. چۈنكى، ئۆتكەن ئەتىيازدا باغچىڭىزنى كۆرگىلى كەلگەندىن كېيىن بىز سىز توغرۇلۇق نۇرغۇن پاراڭلاشقاندۇق. تېلېگراممىدا بەرگەندە سىزنى خەتەرگە قويماسلىق ئۈچۈن ھەقىقىي ئىسمىڭىزنى ئىشلەتمەي، قانداق بىر ئىسىمنى ئىشلىتەيكى دەپ ئويلاۋاتاتتىم. بۇ چاغدا مەن دېرىزىدىن باغچىمىزغا قاراپ تۇراتتىم. بىردىن باغۇنىڭىز بەرگەن ئۇرۇقلاردىن ئۈنگەن گۈللەرگە كۆزۈم چۈشتى-دە، شۇئان گۈلچى خانىم دېگەن ئىسىم ئەقلىمگە كەلدى ۋە بۇنى سىزنىڭ مەخپىي ئىسمىڭىز قىلىپ تېلېگراممىدا شۇنداق يازغانىدىم.

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنى بىلىقىز دەۋرىسىڭىز بولىدۇ — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىزمۇ مېنى سىنتوۋى دەڭ، — دېدى مىچەل خانىم.

بۇ ئاجايىپ بىر زىيارەت بولدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلىشىم ئۈچۈن، مىچەل ئەپەندىم

بىلەن ئۇنىڭ خانىمىنىڭ مېنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىغا ئېلىشىنى ئاز-تولا خالاپ تۇراتتىم. لېكىن، ئۇنداق ئىش بولمىدى. بىز چاي ئىچكەچ ئۇياقتىن-بۇياقتىن پاراڭلاشتۇق. ئارىدا ئەيسا مەسىھنىڭ نېمە ئۈچۈن خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتالغانلىقىنى سورىدىم. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەيسا مەسىھنى بۇنداق دەپ تەرىپلەش چوڭ گۇناھ بولاتتى. ئۇلار ماڭا بۇ ئىبارىنىڭ جىسمانىي مەنىدە ئەمەس، روھىي مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئەلۋەتتە، خۇدا بىرەر خوتۇن ئېلىپ بالا تاپقان ئەمەستە.

— يەنە ئۈچىنىڭ بىرلىكى دېگەن بىر مەسىلە بار، خۇدا قانداقچە ئۈچ كىشى بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپ سورىدىم.

داۋىد سوئالىمغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن خۇدا بىلەن قۇياش توغرۇلۇق بىر تەمسىل كەلتۈردى:

— قۇياشنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى، يورۇقلۇقى ۋە رادىئاكتىپ نۇرلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئايرىم قۇۋۋىتىدىن بىلىمىز. بۇ ئۈچ قۇۋۋەت بىرلىكتە قۇياش دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئۈچ قۇۋۋەتكە ئايرىم-ئايرىم قارالسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئايرىم ھالدا قۇياش دېگىلى بولمايدۇ، — دەپ شەرھلىدى. ئۇلار ئاشۇنداق بىر دەم پاراڭلىشىپ قايتىشتى.

مەن بۇ ئىككى كىتاب بىلەن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆز ئالدىمغا مەشغۇل بولدۇم، يەنى ھەم قۇرئاننى، ھەم ئىنجىلنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. قۇرئاننى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئادەت بولۇپ قالغان ئەنئەنىۋى ۋەزىپە ھېسسىياتى بىلەن، ئىنجىلنى بولسا، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھېس قىلغان روھىي ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش

ئۆچۈن ئوقۇيتتىم.

بەزىدە ئىنجىلنى ئوقۇماسلىقنى ئويلايتتىم. ھەر ئىككى كىتابتا خۇدانى ھەقىقەتەن تاپقىلى بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، بىر كىتابتا يېزىلغانلار يەنە بىرىدىكىگە ماس كەلمەيتتى. لېكىن، مىچەل خانىم بەرگەن كىتابنى ئوقۇمىغان چاغلىرىمدا، ئىچىمنى غەلىتە بىر بىئاراملىق چىرماپ ئالاتتى.

ئۆتكەن ھەپتە ئۇ كىتابنى يەنە ئوقۇپ ئۆزۈمنى گويا گۈزەل بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بۇ، ئۇرۇق تېرىلىپ، سۇغۇرۇلۇپ بىنا قىلىنغان بىر باغچىنىڭ گۈزەللىكى ئەمەس، بەلكى روھقا ئائىت بىر ئويغىنىشنىڭ ئىچىمدىكى گۈزەللىكى ئىدى. مېنى بۇ گۈزەل دۇنياغا بىرىنچى قېتىم ئېلىپ كىرگەن ئىككى چۈشۈم ئىدى، يەنى مېنى مىچەل ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ خانىمنى زىيارەت قىلىشقا قىزىقتۇرغان ھېلىقى سادانىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ گۈزەل دۇنيانى يېڭىدىن تاپقاندىم. بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بۇ گۈزەل دۇنياغا كىرىشنىڭ بىر يولى بارلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدىم. چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىنجىلنى ئوقۇش ئارقىلىق ماڭا بۇ گۈزەل دۇنيانىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندى.

بىر كۈنى ماخمۇد قولى بىلەن بىر مەكزىنى تۇتقان ھالدا ئالدىمغا كىلىپ:

— ۋاي قولىقىم... ئاپا، قولىقىم ئاغرىۋاتىدۇ — دەپ چىدىماي يىغلاپ كەتتى.

قارىسام، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادەتتە مۇغەمبەرلىك قىلىدىغان بالا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يۇملاق كۆزلىرىدە كۆز ياشلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغىنىنى كۆردۈم.

بالىنى دەرھال ئورنىغا ياتقۇزۇپ ئاستا پەپىلىدىم. ئۇنىڭ ياستۇققا چۆكۈپ كەتكەن بېشىدىكى چاچلىرى قۇندۇزدەك قاپقارا ئىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇيقىغا كەتتى. مەن دەرھال راۋالپىندىدىكى مۇقەددەس ئائىلە دوختۇرخانىسىغا تېلېفون قىلدىم. ھەش-پەش دېگىچە تېلېفوننى ئالغان تونى مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى، يەنى ئەتىسى چۈشتىن كېيىن دوختۇرنىڭ ئوبدانىراق تەكشۈرۈپ بېقىشى ئۈچۈن ماخمۇدنى بالنىتسىدا ياتقۇزماقچى بولدۇق. ئۇ يەردە مەن ماخمۇدنىڭ ھۇجرىسى بىلەن بىر تام ھۇجرىدا، خىزمەتچىلىرىمىدىن بىرى بولسا مېنىڭ ھۇجرامغا قوشنا كىچىك ھۇجرىدا ياتىدىغان بولدۇق.

ئەتىسى كەچكە يېقىن دوختۇرخانىنىڭ ھەممە نەرسىسى تەييار ئازادە ھۇجرىلىرىغا ئورۇنلاشتۇق. ئۇ كېچە تونىنىڭ ۋەزىپىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىزگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردى. ماخمۇد ئاپىسى ئەكەلگەن رەسىملىك كىتابنى ۋاراقلايتتى. ئانا-بالا ئىككىسى رەسىملەرگە قاراپ كۈلۈشەتتى. مەن بولسام ھۇجرامدا ئولتۇرۇپ ئىنجىلنى ئوقۇيتتىم.

تۇيۇقسىز ھۇجرىدىكى ئېلېكتىر چىراغلار لاپىلداپ، كېيىن ئۆچۈپ قالدى. ھۇجرا قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. مەن تاقەتسىزلىنىپ:

— يەنە توك كەتتىمۇ نېمە؟ شام بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم. شۇ ئارىدا ئىشىك ئېچىلىپ، قولىدا پانار تۇتقان بىر سىستېرا راھىبە كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇش خۇي ئاۋاز بىلەن:

— قاراڭغۇلۇق سىلەرنى ئانچە بىئارام قىلماس دەيمەن. ھازىرلا شام ئەكىرىپ بېرىمىز، — دېدى. ئۇياقنى تونۇدۇم، پاكار بويلۇق، كۆزەينەك تاقىغان بۇ ئايال مۇشۇ چوڭ دوختۇرخانىنىڭ

باشلىقى بولۇپ، فىلىپپىنلىك پىيا سانتىياگو ئىدى. ئالدىنقى قېتىم دوختۇرغا كەلگىنىمدە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قولىدا بىرقانچە شام تۇتقان باشقا بىر سىستېرا ھۇجرىغا كىردى. بىرئازدىن كېيىن ھۇجرا غۇۋا يورىدى. ماخمۇد بىلەن تونى ئويۇنلىرىنى داۋاملاشتۇردى. مەن بولسام دوختۇر سانتىياگو بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدىم. گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ قولۇمدىكى ئىنجىلغا قاراپ-قاراپ قويغىنىنى بايقىدىم.

— ئىككىيلەن بىرئاز ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق قانداق؟ — دەپ سورىدى دوختۇر سانتىياگو.

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ، — دېدىم مەن ۋە بۇ سۆھبەتنى ئۆزئارا ئەھۋاللىشىشتىن باشقا ياققا كەتمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇ كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرۇۋاتقىنىدا ئاپئاق كىيىملىرى شالدىرلاپ كەتتى.

ئۇ كۆز ئەينىكىنى ئېلىپ، قول ياغلىقى بىلەن پىشانىسىنى سۈرتۈۋېتىپ،

— تىنچلىق بولسا، بۈگۈن ئاخشام ئىش تولا، — دەپ قويدى.

ئۇياق كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى. مۇسۇلمانلار مال-دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، خۇدا يولىدا خىزمەت قىلىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان بۇنداق ھەمشىرە ئاياللارنى ھەمىشە ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرى خاتا دېيىلسىمۇ، بۇلار ھەقىقەتەن سەممىي ئىدى. يەنە بىرئاز پاراڭلاشتۇق. لېكىن، بىز پاراڭلىشىۋاتقاندا ئۇنىڭ مەندىن بىر نەرسە سورىماقچى بولۇپ ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇ ئىنجىلغا قىزىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كىتابقا ئىنتايىن قىزىققان ھالدا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئاخىرى ئۇ ماڭا تازىم قىلىپ،

ئۆزۈملا ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋاز بىلەن:

— شەيخ خانىم، ئىنجىل بىلەن سىزنىڭ نېمە ئالاقىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى.

— ھەقىقىي خۇدانى ئىزدەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن ئۇنىڭغا. كېيىن شاملارنىڭ لىپىلداپ تۇرغان يورۇقىدا، ئاۋۋال سەل ئەيمىنىپ، كېيىن ئىنتايىن جاسارەت بىلەن ئۇنىڭغا چۈشلىرىمنى، مىچەل خانىمنى زىيارەت قىلغانلىقىمنى ۋە قۇرئان بىلەن ئىنجىل ھەققىدە قانداق ئىزدىنىۋاتقانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئاخىرىدا قەتئىي بىر ئاۋاز بىلەن:

— نېمە بولسا بولسۇن، ھەقىقىي خۇدانى تېپىشىم كېرەك، — دېدىم.

— لېكىن سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلاردا مېنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ، خۇدانى قانداق... نېمە دېسەم بولار... سۆيىتىدە تونۇشتۇرىدۇ. مەن بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، مۇھىم بىر نۇقتا ئۈستىدە توختالغىنىمنى ھېس قىلدىم.

پاكار راھىبنىڭ كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق نۇرلىرى چاقنىدى. ئۇ ماڭا تازىم قىلىپ:

— شەيخ خانىم، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجان بىلەن تىترەپ چىقاتتى.

— بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئېتىقادتا بولىدىغانلىقىمىزنى ھەقىقىي ئۇقماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ بىر يولى بار، يەنى ئېيتماقچى بولغۇنۇم سىزگە بىرئاز غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ يولنى سىز ئۆزىڭىز سىناپ كۆرۈڭ. سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىز ئىزدەۋاتقان خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭدىن سورىمايسىز؟ سىزگە توغرا يولنى كۆرسىتىشنى

ئۆنىڭدىن تەلەپ قىلىق، ئۇنىڭ بىلەن شەپقەتلىك دوستىڭىزغا مۇراجىئەت قىلغاندەك سۆزلىشىڭ.

مەن كۆلۈمسىرىدىم. بۇنىڭ ئورنىغا بىر تاغقا چىق دېگەن بولسا، ماڭا ئاسان چۈشكەن بولاتتى. لېكىن، دوختۇر سانتىياگونىڭ يەنە بىر سۆزى مېنى خۇددى ۋۇجۇدۇمدىن ئېلىپكىتەر ئېقىمى ئۆتكەندەك چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ قوللىرىنى بىر-بىرىگە جۈپلىدى، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ تاراملاشقا باشلىدى. ئۇ شۇ ھالدا پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ئۆز ئاتىڭىز بىلەن سۆزلەشكەندەك سۆزلىشىڭ، — دېدى.

مەن كەينىمگە داجىدىم. ھۇجرىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ماخمۇد بىلەن تونۇمۇ جىم بولۇپ قالغانىدى. راھىبىگە ئۆزۈندىن-ئۆزۈن تىكىلىپ قارىدىم. شامنىڭ يورۇقى ئۇنىڭ كۆز ئەينەكلىرىدە يالتىرلايتتى.

خۇدا بىلەن ئاتامدەك سۆزلىشەلمەيمەن؟... بۇ ئوي مېنى ھاياجانغا سالاتتى. لېكىن ھەقىقەت شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھەق سۆزدە ھەم كىشىنىڭ تەنلىرىنى جۇغۇلدىتىدىغان ھەم كىشىگە تەسەللى بېرىدىغان تەسىر بارغۇ.

بىردىن ھەممەيلەن يەنە سۆزلەپ كەتتۇق. تونى بىلەن ماخمۇد كۆلۈشۈپ رەسىملىك كىتابچىكى كۆنلۈكنى سۆسۈن رەڭدە بوياش بىلەن ھەپىلەشتى. دوختۇر سانتىياگو ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممىمىزگە خەيرلىك كېچە تىلەپ، راھىبە كىيىمنى تۈزەشتۈرۈپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى.

دۇئا ۋە ئەيسا مەسىھ ھەققىدە باشقا سۆز بولمىدى. لېكىن، مەن ئۇ كېچىنى ۋە ئەتىسى بىر كۈننى مەس ئادەمدەك ئۆتكۈزدۈم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دوختۇرلار ماخمۇدنى بىئارام قىلغان كىسەلنى ئېنىقلىيالمىغانىدى. ماخمۇد ئەمدى قۇلىقىنىڭ

ئاغرىقى توختاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. دەسلەپتە پۈتۈن ئەجرىمىز بىكارغا كەتتى، دەپ تېرىكىشكە باشلىغان بولساممۇ، لېكىن كېيىن، ئەجەبا خۇدا مەن چۈشەنمەيدىغان بىر شەكىلدە بىزنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ دوختۇر سانتىياگو بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

شوپۇرۇم مەنسۇر ئۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى بىزنى ۋاھ يېزىسىغا ئېلىپ قايتتى. چوڭ يولدىن ئۆيىمىزنىڭ كوچىسىغا بۇرۇلغاندا، بىنايىمىزنىڭ كۆلىرەڭ تېمى دەل-دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئادەتتە، ئادەملەرگە كۆرۈنمەسلىكنى ئارزۇ قىلغان چاغلىرىمدا بۇ ئۆيۈمدە پاناھلىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن، بۈگۈن ئۆيىمىزدە بىر ئۆزگىرىش باردەك، ئۇ يەردە ماڭا بىر ئىش بولىدىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

ماشىنا قورۇنىڭ ئۇزۇن يولىدا كېتىۋاتقاندا مەنسۇر بىرنەچچە قېتىم سىگنال بەردى. خىزمەتچىلەر دەرۋازىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ھەممىيلەن بىر ئېغىزدىن، بالا قانداق، ياخشىمۇ؟ دەپ سورىشاتتى.

شۇنداق، ماخمۇد ياخشى بولۇپ قالدى، دەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدىم. لېكىن، مېنىڭ خىيالىم بىزنى قارشى ئالغۇچىلاردا ئەمەس، خۇدانى تېپىشىم ئۈچۈن ماڭا كۆرسىتىلگەن يېڭى يولدا ئىدى. بۇ يېڭى يولنى ياخشى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ياتاق ھۇجرامغا چىقتىم. ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ خۇدانى ئۆز ئاتىسى دەپ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بالا ۋاقتىمدىن بېرى ماڭا خۇداغا ئائىت بىلىمنىڭ پەقەت بەش ۋاق ناماز، قۇرئاننى ئوقۇش ۋە ئوقۇلغانلار ئۈستىدە ئويلاش بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقى ئېيتىلغاندى. لېكىن، دوختۇر سانتىياگونىڭ

سۆزلىرى قۇلاقلىرىمدىن كەتمەيتتى. خۇدا بىلەن سۆزلىشىڭ، ئۇنىڭغا ئاتىڭىز بىلەن سۆزلەشكەندەك مۇراجىئەت قىلىڭ.

ھۇجرامدا تەنھا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ئاتا دەپ توۋلاشقا تىرىشتىم. ھېچ جاۋاب بولمىدى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم. دەرۋەقە بۇ كۈلكىلىك ئىش ئىدى. ھەممە ئۇ ئۇلۇغ زاتنى ئۆز سەۋىيىمىزگە چۈشۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن گۇناھ سادىر قىلغان بولمامدۇق؟ ئۇ كېچە كاللام مۇرەككەپ ئويلار بىلەن قالايمىقانلىشىپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئويغاندىم. تۈن يېرىمدىن ئۆتكەندى. بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى. دېكابىرنىڭ ئون ئىككىسى، قىرىق يەتتە ياشقا تولغان كۈنۈم ئىدى. بىردىن ھاياجانلىنىپ كەتتىم. بۇ ھاياجانلىق بالىلىقىمدا، ياشلىق دەۋرىمدە باغچىمىزدا تەنتەنە قىلىشقان چالغۇچىلارنى ۋە ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيىمىزگە كىرىپ چىقىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزنى ئەسلەشتىن پەيدا بولغان ھاياجانلىق ئىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇنداق خۇشاللىق تەنتەنە بولمايتتى. بەلكىم تېلېفون بىرنەچچە قېتىم جىرىڭلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئىھ، ئۇ بالىلىق كۈنلىرىمنى نەقەدەر سېغىناتتىم! ئاپام بىلەن دادامنىڭ ئەڭ ياخشى چاغلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشتىم. ئاپام گۈزەل، مېھرىبان بىر خانىشتەك ئايال ئىدى. دادامنىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىسى مېنى ھەمىشە پەخىرلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ رەتلىك كىيىنىپ، ئىدارىسىغا مېڭىشتىن ئاۋۋال ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سەللىسىنى تۈزەشتۈرۈشى، قويۇق قاشلار تېگىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، بۇركۈت تۇمشۇقىدەك قاڭشارلىرى، ھەيۋەتلىك تۈس بېرىپ تۇرغان چىرايى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى.

ئەڭ مۇھىم خاتىرىلىرىمدىن بىرى، ئۇنى ئىشخانىسىدا

كۆرگەن كۈنلىرىم ئىدى. ئۇ زامانلاردا ئوغۇللار قىزلاردىن ئۈستۈن قارالسىمۇ، دادام پۈتۈن بالىلىرىنى ئوخشاش مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۆيەتتى. گۆدەك ۋاقىتلىرىمدا، كۆپ قېتىم ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سوراش ئۈچۈن ئىدارىسىغا بېرىپ ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. دادامنىڭ خىزمىتىگە دەخلى قىلىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىشىكنىڭ ئارىلىقىدىن بېشىمنى تىقىپ ئۇنىڭغا قارايتتىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ قالسا شۇ ھامان سىياھ سۈمۈرىدىغان قەلىمىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئورۇندۇقىغا يۆلەنگۈنچە مېنى قېبىچا، دەپ چاقىراتتى. مەن يەرگە قارىغىنىمچە ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭاتتىم. ئۇ كۈلۈمسىرەپ، يېنىدىكى ئورۇندۇققا قولىنى ئاستا ئۇرۇپ،

— كەل تاتلىقىم، بۇ يەردە ئولتۇر — دەيتتى. ئاندىن كېيىن بىر قولى بىلەن مېنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتاتتى ۋە مۇلايىم ئاۋاز بىلەن،

— ھە، گەپ قىل قوزام، نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورايتتى.

دادام ھەر دائىم شۇنداق ئىدى. ئۇنى ئاۋارە قىلساممۇ ئاچچىقلانمايتتى. بىرەر مەسىلە ياكى بىرەر سوئالىم بولسا، ھەرقانچە ئىشى بولسىمۇ، ئىشنى بىر ياققا قويۇپ، پۈتۈن دىققىتىنى ماڭا بېرىشكە تەييار ئىدى...

ئورنۇمدا يېتىپ، مانا شۇ شېرىن خىياللار ئىچىدە ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن. ئاھ، رەھمەت ساڭا، دەپ خۇداغا ئۈنلۈك ئىلتىجا قىلدىم. راستىنلا خۇدا بىلەن سۆزلەشكىلى بولارمۇ؟

بىردىنلا ئىچىمدە بىر ئۈمىد نۇرى يوردى. خۇدا ھەقىقەتەن بىر ئاتىغا ئوخشاش بولسا، قانداق بولار؟ مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئاتام، سوئاللىرىمنى ئاڭلاش ئۈچۈن ھەرقانداق

ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قوياتتى. ئەرشتىكى ئاتامۇ شۇنداق...
ھاياجانلانغان ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، گىلەم ئۈستىدە تىزلاندىم. كۆزلىرىمنى كۆككە تىكىپ، ئىچىمدە پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى ۋە تولۇق بىر چۈشەنچ بىلەن خۇدانى ئاتا ! دەپ توۋلىدىم.

بۇ ئىلتىجايىمدىن كېيىن نېمە ۋەقە بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

# بىر قارارغا كېلىش

ئى ئاتا،... ئاتام خۇدا... دەپ خۇدۇكسىنغان ھالدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردىم. ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى قىلىشقا تىرىشتىم. كېيىن بىردىنلا ئىچىمدىكى خۇدۇكسىنىشلار چىقىپ كەتكەندەك، خۇدانىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغانلىقىغا، بۇ دۇنيادىكى ئاتام مېنىڭ سۆزلىرىمنى ھەر دائىم ئاڭلاپ تۇرغىنىدەك خۇدانىڭمۇ ئاڭلايدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدىم.

ئىشەنچىم تېخىمۇ ئېشىپ، ئاتا، ئى مېنىڭ خۇدا ئاتام دەپ توۋلىدىم. كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى كىچىك گىلەم ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بۇ يوغان ئۆينىڭ ئىچىدە بىردىن ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى سەزدىم. خۇدا مەن بىلەن بىللە ئىدى. مەن بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىناتتىم، گويا ئۇنىڭ مېھىر-شەپقەت ۋە رەھىمدىللىكىگە تولغان كۆزلىرىنى كۆرىۋاتقاندەك بولدۇم. خۇدا ماڭا شۇ قەدەر يېقىن ئىدىكى، ئۇنىڭ قولى بېشىمدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم. كىچىك بىر قىز ئاتىسىنىڭ ئاياغلىرى تۈۋىدە قانداق ئولتۇرسا، مەنمۇ گويا شۇنداق ئولتۇرۇپ، بېشىمنى ئۇنىڭ تىزلىرى ئۈستىگە قوياتتىم. ئۇزۇندىن ئۇزۇن تىزلىنىپ ئولتۇردۇم. ئىچ-ئىچىمدىن ئاتا دەپ، ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە سىغىناتتىم. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەتتىم، ئۇنى بۇرۇن تونۇمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايتتىم. ئۇنىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە مېھرىبانلىقى مېنى يەنە باغرىغا ئالغانىدى.

شۇ ئەسنادا، مېھىر-شەپقەتكە تولغان بۇ ھۇزۇرنىڭ ھېلىقى خۇشپۇراقلار بىلەن تولغان كۈندىكى، يەنى باغچەمدە

ھېس قىلغان ھوزۇرنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. بۇ، ئىنجىلنى ئوقۇۋاتقىنىمدا مېنى ھاياجانلاندۇرغان ھوزۇرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ئاتا، كاللام ئىشلىمەي قالدى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن. ماڭا توغرا يول كۆرسەتكەيسەن، دېدىم. كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلگە قولۇمنى ئۇزىتىپ، ئۇ يەردە تۇرغان قۇرئاننى ئالدىم. بىر قولۇمدا ئىنجىل، يەنە بىر قولۇمدا قۇرئاننى ئېگىز كۆتۈرۈپ: ئەي ئاتا، بۇلاردىن قايسىسى سېنىڭ سۆزۈڭ؟ دەپ سورىدىم.

شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر ئىش بولدى. شۇ كۈنگىچە بۇنداق بىر ئىشنى ئۇچراتمىغانىدىم. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن كەلگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بۇ ئاۋاز گويا كاللامنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتاتتى. ماڭا سۆزلەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا قۇلاق سالدىم، ئۇنىڭدا بىر يېڭىلىق، رەھىم-شەپقەت ۋە بىر ئىقتىدار بار ئىدى.

— قايسى كىتابتا مېنى ئاتاڭ دەپ تونۇدۇڭ؟

— ئىنجىلدا — دەپ جاۋاب قايتۇردۇم.

باشقا گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەمدى قايسى كىتابنىڭ ئۇنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. قول سائىتىمگە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. ئارىدىن ئۈچ سائەت ئۆتكەندى. ئۆزۈمنى ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم. دۇئا قىلغۇم، ئىنجىلنى ئوقۇغۇم كېلەتتى. چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاتامنىڭ ماڭا گەپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئاخىرى ياتىقىمغا كىردىم. ئەتىسى خىزمەتچىلىرىمگە مېنى بىئارام قىلماسلىقنى ئېيتىپ، ئىنجىلنى تۈتقىنىمچە دىۋانغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇم ۋە ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمىنىڭ بىرىنچى

بابىنى ئېچىپ، قىزىقىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

خۇدانىڭ ئۆز بەندىلىرى بىلەن چۈشلىرىدە سۆزلەشكىنىنى ئوقۇپ ھېسسىياتىم يەنە قوزغالدى. «ماتتا» قىسمىنىڭ بىرىنچى بابىدا خۇدا بەش قېتىم بەندىلىرى بىلەن شۇنداق سۆزلەشكەنىدى، يەنى مەريەمنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى قوللاش ئۈچۈن خۇدا يۈسۈپ بىلەن سۆزلەشكەن، شەرق ئەللىرىدىن كەلگەن ئۆلىمالارنى ھىرودخاندىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان، شاكىچىك ئەيسانىڭ خەتەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۈچ قېتىم يۈسۈپ بىلەن سۆزلەشكەنىدى.

ھازىر ئىنجىل قولۇمدىن چۈشمەيتتى. ھەر قېتىم ئىنجىلنى ئوقۇسام ئۇ مېنى خۇدا بىلەن تېخىمۇ يېقىن بىر ئالاقە ئورنىتىشقا ئىلھاملاندۇراتتى ۋە ئىنتىلدۈرەتتى.

ئۆزۈمنى تۆت كوچىنىڭ ئاغزىدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم. شۇ ۋاقىتقىچە خۇدانى ئاتا دەپ تونۇمىغانىدىم. ئىچىمدە قوزغالغان ھېسسىياتلار ئۆزۈمنى خۇدا ئەۋەتكەن ئەيسا مەسىھكە پۈتۈنلەي تاپشۇرۇشقا ئۈندەيتتى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسام بۇ يېڭى تونۇغان خۇدانى رەت قىلغىنىم تۈزۈك ئىدى. چۈنكى، خۇدا مەندىن يېرىم-يارتا ئېتىقاد تەلەپ قىلمايتتى.

يېقىن كىشىلىرىم بولسا ئەيسا بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىمنى خالىمايتتى. بۇنى ياخشى بىلەتتىم. بۇرۇن ئۆتكەن مەلۇم بىر كۈن ئېسىمگە كەلدى. بىرقانچە يىللارنىڭ ئالدىدا دادام بىلەن ئىككىلەن ئائىلىمىزگە تەۋە بولغان مەسچىتكە بارغاندۇق. مەسچىتنىڭ ئېگىز گۈمبەزلىك پەشتىقى ئاستىدا تۇرغىنىمىزدا دادام قولۇمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ زور خۇشاللىق ۋە ھاياجان بىلەن ئائىلىمىزدىن يىگىرمە ئەۋلاد كىشىنىڭ بۇ

مەسچىتتە ناماز ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىپ،

— بۇنداق ئەسىرلەر گۇۋا بولغان بىر ھەقىقەتكە مەنسۇپ بولۇش سەن ئۈچۈن نەقەدەر يۈكسەك بىر شەرەپ، شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ كىچىك قېپچام — دېگەنىدى.

قىزىم تونى ئېسىمگە كەلدى. بۇ ياش ئايال دەرۋەقە غەمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغانلىقىمنى ئاڭلاپ قالسا!... ئۇندىن باشقا يىراقتا تۇرىدىغان باشقا بالىلىرىممۇ بار ئىدى. ئەيسا مەسىھكە ئۆزۈمنى تاپشۇرسام، ئۇلار مېنى ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىسى بولدى دەپ، مەندىن خاپا بولۇشاتتى. ئەلۋەتتە پاتىخ تاغامچۇ! ئۇ مەن تۇغۇلۇپ تۆتىنچى يىلىنىڭ تۆتىنچى ئاي، تۆتىنچى كۈندە، يەنى قۇرئاننى ئوقۇشقا باشلىغان بىرىنچى كۈنۈمدە ماڭا خۇشاللىقتا تولغان نەزىرى بىلەن قارىغانىدى. ئۇندىن باشقا ئەمىنە هاممام! باشقا تۇغقانلىرىمچۇ! 100گە يېقىن تاغىلىرىم، چوڭ دادىلىرىم، ھاممىلىرىم، چوڭ ئاپىلىرىم ۋە بىر نەۋرە قېرىنداشلىرىم بار ئىدى. بىزنىڭ پاكىستاندىكى ئائىلىمىز پۈتۈن ئۇرۇق-جەمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئائىلىنىڭ ھەربىر ئەزاسى بىر-بىرىگە جاۋابكار ئىدى. ئەيساغا ئېتىقاد قىلسام، كوچىدا سۈپۈرىدىغانلار بىلەن باراۋەر ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ ھېسابلىناتتىم. ھەر جەھەتتىن بۇ چوڭ ئائىلىمىزنىڭ شەرىپىگە نۇقسان يەتكۈزەتتىم. مەسىلەن، بىر نەۋرە ھەدە-سىڭىللىرىمنىڭ نىكاھلىنىش ئىمكانىيەتلىرىگە نۇقسان يەتكۈزەتتىم. چۈنكى، مېنىڭ قارارىم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرىغا داغ تەككۈزەتتى.

لېكىن، ھەممىدىن يامىنى نەۋرەم ماخمۇدقا قانداق بولار، دەپ ئەنسىرەيتتىم. ماخمۇدنىڭ دادىسى كاللامغا كىرىۋالدى. ئۇ ئاچچىقى يامان بىر ئادەم ئىدى. ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىشكە

قارار قىلسام، بالىغا قاراشقا لاياقەتسىزلىكىمنى باھانە قىلىپ، ماخمۇدنى مەندىن تارتىپ ئەكېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ كۈنى ھۇجرامدا جىمجىت ئولتۇرۇپ ئىنجىلنى ئوقۇدۇم ۋە ئويلاندىم. ئويلىغانسېرى قەلبىم پارە-پارە بولاتتى. ئۇرۇق-جەمەتىمگە كەلتۈرىدىغان ئازابلارنى ئويلاپ چىدىماي يىغلىۋەتتىم. كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يەلكەمگە شارپا ئارتقىنىمچە باغچىغا چىقتىم. ئۇ يەر مېنىڭ پاناھگاھىم ئىدى. ئۇ يەردە بىئارام بولماي ئويلىنالايتتىم.

شىغىللىق يولدا كېتىۋېتىپ،

— ئى رەببىم، — دېدىم،

— سەن راستتىنلا مېنىڭ ئائىلەمدىن ۋاز كېچىشىمنى خالامسەن؟

مېھىر-شەپقەتكە تولغان خۇدا مېنىڭ باشقىلارغا ئازاب چەكتۈرۈشۈمنى خالامدۇ؟ بۇ ئۈمىدسىزلىكنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى. بۇ سۆزلەرنى ھېلىلا ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمىدىن ئوقۇغانىدىم:

> «ئاتا-ئانىسىنى مەندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلار مېنىڭ شاگىرتىم بولۇشقا لايىق ئەمەس. ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئازاب تارتىشقا، ھەتتا قۇربان بولۇشقا تەييار بولمىغانلارمۇ مېنىڭ شاگىرتىم بولۇشقا لايىق ئەمەس». (ئىنجىل: «ماتتا» 10-باب، 37-، 38-ئايەتلەر)

ئەيسا مەندىن بىرىم-يارتا ئېتىقاد تەلەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى تولۇق ئېتىقاد ۋە ئالىيجاناب مېھىر-مۇھەببەت ئىدى. بۇ سۆزلەر مېنى بىئارام قىلىدىغان ۋە

قاتتىق تەلەپچان، مەن ئاڭلاشنى خالىمايدىغان سۆزلەر ئىدى.

بەس! بۇ بىسمىغا ئارتۇقچە بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۆيگە كىرىپ، مەنسۇرنى چاقىرتتىم. ھودۇقعان ھالدا كىرىپ كەلگەن خىزمەتچىمگە ھازىرلا راۋالپىندىگە بېرەلچە كۆنلۈك باردىغانلىقىمنى ئېيتتىم ۋە مەن بىلەن ئالاقىلىشىشقا توغرا كەلسە، قىزىمنىڭ يېنىدا بولىدىغانلىقىمنى ئىزاھلىدىم. مەنسۇر مېنى ماشىنا بىلەن راۋالپىندىگە ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ماگىزىنلارنى ئايلاندىم. ماخمۇدقا ئويۇنچۇقلار، ئۆزۈمگە بولسا پەدەز بۇيۇملار ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ئالدىم. بۇ ئېلىم-سېتىم دۇنياسىغا چۆككىنىمدە خۇدانىڭ شەپقەتلىك ھۇزۇرىدىن ئاستا-ئاستا يىراقلىشىشقا باشلىدىم. ئاخىرى ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلدىم. ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىش-ئەگەشمەسلىك قارارىغا تېخى كېلەلمىگەنىدىم.

بىر كۈنى ئاخشىمى ھۇجرامدا ئوتنىڭ ئالدىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئىنجىلنى يەنە قولۇمغا ئالدىم. ماخمۇد يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھۇجرا جىمجىت ئىدى. باغچە تەرەپتىن چىققان شامال دېرىزىلەرنى تاراقشىتاتتى. ئوچاقتىكى ئوت بەزىدە چارسىلداپ كۆيسە، بەزىدە جىمىپ قالاتتى.

ئىنجىلنىڭ «ۋەھىي» قىسمىغىچە ئوقۇپ چىققانىدىم. ئەمدى ئاخىرقى قىسمىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. چۈشىنىش تەس بولسىمۇ، ئوقۇغانلىرىم ماڭا خېلىلا تەسىر قىلدى. گويا قېلىن ئورمانلار ئارىسىدا بىرى ماڭا يول كۆرسىتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىردىنلا بىر جۈملە سۆزگە كۆزۈم چۈشتى. ئوقۇغانلىرىمنىڭ تەسىرىدىن بېشىم ئايلىناتتى. ئىنجىلنىڭ «ۋەھىي» قىسمىنىڭ ئۈچىنچى بابىنىڭ 20- ئايىتىنى ئوقۇدۇم:

«ئاڭلا، مەن ھازىر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، ئىشىكنى قېقىۋاتىمەن. ئەگەر بىرى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىمەن. ئۇنىڭ بىلەن غىزالىنىمەن، شۇنداقلا ئۇمۇ مەن بىللە غىزالىنىدۇ».

ھەيرانلىقتىن ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى. كىتاب قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى.

بۇ مەن كۆرگەن، يەنى ئەيسا مەسىھ بىلەن بىر داستىخاندا بولغان چۈش ئىدى. بۇ چۈشنى كۆرگەندە، ئىنجىلدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. ئەيسانى يەنە ئالدىمدا، ئۈستەلدە ئولتۇرغان ھالدا كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ تەبەسسۇم چىرايىدىن خۇش كېلىپسىز دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئاتىدا بولىدىغان ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭدىمۇ بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا مۇناسىپ بولغان ئۇلۇغلۇق ئىدى.

شۇ ۋاقىتتا مەن چۈشۈمنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. يول ئوچۇق ئىدى:

يا ئۇنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك، يا رەت قىلىشىم كېرەك، ياكى ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ھاياتىمغا داۋاملىق دەۋەت قىلىشىم كېرەك، ياكى بولمىسا ئىشىكنى تاقىۋېتىشىم كېرەك. دېمەك، يا ماقۇل ياكى ياق، دەپ قارارىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك ئىدى.

قارارىمنى بىلدۈردۈم.

ئوتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ،

— ئى خۇدا، ساڭا مەنسۇپمەن، ھاياتىمغا ئىگە بول. ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ساڭا تاپشۇردۇم، — دېدىم. بۇ قارارىمنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار دەپ قايغۇمۇ قىلمىدىم، باشمۇ

قاتۇرمىدىم. شۇ پەيتتە ھاياتىمنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ پاناھىدا ئىكەنلىكىدىن خاتىرجەم ئىدىم.

خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى يوقاتقانىدىم. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھەم خۇدا ئاتىمىز بىلەن ھەم ئۇنىڭ مۇقەددەس ئوغلى بىلەن تونۇشقانىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىۋىتىمنى تۈزەشتۈردۈم. تۆرلۈك خىياللار كاللامدىن بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتەتتى. ھاياجانلىناتتىم. بۇ يولدا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىشىم كېرەكمىدۇ؟ ئىنجىلنىڭ ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى قىسمىدا، ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ مۇقەددەس روھقا تولغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم. مەنمۇ مۇقەددەس روھقا تولۇشۇم كېرەكمىدۇ؟ بېشىمنى ياستۇققا قويۇۋېتىپ،

— ئى رەب، ماڭا يول كۆرسىتىدىغان سەندىن باشقىسى يوق، مۇقەددەس روھىڭغا تولۇشۇمنى تەلەپ قىلساڭ، مەنمۇ سېنىڭ تەلىپىڭنى خالايمەن ۋە ئۇنىڭغا تەييارمەن، — دېدىم. كېيىن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرغىنىمغا ئىشىنىپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

1966-يىلى 24-دېكابىر ئەتىگەنلىكى ئويغانسام تالا تېخى قاراڭغۇ ئىدى. ئىچىمدە بىر ئۆمىد قوزغۇلۇۋاتاتتى. سائەتنىڭ فوسفورلۇق ستىرېلكىسى سائەت ئۈچ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ھۇجرا سوغۇق ئىدى. لېكىن، ۋۇجۇدۇم ھاياجانلىققا تولغانىدى.

كارىۋاتتىن چۈشۈپ سوغۇق گىلەم ئۈستىگە تىزلاندىم. كۆزلىرىمنى گويا يوغان بىر نۇرغا قاراۋاتقاندەك كۆككە تىكىپ، قوللىرىمنى ئېگىز كۆتۈردۈم. ئىسسىق كۆز ياشلىرىمنى تاراملىتىپ تۇرۇپ خۇداغا يېلىندىم:

— ئى، خۇدا ئاتا، مېنى مۇقەددەس روھىڭغا تولدۇرغايسەن.

ئىنجىلنى قولۇمغا ئېلىپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدۇم:

«يەھيا پەيغەمبەر پۇقرالارنى سۇغا چۆمۈلدۈردى، سىلەر بولساڭلار، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا چۆمۈلدۈرۈلىسىلەر». (ئىنجىل: «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 1-باب، 5-ئايەت)

— ئى رەببىم ئەگەر بۇ سۆزلىرىڭ توغرا بولسا، ئەمدى مېنى مۇقەددەس روھىڭغا چۆمۈلدۈرگەيسەن، — دېدىم، ۋە سوغۇق يەرگە دۈم يېتىپ يىغلىدىم.

— ئى رەببىم — دەپ ئۆكسۈدۈم، — بۇ يەردە مۇشۇنداق ياتىمەن، ۋۇجۇدۇمغا مۇقەددەس روھىڭ چۈشكىچە بۇ يەردىن تۇرمايمەن. ئىچىم شۇئان بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ھۆرمەت، ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ ھېسسىياتلىرى بىلەن تولدى. چۈنكى جىمجىت قاراڭغۇ ھۇجرىدا ئۇنىڭ دىدارىنى كۆردۈم. دېڭىز ئوكيانلارنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرىنى ئەسلەتكۈدەك دولقۇنلارنىڭ ئىچىمدە جۇش ئۇرۇپ، بېشىمدىن پۇت-قوللىرىمنىڭ ئۇچلىرىغىچە بىرنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ روھىمنى يۇيۇپ تازىلاۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

كېيىن بۇ كۈچلۈك دولقۇنلار ئاستا-ئاستا بېسىلدى. ئۆزۈمنى باشتىن-ئاياغ پاك ھېس قىلدىم ھەمدە شۇئان ئىچىمدە بىر خۇشاللىق جۇش ئۇردى. مەن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خۇداغا شۈكۈر ئېيتىشقا ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشقا باشلىدىم.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن رەب مېنى گويا ئورنۇمدىن دەس تۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتى. دېرىزەمدىن تاڭ سۈزۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. كارىۋىتىمغا قايتىپ كېلىپ،

— ئى رەببىم، — دەپ دۇئا قىلدىم، — سەن ۋەدە

قىلغان جەننەت بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن بولماس. سېنى تونۇش خۇرسەنلىكىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ساڭا يېقىن بولۇش ئىناقلىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر. جەننەت دېگەن مانا شۇ بولسا كېرەك.

شۇ سەھەر پەقەت ئىككى سائەت كۆز يۇمۇپتىمەن. بىرئازدىن كېيىن خىزمەتچىلىرىم كىيىنىشىمگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ھۇجرامغا كىرىشتى. بۈگۈن ھاياتىمدا بىرىنچى قېتىم ئۇلارغا كىنايە گەپ قىلمىدىم. كۈن يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان ھۇجرام بىر خىل ھۇزۇر ۋە راھەتلىككە تولغانىدى. رايىشەم شۇ كۈنگىچە قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلغانىدى، يەنى ئۇ چېچىمنى تاراۋېتىپ بىر يېقىملىق ئاھاڭغا غىڭشىشقا باشلىدى.

بۇ كۈنى ئىچىمدە جۇش ئۇرۇۋاتقان خۇشاللىقتىن ئالەمگە سىغماي، ئۆيدە ئۇياق-بۇياق ماڭدىم. ئىچىمدە دۇئالىرىم بىلەن خۇدانى ئۇلۇغلىدىم. چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا ماخمۇد ماڭا قاراپ:

— ئاپا، بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ كۈلۈپلا يۈرىسىزغۇ؟

— دېدى.

مەن قولۇمنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ قارا چاچلىرىنى سىلىدىم، كېيىن ئاشپەزگە:

— ئۇنىڭغا بىرئاز ھالۋا بەر، — دېدىم، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقى ئىدى. كېيىن مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىدە روژدېستۋو، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش بايرىمىنى مۇبارەكلەيدىغانلىقىمىزنى ماخمۇدقا ئېيتتىم.

— ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەش بايرىمىمۇ؟ — دەپ سورىدى ماخمۇد.

— شۇنداق، روزا ھېيتىمىزغا ئوخشاش ھېيت.

ماخمۇد بۇنى چۈشەندى. روزا دېگەن روزا تۇتۇش دېگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ھەر يىلى بىر ئاي كۈن چىققاندىن تارتىپ كۈن پاتقىچە روزا تۇتاتتى، يەنى ھېچنەرسە يېمەيتتى. ئىپتار ئۈچۈن ياخشى يېمەكلىكلەر تەييارلىناتتى. ھەر خىل تاتلىق-تۈرۈملار، مېۋە-چېۋىلەر، خىلمۇخىل قورۇمىلار، لەززەتلىك كاۋاپلار... ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرلەش بايرىمىمۇ روزا ھېيتقا ئوخشاش بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

كۆتكەن كۈنى مىچەللەرنىڭ ئۆيىگە باردۇق، داۋىد ئىشىكنى ئېچىپ بىزنى قارشى ئالدى. ئۆيدىن لەززەتلىك يېمەكلىكلەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆيدىن كۈلكە ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەرھەمەت، مەرھەمەت دەپ داۋىد بىزنى بايرام خۇشاللىقىغا چۆمگەن مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى. مېھمانخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئالا-يېشىل يېنىپ تۇرغان لامپۇچكىلار بىلەن بېزەلگەن بىر تۈپ ئارچا دەرىخى تۇراتتى. يەنە بىر ئۆيدە مىچەللەرنىڭ ماخمۇدتىن سەل چوڭراق باللىرىنىڭ كۈلكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ماخمۇد خۇشاللىق ئىچىدە ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئويناشقا باشلىدى.

مەن خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم.

— داۋىد، — دېدىم، ئويلانمايلا ئۇنىڭ بىرىنچى ئىسمىنى چاقىرغانىدىم.

— مەن ھازىر ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىسى، مۇقەددەس روھقا چۆمۈلدۈم.

داۋىد ماڭا بىر ھازا تىكىلىپ تۇردى. ئۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىۋاتقاندىلا كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەنىدى.

— مۇقەددەس روھقا چۆمۈلۈشنى سىزگە كىم ئېيتتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ. كېيىن خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن رەبنى مەدھىيىلىگىنىنى ئاڭلىغان سىنتوۋىي ئاشخانىدىن بىر بار ئۆيگە يۈگۈرۈپ چىقتى. داۋىد يەنە سورىدى:
— بۇنى سىزگە كىم ئېيتتى؟
— ئەيسا مەسىھ ئېيتتى، — دەپ كۈلدۈم، — ئىنجىلنىڭ «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» قىسمىدا ئوقۇدۇم. مۇقەددەس روھقا چۆمۈلۈشنى خۇدادىن تەلەپ قىلدىم ۋە ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولدۇم.

داۋىد بىلەن سىنتوۋىي ھەيران بولۇشتى. سىنتوۋىي مېنى دەرھال قۇچاقلىۋالدى. خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. داۋىدمۇ شۇنداق بولدى. ئۈچىمىز ئۇ يەردە بىر-بىرىمىزنى قۇچاقلاپ خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ مەدھىيە ئوقۇشتۇق.

ئۇ كېچە خۇدانىڭ ھاياتىمدا ھاسىل قىلغان پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىشلىرىنى بىر خاتىرە دەپتەرگە يېزىشقا باشلىدىم. ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغانلىقىم ئەتراپقا تارقالغان ھامان بېشىمغا نىمە بالا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. لېكىن، ئۆلسەم ھېچ بولمىغاندا كېيىنكىلەرگە ئۈلگە بولۇپ قالاتتىم. ئۈستىلىمدە ئولتۇرۇپ مەندىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى يېزىشقا باشلاۋاتقىنىمدا، خۇدانىڭ ماڭا ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

6

# خۇدانىڭ ھوزۇرىغا كىرىشنى ئۆگىنىش

شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن مەن بىرقانچە كۈتۈلمىگەن ئىشلارغا يولۇقتۇم. چۈشلەرنى كۆرەتتىم ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇرلارنى قىلاتتىم. لېكىن، ئۇلار ھاياتىمنىڭ يېڭى پەۋقۇلئاددە باسقۇچىغا سەۋەبچى بولغان ئىككى چۈشۈمگە ئوخشىمايتتى. بىر كۈنى كارىۋىتىمدا دەم ئېلىپ يېتىپ، رەببىم ھەققىدە ئويلاۋاتاتتىم. بىردىنلا ئۆزۈمنى دېرىزەمدىن سىرتقا ئۇچۇپ چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. دېرىزىنىڭ تۆمۈر شادىلىرى ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتكەندەك ۋە بىردىنلا مەن ياتقان يەرنى ئېگىزدىن كۆرۈۋاتقاندەك بولدۇم. مەن قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتىم. ئېسىمنى يىغىۋېلىپ قارىسام كارىۋاتتا يېتىپتىمەن. سەل بىئارام بولۇپ، ھاسىراپ كەتتىم، پۇت-قوللىرىم كۈيۈشۈپ كەتكەندى. بىرئازدىن كېيىن يەنە تومۇرلىرىمغا قان يۈگۈردى.

— مەن نېمە بولدۇم، ئى رەببىم؟ — دەپ سورىدىم. مەن شۇنى چۈشەندىمكى، رەب ماڭا مەخسۇس بىر غايىبانە كارامەت كۆرسەتكەندى.

— مېنى كەچۈرگەيسەن، ئى رەببىم. لېكىن، بۇنداق ئالامەتلەر ئۈچۈن مەندەك بىر قورقۇنچاقنى تاللىدىڭ، — دەپ رەببىمگە ئۆزۈر ئېيتتىم.

شۇ كېچە بۇ ۋەقە يەنە تەكرارلاندى. لېكىن بۇ قېتىم خۇدا بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا قورقمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. دېرىزەمنىڭ شادىسىدىن كارىۋاتقا قايتىپ كەلگىنىمدە، بۇ ئالامەتنىڭ بىر خىل روھىي ساياھەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغانىدىم.

— بىراق، بۇلارنى ماڭا نېمە ئۈچۈن كۆرسەتتىڭ، رەببىم؟
— دەپ سورىدىم.

ئىنجىلنى ئېچىپ، نامايان بولغان بۇ ئالامەتلەر ھەققىدە بىرەر نەرسە يېزىلغانمىدۇ، دەپ ئىزدىدىم. چۈنكى، بۇ ئالامەتلەرنىڭ خۇدانىڭ قۇدرىتىسىز بولمايدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرمەيتتىم.

ئىنجىلنىڭ «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» قىسمىنىڭ 8-باب 39-ئايىتىدە ئوقۇغانلىرىم مېنى بۇ ئالامەتلەرگە تېخىمۇ ئىشەندۈردى. بۇ ئايەتتە، فىلىپنىڭ ئېفىئوپىيىلىك ئەمەلدارنى سۇغا چۆمۈلدۈرگەندىن كېيىن، مۇقەددەس روھ فىلىپنى بىردىنلا ئاشدود شەھىرىگە ئېلىپ كەتكەنلىكى يېزىلغاندى.

كېيىن پاۋلۇسنىڭ «كورىنتلىكلەرگە يازغان ئىككىنچى خېتى»نى ئوقۇپ فىلىپ ھەققىدە ئوقۇغانلىرىمنى تەستىقلايدىغان بەزى سۆزلەرنى ئۇچراتتىم. بۇ خەتنىڭ 12-بابىدا پاۋلۇس خۇدادىن كەلگەن چۈشلەر ۋە ئۇنىڭ تەبىرى ھەققىدە توختالغىنىدا ئۆزىنىڭ ئۈچ قات ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى يازغاندى. پاۋلۇس ئالامەتنىڭ روھقا ئائىت ياكى ئىنسانلارغا ئائىت ئىكەنلىكىنى پەقەت خۇدانىڭ ئۆزىلا بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندى. مېنىڭ كۆرگىنىممۇ مەندە پاۋلۇسنىڭ ئېيتقىنىدەك بىر تەسىر قالدۇرغاندى. پاۋلۇس يەنە شۇنداق يازغاندى:

> «ئۇ يەردە بۇ كىشى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان، ئىنسان تىلى بىلەن ئېيتىشقا بولمايدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىغان».

مەنمۇ ئۆز تىلىم بىلەن ئېيتىپ بىرەلمەيدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. لېكىن، كۆرگەنلىرىم زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ

كەچۈرمىشلىرىمنىڭ بىرىدە بىر مۇنارنىڭ ئاسمانغا تاقاشقانلىقىنى كۆردۈم. كېيىن ئالدىمدا يۈزلىگەن ئىبادەتخانىلار ئايان بولدى، يېڭى، كونا ھەر خىل شەكىلدىكى بۇ ئىبادەتخانىلار ۋە ئاخىرىدا دۈم ياسالغان بىر ئىبادەتخانىنى كۆردۈم. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ كۆرۈنۈش ئۆزگەردى. كېيىن نۇرغۇن شەھەرلەر كۆز ئالدىمدىن كىنو لىنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. يېڭى شەھەر مەركەزلىرى ۋە كونا يېزا بازارلىرىنى كۆردۈم. ئاسمان پەلەك بىنالار، مۇنارلار، ئاجايىپ-غارايىپ، لېكىن كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان ئۆيلەرنى بەش قولدەك كۆرەلەيتتىم.

بىردىنلا، بىر قىزىل ئاتقا مىنىپ، قولىدا قىلىچ تۇتۇۋالغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى. ئات بۇلۇت تويلىرى تېگىدە تۆت ئايىغى يەرگە تەگمەي كېزىپ يۈرەتتى. بەزىدە بېشى بۇلۇتلارغا تېگىپ كېتىدىغاندەك كۆتۈرۈلسە، بەزىدە تۆت ئايىغى يەرگە تېگەي دەپ قالاتتى.

بۇ ئىشلارنى چۈشەنمىسەممۇ، ئۇنىڭ ماڭا مەخسۇس بىر سەۋەب بىلەن كۆرستىلگەنلىكىگە ئىشىنەتتىم.

ئىنجىلنى ئوقۇپ بولۇن ئۇچراتمىغان بىپىيىنگى بىر غايىبانە ئالامەتلەرنى ئۇچرىتاتتىم. ئىنجىلنىڭ «ۋەھىي» قىسمىنى باشتىن-ئاياغ ئوقۇپ چىققىنىمدا بولسا، مەندە بىر ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. كېيىن كىتابنى قوپ قويۇپ، ئوقۇغانلىرىم ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. كۆزۈمنى يۇمسام ئۆزۈمنى ئەيسا مەسىھ بىللە بىلەن جەلىلىيەنىڭ تاشلىق يوللىرىدا يۈرگەندەك، پەلەستىندە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئەيسا مەسىھ نۇتۇق سۆزلىگەندە، تەلىم بەرگەندە، تەلىملىرىنى ھەر كۈنى ئۆز ئەمىلىدە كۆرسەتكىنىدە،

مۇقەددەس روھنىڭ قۇدرىتىنى كىشىلەرگە نامايان قىلغىنىدا ۋە ئاخىرىدا كرىستقا مىخلىنىپ كېيىن ئۆلگەندە ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلگىنىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مېنىڭ ئىنجىلنى ئوقۇشۇمدىن باشقىلارنىڭمۇ تەسىرلەنگەنلىكىنى ھەيرانلىق بىلەن كۆرەتتىم. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بىر ئەتىگەنلىكى خىزمەتچىلىرىم يۈيۈنۈپ، تارىنىشىمغا ياردەملىشىۋاتقاندا كۆردۈم. ئۇ كۈنى نۇرجان كۆمۈش تارغاق ۋە چوتكىلارنى پەتنۇسقا تىزىۋاتقاندا، دىققەتسىزلىكتىن ھەممىنى تاراق-تۇرۇق قىلىپ يەرگە چۈشۈرىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، پۇت-قولىدا جان قالمىدى. ئىلگىرى بۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنى شۈبھىسىز تەنبىھلەيتتىم. ھازىرمۇ ئۇ تەنبىھ بېرىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. لېكىن، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا،

— قورقما نۇرجان، ھەر ھالدا بىر نەرسە سۇنمىدى — دېدىم.

ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ بىر جاسارەت پەيدا بولغانىدى. شۇ چاغقىچە ئەيسا مەسىھ بىلەن بولغان ئالاقەمنى باشقا كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ھەممەيلەننىڭ مېنى كوچا سۈپۈرگۈچى خانىم قاتارىدا مەسخىرە قىلىشىدىن، بولۇپمۇ ئائىلەمنىڭ ماڭا ئاچچىقلاپ، مەن بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشىدىن قورقاتتىم. بەلكىم ماخمۇدنىڭ دادىسىمۇ بالىسىنى مەندىن تارتىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن مىجەل ئەپەندىلەرنىڭكىگە بارغىنىمدا، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمىغانىدىم. داۋۇد ۋە سىنئوۋېنىڭ ئۆيىگە دەسلەپ بارغان كېچىسى مېنى كۆرگەن بىرەر ئايالىلىرى ئېسىمگە كەلسىلا بىئارام بولاتتىم. خىزمەتچىلىرىم ھاياتىمدا مۇھىم بىر ئۆزگىرىشنىڭ

بولغانلىقىنى ئەلۋەتتە سەزگەنىدى. مانا بۇلارنى ئەسلىسەم ئۇلار قاچان بىر نىمە دەركىن، دەپ ھەمىشە ئەندىشە ئىچىدە ياشايتتىم.

خۇدا بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى يېقىندىن تونۇغاندىن كېيىن ئويلىمىغان بىر ئىشنى سەزدىم. مېنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىش قارارىغا كەلگەنلىكىمنىڭ خەۋىرى ئەتراپقا تارقالغانىدى. بۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. ئىنجىلدا يېزىلغىنىدەك، ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغانلىقىمنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلغانىدىم.

بىر كۈنى ياتاق ھۇجرامنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆز-ئۆزۈمگە

— ئەھ، بولىدىغان ئىش بولدى، ئەمدى نىمە بولسا بولسۇن — دېدىم.

لېكىن، بۇ ۋەقەلەرنىڭ مۇنداق تېز تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمىگەنىدىم. 1966-يىلىنىڭ روزدېستۋو بايرىمىدىن سەل كېيىن، خىزمەتچىلىرىمدىن بىرى ھەيران بولغان قىياپەتتە ئالدىمغا كىرىپ:

— مىچەل خانىم كەلدى، سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن خانىم، — دېدى.

مەن ئۆزۈمنى سالماق تۇتۇپ:

— ئۆيگە كىرسۇن، — دېدىم. مېھماننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا كېتىۋېتىپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

— مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، مىچەل خانىم، — دېدىم. خىزمەتچىلىرىم ئاڭلىسۇن دەپ ئاۋازىمنى ئەتەي كۆتۈرۈپ سۆزلىدىم.

سىننوۋې خانىم مېنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىدى.

— باشقىلارنىمۇ تەكلىپ قىلدىم. ئۇلار بىلەن تونۇشۇشتىن خۇشال بولىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، — دېدى.

— باشقىلارمۇ بارمۇ؟

ئىچىمدە قانداقتۇر بىر خىل ئەندىشىنىڭ پەيدا بولىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. بۇ مېنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقەمنى ئۈزگەن ۋاقىتلاردا بولىدىغان كونا مىجەزىم ئىدى. سىنئوۋي خانىم ئارسالدا بولۇپ قالغىنىمنى كۆزلىرىمدىن بايقاپ، دەرھال ماڭا مەدەت بېرىپ:

— مېھمانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەيسا مەسھىنىڭ ئېتىقادچىلىرى، بەزىلىرى ئەنگلىيىلىك، بەزىلىرى ئامېرىكىلىق، بارارسىز؟ — دېدى. ئۇ ماڭا كۆزلىرى بىلەن يېلىناتتى. بىرىشقا قىزىقمىسامىمۇ، خۇرسەن بولغاندەك كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ:

— تەكلىپىڭىزنى خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

مەن بۇرۇن ئەيسا مەسھىنىڭ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن تارتىنچاق كېلىدىغانلىقىغا قىزىققانىدىم. ئىلگىرى ئەيسا مەسھىنىڭ يولىدا ماڭىدىغانلار بىلەن ئالاقە قىلغانىدىم. ئەلۋەتتە، بىر دۆلەت خادىمىنىڭ ئايالى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلاردىن نۇرغۇنىنى دۆلەت زىياپەتلىرىدە مېھمان سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانىدىم. بۇلار رەسمىي زىياپەتلەر بولۇپ، تاماقلار ھەربىيچە كىيىم كىيگەن خىزمەتچىلەر تەرىپىدىن بىلگىيە چىلتەكلىرى ۋە يىڭى ئۈزۈلگەن گۈللەر بىلەن بىللە ئايرىم-ئايرىم نەپىس فار-فۇر قاچا-قۇچىلاردا تارتىلاتتى. مېھمانلار ئارىسىدا ئەيسا مەسھىنىڭ ھەرخىل مىللەتتىن بولغان ئېتىقاتچىلىرى بار ئىدى. بەزىدە دىن توغرىسىدا گەپ-سۆز بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىشىلەر ئېتىقادلىرىدىن سۆز

ئاچمايتتى. مىجەل ئەپەندىلەرنىڭكىدە مەن تونۇشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇلاردەك تارتىنچاق ئەمەسلىكىگە ئىشىنەتتىم.

ئەتىسى ماشىنامنى ماڭا تونۇشلۇق يول بىلەن ھەيدەپ مىجەل ئەپەندىلەرنىڭكىگە باردىم. داۋىد بىلەن سىننوۋې مېنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، دوستلىرىغا تونۇشتۇردى. بۇ كىشىلەرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ھاياتىمدا قانداق مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئۇ كۈنى بىلگەن بولسام ئۇلارغا نېمىلەرنى دېگەن بولار ئىدىم؟

مەن تونۇشقان بىرىنچى ئەر-ئايال كەن ۋە مەرى ئولد ئىدى. كەن خۇش چاقچاق بىر ئەنگلىيىلىك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ كۆزەينەك تېگىدىكى كۆزلىرىدىن مەلۇم ئىدى. ئۇ بىر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى بولۇپ، ئۇچىسىدىكى پۇرلىشىپ كەتكەن كىيىملىرى ئۇنىڭ تارتىنماس بىر كىشى ئىكەنلىكىنى تەستىقلايتتى. ئايالى مەرى ئامېرىكىلىق بولۇپ، سېستىرا ئىدى. ئۇنىڭ دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان تەبەسسۇم چىرايىدىن بىر خىل ئېغىر-بېسىقلىق چىقىپ تۇراتتى. مەن تونۇشقان باشقا كىشىلەرمۇ چىقىشقاق ۋە يېقىملىق ئىدى.

بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنىڭ ماڭا بۇرۇلغىنىنى كۆرۈپ، ھودۇققىنىمدىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئۇلار مەن كۆرگەن غايىبانە ئالامەتلەرنى ئاڭلاشنى خالايتتى. بۇ قېتىم ئادەتتىكى بىر كەچلىك تاماققا كەلدىم، دەپ ئويلىغانىكەنمەن، لېكىن بۇ كېچىنى بىرمۇنچە سوئاللارغا جاۋاب بېرىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىم مەلۇم بولدى. چۈشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىمدا ئۆينىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. باللارمۇ ئاۋازلىرىنى توختاتقانىدى. مەن ئايرىم-ئايرىم نامايان بولغان ئالامەتلەردىن خۇدانىڭ ئايرىم-ئايرىم ئۈچ ئوبرازى بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىمنى

سۆزلەپ بەردىم. تاماقتىن كېيىن داۋىد ئايالى تەييارلىغان تاماقلارنى ماختاۋېتىپ، مېنىڭ ئېتىقانلىرىمدىن ئالغان روھىي ئوزۇقنىڭ بايا يېگەن تاماقدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن سىزنى بۇرۇن كۆرگەنىدىم، — دېدى ئۇ ئەپەندى ماڭا قاراپ، — بىر چاغلاردا بىز ۋاھ يېزىسىدا ئولتۇرغاندۇق. ئەتىگەنلىرى سىزنىڭ باغچىڭىزنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىمدە گۈللىرىڭىزغا ھەۋەس قىلىپ قارايتتىم. بەزىدە باغچىدا ئۆزىڭىزنىمۇ كۆرۈپ قالاتتىم. لېكىن ھازىر ئالدىمىزدىكى ئايال بىلەن ئۇ چاغدا كۆرگەن ئايال ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار.

مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلىدىم.

— بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا بىلىقىز شەيخ كۈلۈمسىرەشنى بىلمەيدىغان بىر ئايال ئىدى. ھازىر ھەدىيە ئالغان بىر بالىغا ئوخشاپ قالدىڭىز، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ ئەپەندى، — بۇ ھەدىيەگە قارىتا ھېس قىلغان ھەيرانلىقىڭىز جىلۋىسىنى چىرايىڭىزدىن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. بۇ ھەدىيەنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ قەدىرلەۋاتقانلىقىڭىز بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ كىشىدىن خۇرسەن بولۇشقا باشلىغانىدىم.

باشقىلار بىلەنمۇ سۆز-چاقچاقلار قىلىشتۇق. ئويلىغىنىمدەك ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ ئېتىقادچىلىرى مەن باشقا زىياپەتلەردە تونۇشقان ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى.

شۇ ئاخشامقى يىغىلىش ئاياغلاشقاندىن ئىلگىرى، ھەممەيلەن خۇدانىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدا قانداق ئىشلارنى نامايان قىلغانلىقى ئۈستىدە توختالدى. داۋىد توغرا

ئىيتقاندى، بۇ ئاخشامقى تامقىمىز بەك ياخشى بولدى، لېكىن ھەقىقىي ئوزۇقىمىز بۇ كىچىككىنە ئۆيدىكى خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن كەلدى. ئۇ كۆڭگىچە بۇنى زادى ھېس قىلمىغانىكەنمەن، پەقەت شۇ كۆنلا ئىچىمدە ئۆزۈمنىڭ بۇ روھىي ئوزۇققا موھتاج ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

بۇ روھىي ئوزۇق ھەققىدە ئويلىنىۋاتقىنىمدا، كەن ۋە مەرى خوشلىشىش ئۈچۈن ئالدىمغا كەلدى، كەن قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ:

— بۈنىڭدىن كېيىن ھەمىشە روھىي جەھەتتىكى ئورتاقلىققا ئېھتىياجىڭىز بولىدۇ، بىلىقىز، يەكشەنبە ئاخشاملىرى بىزنىڭكىگە بېرىڭ، — دېدى.

مەرىمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ:

— توغرا، كېلەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرى بىلەن داۋاملىق كۆرۈشۈشكە باشلىدىم. يەكشەنبە ئاخشاملىرى ئۇلار ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىدە جەم بولاتتۇق. خىشتىن ياسالغان بۇ كىچىك بىنانىڭ مېھمانخانىسى شۇنچىلىك كىچىك ئىدىكى، جەم بولۇشقا كەلگەن ئون ئىككى كىشى ئاران سىغاتتۇق. كەلگەنلەردىن ئىككى كىشى پاكىستانلىق، قالغانلىرى بولسا ئامېرىكىلىق ۋە ئەنگلىيىلىكلەر ئىدى. مەن يەنە ئۇ يەردە دوختۇر كرىستى ۋە ئۇنىڭ خانىمى ھەمدە باشقىلار بىلەن تونۇشتۇم. زىلۋا بوي، كىشىلەر بىلەن ئوڭايلا ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ چىقىشىپ كېتەلەيدىغان بۇ ئامېرىكىلىق دوختۇر كۆز كېسەللىكى مۇتەخەسسىسى، ئايالى بولسا سېستىرا ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرى بولۇپ، مۇشۇ رايوندا قۇرۇلغان بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى.

ئولتۇرۇشلاردا مۇناجاتلار ئېيتىلاتتى. ئىنجىل ئوقۇلاتتى. بىر-بىرىمىزنىڭ ئېھتىياجلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلاتتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇنداق يىغىلىش مەن ئۈچۈن ھەپتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ جەلپ قىلىنارلىق ۋاقىتلىرى بولۇپ قالدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى بۇ يىغىلىشقا بارغۇم كەلمەي قىلىپ، ئولد ئەپەندىلەرگە تېلېفون قىلىپ، بىر باھانە بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارالمايدىغانلىقىم توغرىسىدا ئېيتتىم. بۇ يەردە ئازغىنە يالغانچىلىق قىلىپ قويغانىدىم. لېكىن، شۇئان بىئاراملىق ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئىچىم تىت-تىت بولاتتى. نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدىم. خىزمەتچىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈردۈم، ھەممە ئىش جايىدا ئىدى. لېكىن، يەنىلا ئىچىمدە ھەممە ئىش قالايمىقانلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم.

ھۇجرامغا چىقىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىشقا باشلىدىم. بىرئازدىن كېيىن ماخمۇد جىمجىت كىرىپ كەلدى. ئۇ شۇنداق شۆك بولۇپ قالغانىدىكى، يۇمران قوللىرى بىلەن قولۇمنى تۇتقاندىلا ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزدىم.

— ئاپا، ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ئۇ، — قاراشلىرىڭىز غەلىتىغۇ!

— ھەئە، ياخشىمەن، — دەپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنى ئەندىشىدىن خالاس قىلىشقا تىرىشتىم.

— بىر نەرسىڭىزنى يوقىتىپ قويغاندەك ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ، ئەتراپىڭىزغا قاراۋاتىسىزغۇ، — دېدى ئۇ ۋە بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپلا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

دېمەك، مەن بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك ئەتراپىمغا قاراپتىمەن! شاكىچىك ماخمۇدنىڭ دېگىنى توغرا

ئىدى. شۇئان نېمەمنى يوقاتقانلىقىمنى چۈشەندىم. خۇدا ئىچىمگە سالغان ھوزۇرنى يوقاتقاندىم. نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلدە ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشقا بارمىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق بولغانمىدۇ؟ روھىي جەھەتتىكى ئورتاقلىششقا موھتاج تۇرۇپ، بۇ ئولتۇرۇشقا بارمىغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟

كەنگە دەرھال تېلېفون قىلىپ، ئولتۇرۇشقا باردىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم.

شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئەھۋال يەنە ئۆزگەردى. شۇئان ئىچىمدە بىر ئىللىقلىق ۋە ئاراملىق ھېس قىلدىم. ۋەدە قىلغىنىمدەك، ئولتۇرۇشقا باردىم. ئۇ يەردە پەۋقۇلئاددە بىر ئىش بولمىدى. لېكىن مەن خۇدانىڭ ھوزۇرىغا يەنە مۇيەسسەر بولغاندىم. كەنىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى. مەن روھىي جەھەتتىكى ئورتاقلىششقا موھتاج ئىدىم. بۇ ماڭا بىر دەرس بولغاندى. ئەيسا مەسىھ ئۆزى مېنى بېرىشتىن توسمىسىلا، شۇندىن ئېتىبارەن ئولتۇرۇشلارغا داۋاملىق بېرىش قارارىغا كەلدىم.

خۇدا بىلەن بولغان ئالاقەمنى قەدەممۇ-قەدەم مۇستەھكەملەشكە باشلىدىم. خۇدانىڭ سۆزى بولغان ئىنجىلغا ئىشتىھايىم بارغانسېرى ئېچىلىپ باراتتى. ھەر كۈنى ئۆيگۈدىن ئويغىنىپلا ئىنجىلنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ نەقەدەر جانلىقلىقىغا ھەيران بولاتتىم. مۇقەددەس كىتاب قولۇمدا جانلىنىپ، كۆزۈمنى يورۇتۇپ، قىلىدىغان ئىشلىرىمغا يول كۆرسىتەتتى. ئىنجىل ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن خۇشپۇراقلىق ئەتىر بولغانىدى. ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن يېڭى بىر نەرسە ئۆگىنەتتىم. بىر كۈنى غەلىتە بىر ئىش بولدى. ماخمۇد بىلەن ئىككىمىز تونىنى يوقلاپ بارماقچى بولدۇق. ئالدىنقى

ئاخشىمى خېلى كەچ ياتقانىدىم. شۇڭا، ئەتىسى ئەتىگەنلىكى سەھەر تۇرغان بولساممۇ، ئىنجىلنى كۆندىكىدەك بىرەر سائەتچە ئوقۇشقا كۆڭلۈم بارمىدى. رايىشەمگە ئەتىگەنلىكى چاي ئەكىرگىنىدە، يولغا چىقىشنى ئېيسمگە سىلىپ قويۇشنى قاتتىق تاپىلىغانىدىم.

ئۇ كۈنى كېچىسى ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادى ياخشى ئۇخلىيالمىدىم. كېچىچە قارا بېسىپ چىقتى. شۇڭا، رايىشەم ھۇجرامغا كىرگەندە بەك چارچاپ ھالىم قالمىدى. ئۇ كۈنى ھەممە ئىش تەتۈرىگە تارتىپ تۇردى.

تۇۋا رەب ماڭا نېمە دېگەن بولغىدى؟ مۇقەددەس كىتابنى ھەر كۈنى ئوقۇشۇمنى تەلەپ قىلامدۇ-يا؟

رەب ئىچىمگە سالغان ھوزۇردىن ئىككىنچى قېتىم ئايرىلىپ قېلىشقا باشلىدىم. لېكىن مەن بۇنى سېزىپ، قايتا ئۇنىڭ ھوزۇرىغا مۇيەسسەر بولغىنىمدا ئىچىمدە غەلىتە بىر ھاياجانلىق تۇيغۇسى ئويغاندى. ھېچ خىيالىمدا يوقلا مۇھىم بىر ھەقىقەتنىڭ يىپ ئۇچىنى بىلىۋالغانىدىم. بەزى كۈنلىرى خۇدانىڭ ئىچىمگە سالغان ھوزۇردىن لەزەتلىنىپ، خۇشاللىق ۋە خۇرسەنلىك ھېس قىلسام، بەزى كۈنلىرى بولسا، بۇ ھوزۇردىن مەھرۇم بولغاندەك ھېس قىلاتتىم.

بۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ھەمىشە ئۇنىڭغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۆزۈمنىڭ خۇدا بىلەن ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقىتلىرىمنى، ئىككى چۈشۈمنى ۋە قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە باغچەمدە پەيدا بولغان ھېسسىياتلىرىمنى چىرمىۋالغان ھېلىقى خۇشپۇراقنى ئەسلىدىم. كېيىن مىچەل ئەپەندىلەرنىڭكىگە بىرىنچى قېتىم بارغان كۈنۈمنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇقەددەس كىتابنى داۋاملىق ئوقۇغان كۈنلىرىمنى ۋە ئولد ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىدە جەم

بولغان يەكشەنبە كۈنلىرىمىزنى ئەسلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خۇدانىڭ يېقىنلىقىدىن مەھرۇم بولغان كۈنلىرىمنىمۇ ئويلىدىم. بۇ توغرىسىدا ئىنجىلدا شۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى قايغۇغا سالماڭلار.
(ئىنجىل: «ئەفەسلىكلەر» 4ـباب 30ـئايەت)

خىزمەتچىلىرىمگە ئازار بەرگەن چاغلىرىمدا ھەمدە مۇقەددەس كىتابنى داۋاملىق ئوقۇماي، روھىمنى ئۇزۇقلاندۇرۇشنى ئاجىزلىتىپ قويغان ۋاقىتلىرىمدا، جۈملىدىن ئولدەيەندىلەرنىڭكىگە بارمىغان چاغلىرىمدا شۇنداق بولامدىم-يا؟

خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا بولالىشىمنىڭ سىرىنى ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش ئارقىسىدا قىسمەن چۈشەنگەنىدىم. خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلغان چاغلىرىمدىلا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا مۇيەسسەر بولاتتىم.

ئىنجىلنى قولۇمغا ئېلىپ «يۇھاننا» قىسمىنى ئاختۇردۇم ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ئايەتنى تاپتىم:

«مېنى دوست تۇتقان كىشى سۆزۈمگە ئەمەل قىلىدۇ، ئاتاممۇ ئۇنى دوست تۇتىدۇ، ئاتام ئىككىمىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشايمىز». (ئىنجىل: «يۇھاننا» 23ـباب 14ـئايەت)

بۇ سۆزلەرنى ئەيسا مەسىھ قىلغانىدى. مانا ئىنجىل مېنىڭ ئېھتىياجىم بولغانلىرىمنى شۇنداق چۈشەندۈرگەنىدى. مېنىڭ قىلماقچى بولغىنىم، يەنى خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا بولۇش مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ ئىشكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بولسا، خۇدانىڭ سۆزىگە

ئەمەل قىلىش ئىدى.

— ئى ئاتا، — دەپ دۇئا قىلدىم، — ئىنجىلدا يېزىلغىنىدەك، مەنمۇ ساڭا خىزمەت قىلىشنى، سېنىڭ سۆزۈڭگە رازىمەنلىك بىلەن ئەمەل قىلىشنى خالايمەن، ئۆز ئارزۇلىرىمدىن ۋاز كېچىش بىلەن ساڭا پىداكارلىق كۆرسەتتىم دەپ قارىغانىدىم. لېكىن، مەن ھېچنەرسىنى پىدا قىلماپتىمەن. چۈشەندىمكى، سېنىڭ سۆزۈڭگە ئەمەل قىلىش بىلەن ساڭا تېخىمۇ يېقىنلىشالايمەن. سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن ماڭا پىداكارلىق روھىنى ئاتا قىلغايسەن!

ئۇ كۈنلەردە رەب ماڭا گويا مېنىڭ چۈشەنچىلىرىمگە قارىتا سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن بۇنىڭغا تېخى ئادەتلىنەلمىگەنىدىم. لېكىن بۇلارنى چۈشەنگىنىمدە، رەب كۆڭلۈمنى خۇدانىڭ سۆزى ئارقىلىق يورۇتۇپ، مەندىن ئىبرىمنى كەچۈرۈشۈمنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق بىر تىلەك پەقەت رەبدىنلا كېلەتتى: سەندىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىبرىكنى سۆي، بىلىقىز، ئۇنى ئەپۇ قىل، دەيتتى رەب.

يۈزۈمگە بىر كاچات سالغاندەك ئولتۇرۇپ قالدىم. خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان مېھىر-شەپقىتىنى ھەممە كىشىگە كۆرسىتىشى بىر ئىش، ماڭا ئەلەم قىلغان بۇ ئادەمنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇنى سۆيۈش باشقا بىر ئىش ئىدى.

بۇنداق قىلالمايمەن ئاتا، خالىدىنى ئەپۇ قىلىشنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ ياشىشى ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىشنى خالىمايمەن، دېدىم مەن. ئىبرىمنى ئەپۇ قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ئەيساغا ئىتىقاد قىلماسلىقى ھەممىدە ئۇنىڭ مەن ھېس قىلغان خۇشاللىقنى ھېس قىلماسلىقى ئۈچۈن رەبگە باللارچە دۇئا قىلغانلىقىمنى

ئەسلىدىم. ھازىر خۇدا مەندىن مانا شۇ ئادەمنى سۆيۈشۈمنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. چۈشەنچىلىرىم خالىدىقا يۆتكەلگەندە، ئىچىمدە بىر خاپىلىقنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدىم ۋە شۇئان ئىبرىمنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتىم. ئى رەب، ئۇنى ئۇنتۇسام بولماسمىدى، مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئەمەسمۇ؟

بۇ مېنىڭ بىر قۇرۇق تەسەۋۋۇرۇمنىڭ مەھسۇلىمىدۇ؟ ياكى بولمىسا رەبنىڭ ھۇزۇرى ھەقىقەتەن مەندىن يىراقلىشىشقا باشلىغانمىدۇ؟ ئىبرىمنى ئەپۇ قىلالمايمەن، رەب! بۇنداق قىلىشقا ئاجىزمەن. ئىنجىلدىن ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ سۆزلىرىنى كۆردۈم:

«مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمغا كىرىش ئاسان، يۈكۈممۇ يېنىك». (ئىنجىل: «ماتتا» 11-باب 30-ئايەت)

— ئى، رەببىم، ئۇنى ئەپۇ قىلالمايمەن — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. كېيىن خالىدنىڭ ماڭا قىلغان پۈتۈن ئەسكىلىكلىرىنى بىر-بىرلەپ تىزدىم. بۇنداق قىلسام باشقا يارىلارمۇ ئېچىلاتتى. ئىچىمدە بىر ئۆچمەنلىك قوزغىلىشقا باشلىدى. شۇ زامان ئۆزۈمنى خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. قورقۇنچ ئىچىدە كىچىك بالىغا ئوخشاش پەرياد كۆتۈردۈم.

بىردىنلا، ئاجايىپ بىر ھالەتتە خۇدانى ھۇجرامدا، يېنىمدا سەزدىم. ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، ئىچىمدىكى ئۆچمەنلىكنى ئېتىراپ قىلدىم. ئىبرىمنى ئەپۇ قىلىشقا قۇدرىتىم يەتمەيدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يەنە ئاڭلىدىم:

«مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمغا كىرىش ئاسان، يۈكۈممۇ يېنىك»

ئاستا-ئاستا قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ ئۈستۈمدىكى بۇ قورقۇنچلۇق يۈكنى خۇداغا تاپشۇردۇم. ئىچىمدىكى ئۆچمەنلىكنى، دەردنى ۋە ناھەقچىلىك تۇيغۇلىرىمنى تاشلاپ، ئۆزۈمنى خۇدانىڭ ئىلكىگە تاپشۇردۇم. شۇئان ئىچىمگە تاڭ ئاتقاندەك بىر يورۇق چۈشتى. ئەركىن نەپەس ئېلىپ، تارىنىش ئۈستىلىمگە باردىم. ئالتۇن رەڭ رامكىغا ئېلىنغان رەسىمنى قولۇمغا ئېلىپ خالىدنىڭ جانسىز چىرايىغا قاراپ، دۇئا قىلدىم:

— ئى ئاتا، ئىچىمدىكى ئۆچمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلىغايسەن. قۇتقۇزغۇچى ۋە رەببىم بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن ساڭا يالۋۇرىمەن. خالىدنى سۆيۈشۈم ئۈچۈن مېنى ئۆز مېھىر-شەپقىتىڭگە چۆمدۈرگەيسەن.

بىر ھازاغىچە قولۇمدىكى رەسىمگە قاراپ تۇردۇم. ئىچىمدىكى بولمىغۇر ھېسسىياتلار، ئاستا-ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. رەسىمدىكى ئادەمگە قارىتا پەيدا بولغان ئىچىمدىكى بۇ ئۆچمەنلىك ھېسسىياتلىرىنىڭ ئورنىنى مەن كۈتمىگەن بىر مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئۇنى قوغداش ھېسسىياتى ئىگىلىدى. بۇ ئۆزگىرىشكە ھېچ ئىشەنگىم كەلمەيتتى! ئەمدى ھەقىقەتەن ئېرىم بىلەن ئەپلىشىشنى خالاپ قالدىم.

— ئى، رەببىم ئۇنىڭ ھاياتىنى باياشاتلىق، خۇرسەنلىك ۋە بەختىيارلىققا تولدۇرغايسەن — دېدىم.

بۇ سۆزلەر كاللامدا تەكرار شەكىللەنگەندە بېشىمدىن قاپقارا بىر بۇلۇت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغان بىر ئېغىر يۈك ئېلىنىپ كەتكەندەك بولدى. ئاچچىقىم يېنىپ، راھەتلىككە يەنە چىقىپ قالغاندەك بولدۇم. خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا يەنە ياشاشقا باشلىدىم.

مەن خۇدانىڭ يېنىدىن ئايرىلىشنى زادى خالىمايتتىم. بۇ

يېڭى چۈشەنچىلىرىمنى ھەمىشە ئېسىمدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشىم كېرەك ئىدى. دەرھال پەسكە چۈشتۈم. بىرئاز خىنە تېپىپ، تۈن يېرىمى بولغاندا ھەر ئىككى قولۇمغا خىنە قويۇشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئويلىغانلىرىمنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.

ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن ئايرىلماسلىققا تىرىشاتتىم.

ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇشنى ئۆگىنىشكە ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ خىل تەربىيىنى ھاياجانلىق ئىچىدە قوبۇل قىلدىم.

لېكىن، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر ئاخشىمى قورقۇنچلۇق بىر ئالامەتكە يولۇقتۇم. مەن دۈشمەندىنمۇ بىر سادا چىقىدىغانلىقىنى كۈتمىگەندىم.

# 7

# سۇ ۋە ئوتقا چۆمۈلۈش

1967-يىلىنىڭ 1-ئاي كۈنلىرى ئىدى. ئۇ كېچە قاتتىق ئۇيقۇدىن تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتىم. كارىۋىتىم بىر قىسما سىلكىنىپ كەتكەندى.

يەر تەۋرەۋاتامدۇ نېمە؟ يۈرىكىمنى چۈشىنىكسىز بىر قورقۇنچ چىرمىۋالغانىدى. شۇئان يامان نىيەتلىك بىر مەخلۇقنىڭ ھۇجرامدا يۈرگەنلىكىنى سەزدىم.

بىردىن سىلكىنگەندەك بولۇپ كارىۋاتتىن يىقىلىپ چۈشتۈم. ئۆزۈم تىرىكمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ ھېچ بىلمەي قالغاندىم. قويۇندا قالغان ساماندەك سورۇلاتتىم. شاكىچىك ماخمۇدنىڭ چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. كۈچۈمنىڭ بارىچە ئۇنى ساقلاپ قېلىشنى خۇدادىن تىلەيتتىم.

جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ، ئەجىلىم توشۇپتۇ، دەپ ئويلىدىم. قورقۇنچلۇق بۇ مەخلۇق خۇددى قاپقارا بۇلۇتتەك ئەتراپىمنى قاتمۇ-قات ئورىۋالغانىدى. ئىچىمدىن چىققان بىر سادا بىلەن ھاياتىمنىڭ ئاساسى بولغان رەبكە مۇراجىئەت قىلدىم: يا رەببىم ئەيسا! بۇ سۆزلەرنى قىلىش بىلەنلا بىر نەرسە مېنى ئىتنىڭ ئاغزىدىكى ئوۋدەك قارماپ ئالدى.

ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن ياردەم سوراپ خاتا قىلدىممۇ؟ دەپ قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن خۇداغا ئىلتىجا قىلدىم. شۇئان ئىچىمدىن زور بىر كۈچ جۇش ئۇرغۇپ چىقتى. مەن خۇدانىڭ نامى بىلەن:

— ئەيسا! ئەيسا! ئەيسا! — دەپ توۋلىدىم.

بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قورقۇنچلۇق كۈچ توختىدى. مەن تۇرغان يېرىمدىلا رەبكە ئىبادەت قىلىپ ئۇنى مەدھىيىلەشكە

باشلىدىم. سەھەر سائەت ئۈچكە يېقىن كۆزلىرىمنى ئاچالماي ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

ئەتىگەندە رايىشەمنىڭ چاي ئەكىرىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. بىر هازاغىچە كۆزۈمنى ئاچماي ياتتىم. ئىچىمدە شۇنداق راھەتلىك ھېس قىلدىمكى، دۇئا قىلىش ئۈچۈن كۆزلىرىمنى يۇمغىنىمدا رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ئالدىمدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ سۆسۈن رەڭ يەكتەك بىلەن ئاق لىباس كىيگەنىدى. ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن ماڭا كۈلۈمسىرەپ،

— قورقما، ئەمدى بۇنداق بولمايدۇ — دېدى.

مانا شۇ چاغدا مېنى بىسەرەمجان قىلغان ھېلىقى قورقۇنچلۇق كۈچنىڭ شەيتاندىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. ئەيسا مەسىھ مېنىڭ مەنپەئەتىم ئۈچۈن شۇنداق سىناققا يول قويغانىدى. روھىمنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن كەلگەن دالالەتنى سەزدىم: ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىمەن، يەنى ئەيسا مەسىھ دەپ چاقىرىمەن!

رەببىم يەنىلا ئالدىمدا تۇراتتى:

— سۇغا چۆمۈلدۈرۈش ۋاقتى كەلدى بىلقىز — دېدى ئۇ.

سۇغا چۆمۈلدۈرۈشمۇ؟ رەببىم ئېيتىۋاتقان بۇ سۆزلەرنى ئېنىق ئاڭلىغانىدىم. لېكىن بۇمۇ مېنى بىئارام قىلاتتى.

كىيىنىپ بولۇپلا نۇرجان بىلەن رايىشەمگە ماڭا دەخلى قىلماسلىقىنى تاپىلىدىم. ئاندىن دېرىزەمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئەتىگەننىڭ ھاۋاسى سالقىن ئىدى، باغچەمدە ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۇلىرىدىن يېنىك ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۆزۈمنى بىر سىناق ئۈستىدە تۇرىۋاتىمەن، دەپ ھېسابلايتتىم. قەتئىي بىر قارارغا كېلىشىم كېرەك ئىدى. يا كىشلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشتىن قورقۇپ تېز پۈكۈشۈم،

ياكى ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، ئالدى بىلەن سۆزىگە ئەمەل قىلىشىم كېرەك بولغان بۇ كىشى بىر خىيالى تەسەۋۋۇرۇم بولماستىن، ھەقىقەتەن ئەيسا مەسىھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىم كېرەك ئىدى. ئەيساغا ئېتىقاد قىلغىنىمغا ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغانىدى. شۇڭا، ھەرقانداق سۆزگە ئىشىنەلمەيتتىم. لېكىن، ماڭا ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ئەيسا مەسىھتىن كەلگەنلىكىنى قانداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشۈم كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنجىلنى ئوقۇشتىنمۇ ياخشى بىر يول تاپالمىدىم. ئىنجىلنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئەيسانىڭ ئىئوردان دەرياسىدا قانداق چۆمۈلدۈرۈلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك، پاۋلۇسنىڭ رىمدىكى ئېتىقادچىلارغا يازغان خېتىدە، چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئەيسا مەسىھكە ھەر جەھەتتىن ئەگىشىشنى خالايدىغان ھەربىر كىشىنىڭ ئورۇندايدىغان بىر مىزان ئىكەنلىكىنى بىلدىم:

> «سىلەر چوقۇم شۇنى بىلىڭلاركى، بىز چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىپ، ئەيسا مەسىھ بىلەن بىر بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەنمۇ بىللە بولدۇق. بىز چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە ئۆلۈپ، بىللە كۆمۈلدۇق. خۇدانىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى مەقسىتى شۇكى، ئەيسا مەسىھ خۇدا ئاتىمىزنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى بىلەن تىرىلدۈرۈلگىنىدەك، ھازىر بىزنىمۇ يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشتۇر». (ئىنجىل: «رىملىقلار» 6_باب 3_ ۋە 4_ ئايەتلەر)

مەن بىر قارارغا كەلدىم. ئەيسامۇ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغانىكەن. ئىنجىلدا مېنى چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان سۆزلەر بار ئىكەن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىم كېرەك.

رايىشەمنى چاقىرىش ئۈچۈن قوڭغۇراقنى چالدىم.

— مەنسۇرگە ئېيتقىن، ماشىنىنى تەييارلىسۇن. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇلۇغ ئەپەندىلەرنىڭكىگە زىيارەتكە بارىمەن، — دېدىم

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن مەرى ۋە كەننىك كىچىك سارىيىدا بولدۇم. تەقەززالىق ئىچىدە ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي، كەنگە قاراپ:

— كەن، رەب ماڭا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىمنى ئېيتتى. مەن بۇنى جەزمەن قىلىمەن، — دېدىم.

ئۇ ماڭا بىر ھازا قاراپ تۇرغىنىچە، ئىرادەمنىڭ قانچىلىك چىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك، پىشانىسىنى تۈردى. كېيىن ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، جىددىي قىياپەتتە:

— بىلىقىز، بۇنداق قىلىسىڭىز، بېشىڭىزغا كېلىدىغان ئىشلارنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، بىراق... — دېيىشىمگە كەن سىلىق بىر ئاۋاز بىلەن سۆزۈمنى بۆلۈپ:

— بىلىقىز، ئۆتكەن كۈنى پاكىستانلىقلاردىن بىرەيلەن مەندىن ئۆز دۆلىتىمدە كوچىدا سۆيۈرگۈچى بولغان بولمىغانلىقىمنى سورىدى، — دەپ كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،

— سىز نېمە قىلماقچى بولغانلىقىڭىزنى ياخشى بىلەمسىز؟ ئەگەر چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئېلىنىدىغان، ئەسىرلەر بويى

داۋاملىشىپ كەلگەن شان-شەرەپ ۋە يەر-زېمىن ئىگىسى شەيخ خانىم دەپ تونۇلمايسىز، ئۇ چاغدا سىزنى ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقاتچىسى، يەنى كوچىدا سوپۇرگۈچى بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ.

— شۇنداق، بۇنى بىلىمەن، — دېدىم.

ئۇنىڭ ئەندىشىگە تولغان سۆزلىرىگە جاۋابەن، كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەسلىك ئۈچۈن تىرىشاتتىم.

— ماخمۇدنى دادىسى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنى بىلەمسىز؟ ئۇ چاغدا سىزنى بالا تەربىيىلەش ھوقۇقى يوق دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ.

ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى مېنى بىئارام قىلدى. دەرۋەقە بۇنىڭدىن غەم قىلاتتىم. كەننىڭ سۆزلىرى دەل شۇ ئېھتىماللىقنىڭ قانچىلىك مۇمكىنلىكىنى كۆرستەتتى. مەن ئاجىز بىر ئاۋاز بىلەن:

— شۇنداق، بىلىمەن. كەن، كۆپچىلىك مېنى گۇناھكار دەپ قارايدۇ. لېكىن، خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك، — دېدىم.

شۇ ئارىدا مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ كېلىشى بىلەن سۆھبىتىمىزنى بىر دەم توختاتتۇق. كەن دەرھال ئۇلارغا مۇھىم بىر مەسىلىنى ئېيتماقچى بولغاندەك:

— بېلقىز چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلماقچى، — دېدى.

ھەممەيلەن جىم بولۇپ قالدى.

— لېكىن بىزنىڭ چۆمۈلدۈرىدىغان كۆلچىكىمىز يوقتە، — دېدى داۋىد.

— پىشاۋىر شەھىرىدىكى چېركاۋدا بولماسمۇ؟ ئۇ يەردە كۆلچەك يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى مەرى.

يۈرىكىم غەلىتە بولۇپ قالدى. پىشاۋىر شەھىرى غەربىي

شىمال چېگرا رايونىنىڭ مەركىزى ئىدى ھەمدە ئۇ يەر چېگرا رايون ئىدى. بۇ يەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى مۇتەئەسسىپ ئىدى. خىيالىغا كەلگەننى قىلماي قويمايتتى. مەن قىلىدىغان ئىشىمنى مەخپىي تۇتساممۇ بولمايتتى. بۇ ئىشنى قىلسام بىر سائەت ئىچىدە پۈتۈن شەھەرگە پۇركېتەتتى.

كەن پىشاۋرغا بېرىشىمىز ئۈچۈن تېگىشلىك تەييارلىقلارنى قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىر ئىككى كۈندىن كېيىن پىشاۋردىكى ئېتىقادچىلار ئاقساقىلىدىن خەۋەر كېلىشىنى كۈتىدىغان بولدۇق.

ئۇ كېچە پاتىخ چوڭ دادامدىن تېلېفون كەلدى. بۇ كىشىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ دىن دەرسلىرىمگە ھەمىشە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن مەندىن خاپا ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى.

— بىلقىز؟

— لەبەي، چوڭ دادا.

— ئاڭلىشىمچە، ئىنجىلنى ئوقۇۋېتىپسەن، راستمۇ؟

— شۇنداق، — دەۋېتىپ ئۇنىڭ بۇنى قەيەردىن ئاڭلىغانلىقىغا ھەيران بولدۇم. يەنە نېمە ئاڭلىغاندۇ؟

پاتىخ چوڭ دادام ئاستاغىنە يۆتىلىپ قويدى.

— بىلقىز، ئەيسا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بىلەن ئىنجىل توغرۇلۇق ھەرگىز سۆزلەشمە، ئۇلارنىڭ مۇنازىرىگە ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. بۇنداق مۇنازىرىلەر ھەمىشە كاللىنى قاپاق قىلىۋېتىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىشكە تىرىشتىم، لېكىن ئۇ سۆزلىرىمگە قۇلاق سالماي ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى.

— مەندىن مەسلىھەت سورىماي ھېچقانداق ئادەمنى ئۆيۈڭگە تەكلىپ قىلما، ئەگەر تەكلىپ قىلساڭ، ئائىلەڭ

سىنى قوللىمايدۇ. بۇنى بىلىپ قوي. — دەپ قاتتىق تاپىلىدى. پاتىخ چوڭ دادام نەپەسلىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم توختىۋالدى. مەن بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ:

— چوڭ دادا، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدىم.

تېلېفون جىمىپ كەتكەندى.

— چوڭ دادا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆيۈمگە تەكلىپسىز كىرمەيدىغانلىقىنى بىلىسىزغۇ!

پاتىخ چوڭ دادام بۇنى ياخشى بىلەتتى. ئالدىن خەۋەر قىلماي، مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنى يۈز خاتىرە قىلماي، كەلگەن يېرىگە قايتۇرىدىغانلىقىمنى ھەممە كىشى بىلەتتى.

— كىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىسام، شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن. خەير خوش چوڭ دادا، — دەپ سۆزۈمنى ئاياغلاشتۇرۇپ تېلېفوننى قويىۋەتتىم. ئەجەبا، بۇ ۋەقە ئائىلەمدىن كۆتكەن بىرىنچىسىمىدۇر؟ ئىنجىلنى ئوقۇغانلىقىمنى ئاڭلىغان پاتىخ چوڭ دادام بۇنداق ئىنكاس كۆرسەتكەن يەردە، چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغانلىقىمنى ئاڭلىسا نېمە دەر؟ ئائىلەمچۇ؟ ئۇلار قانداق قىلار؟ بۇنى ئويلاشنىمۇ خالىمايتتىم. پاتىخ تاغامنىڭ تېلېفون قىلىشى ئىچىمدىكى چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىش ئارزۇيۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمايتتىم. مەن ياخشى كۆرىدىغان باشقا كىشىلەرنىمۇ كېلىدىغان بېشىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەلمەيتتىم.

كەندىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى.

ئەتىسى ئىنجىلنى ئوقۇۋېتىپ يەنە «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» قىسمىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىنى ئوقۇدۇم. فىلىپ ئېفىئوپىيىلىك ئەمەلدارغا خۇدانىڭ نىجاتلىق خۇش

خەۋىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئەمەلدار بىر يەردە سۈنى كۆرۈپلا ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇ يەردە چۆمۈلگەندى. رەب گويا ماڭا تېز بول، ھازىرلا چۆمۈلگىن دەيتتى. مېنى بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرسەم بىر ئىشنىڭ ياكى بىر كىشىنىڭ توسالغۇ بولۇشىدىن ئاگاھلاندۇراتتى. بۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. رەب مەندىن تەلەپ قىلغان بۇ ئىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان زور كۈچلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ماڭا قارىتا ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىنى كۆردۈم.

ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئىنجىلنى بىر ياققا قويۇپ، خىزمەتچىلىرىمنى چاقىردىم. كىيىنگەندىن كېيىن ماشىنامغا ئولتۇرۇپ، تېزلىكتە مىچەل ئەپەندىلەرنىڭكىگە ماڭدىم. ئۆيگە كىرە-كىرمەيلا:

—داۋىد، پىشاۋىردىن خەۋەر كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق، تېخى كەلمىدى.

— مېنى بۇ يەردە ھازىرلا چۆمۈلدۈرەلەمسىز؟ — دەپ ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ سورىدىم. داۋىدنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ سەھەرنىڭ سوغۇق ھاۋاسىدىن مېنى ئۆينىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى.

— قاراڭ، بىلىقىز، بۇنداق مۇھىم بىر ئىشنى ئالدىراپ-تېنەپ قىلغىلى بولمايدۇ.

— لېكىن، رەببىمنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىشىم كېرەك. ئۇ ماڭا ئالدىرىشىمنى ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن ۋە ئەتىگەندە ئىنجىلدىن ئوقۇغانلىرىمنى ۋە بىشىمغا بىرەر بالا-قازا كەلمەستە چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىۋېلىشىم ئۈچۈن، خۇدادىن كەلگەن ئەمىرلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

داۋىد ئامالسىزلىق بىلەن قوللىرىنى يوغان ئېچىپ:

— بۇگۈن سىننوۋىنى ئابۇتابات شەھىرىگە ئېلىپ

بارىمەن. بىلىقىز، دەرۋەقە ھازىر بىز قىلىدىغان بىرەر ئىشمۇ يوق، — دېدى. كېيىن قولىنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، — سەۋر قىلىڭ بىلىقىز، ئەتىگىچە پىشاۋىرىدىن بىرەر خەۋەر كېلىپ قالار، — دېدى.

ماشىنامغا ئولتۇرۇپ ئولد ئەپەندىلەرنىڭكىگە كەتتىم. كەن بىلەن مەرنى كۆرۈش بىلەنلا:

— ھازىرلا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىم ئۈچۈن بىرەر مۇمكىنچىلىك بارمۇ؟ بولسا ئېيتىڭلارچۇ، — دەپ ئۇلارغا يېلىندىم. كەن مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ مېھمانخانىسىغا ئېلىپ كىردى ۋە — بۇ يەردىكى ئېتىقادچىلار ئاقساقىلىدىن سورىدۇق، ئۇ بۇ مەسىلە كېلەر قېتىمقى يىغىنىمىزدا قارىلىدۇ، — دېدى.

— يىغىن دېدىڭىزمۇ؟ نېمە يىغىن ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدىم.

كەننىڭ چۈشەندۈرۈشىچە ئېتىقادچىلار ئاقساقىلى مېنى چۆمۈلدۈرۈشنى خالايدىكەن. لېكىن، چېركاۋنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ بۇنداق بىر قارارنى تەستىقلىشىنى كۈتۈش كېرەك ئىكەن.

— بۇنىڭغا بىرقانچە كۈن كېتىدۇ، بۇ ئارىدا نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ — دەپ قوشۇپ قويدى كەن.

— شۇنداق، — دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىم، — ئۇ چاغدا ھەممە كىشى غۇل ـ غۇلا قىلىشىدۇ.

ئەجەبا، شۇنداق بولارمۇ، ياكى باشقىچە بولارمۇ، دېگەن خىياللار كاللامنى چىرمىۋالغانىدى..

كېيىن، كەن مېنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يېرىم كېچىدە بىر ئادەمنىڭ ئاۋازىنى

ئاڭلاپتۇ. ئۇ ئادەم كەنگە «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ 654ـبېتىنى ئاچ دەپتۇ. كەن غەيرى ئىشقۇ بۇ دەپ ئويلاپ، كىتابنى ئېچىپتۇ. بۇ «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ «ئايۇب» قىسمىنىڭ 13ـبابى ئىدى. ئايەتلەر گويا كىتاب بېتىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، نۇر چاقنىغاندەك چاقناپتۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغانلىرى ھەم مىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىمغا ھەم كەنگە قارىتىپ ئېيتىلغاندەك ئىدى. كەن بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى:

«مەيلى ئاقىۋىتى قانداق بولسۇن، ھاياتىمنىڭ خېيىم-خەتىرىگىمۇ قارىمايمەن». (تەۋرات: «ئەييۇپ» 13ـباب 15ـئايەت)

بۇنداق قىلىشقا مەن تەييارمۇ؟ خۇداغا بولغان ئىشەنچىم ئاشۇنداق مۇستەھكەممۇ-يوق؟ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەننىڭ قولىنى تۇتتۇم،

— مىنى ھازىرلا چۆمۈلدۈرۈڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن مىنى ئۆلتۈرسىمۇ رازىمەن. جەننەتتە رەببىم بىلەن بىللە بولۇش مەن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىش، — دېدىم-دە، قايتا ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ كەنگە قارىدىم، كېيىن يەنە:

— ئەپۇ قىلىڭ، كەن. بىئارام بولۇۋاتىمەن. لېكىن شۇنداقتىمۇ بىر ئىشتىن خاتىرجەممەن. رەب ماڭا ھازىر چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىمنى ئېيتتى. سىزدىن ئوچۇق سوراپ باقاي. ماڭا ياردەم قىلامسىز قىلمامسىز؟ — دەپ سورىدىم.

كەنمۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇ قوللىرى بىلەن قىزىل چاچلىرىنى سىلاپ:

— ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن، — دېدى. كېيىن مەرگە قاراپ،

— يۈرۈڭلار، مىچەل ئەپەندىلەرنىڭكىگە بارايلى. ئۇ يەرگە بارغاندا بىر گەپ بولار، — دېدى.

ماشىنا بىلەن ۋاھ يېزىسىنىڭ ئەگرى-توقاي كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىگە باردۇق. مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ مېھمانخانىسىدا بىر ھازا جىمجىت ئولتۇرۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، كەن چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ بىزگە تازىم قىلدى ۋە ھەممىمىزگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ھازىرغىچە خۇدا بىلىقىزغا پەۋقۇلئاددە بىر شەكىلدە يول كۆرستىپ كەلدى. بۇ جەھەتتىن ھەممىمىز ئوخشاش پىكىردىمىز. ھالبۇكى بىلىقىز جىددىي چۆملۈش ئارزۇسىنىڭ خۇدادىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بىز ئۇنىڭغا توسالغۇ بولمايلى. سەن ئابۇتابات شەھىرىگە بارسەنغۇ دەيمەن؟ مەرى بىلەن ئىككىمىز بىلىقىزنى بوگون ئۇ يەرگە ئېلىپ بارايلى. ئۇ يەردە سەن ۋە سىننوۋى بىلەن تېپىشىمىز. بىلىقىزنىڭ چۆملۈشى ئۈچۈن كېرەكلىك تەييارلىقلارنى بوگون چۈشتىن كېيىن ئۇ يەردە قىلىمىز. شۇنداق بولسا قانداق؟ پېشاۋىردىن ۋاز كېچەيلى.

ھەممەيلەن بۇنىڭغا شۇئان قوشۇلۇپ تەييارلىق قىلىشقا باشلىدۇق. مەن ئالدىراش ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئولد ئەپەندىلەر زاپاس كىيىملەر لازىم بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇلارنى باشقا كىيىملىرىم بىلەن بىرلىكتە يۈك-تاقلىرىمغا قوشۇپ قويۇشنى رايشەمگە ئېيتتىم. كەن، سۇغا پاتۇرۇلغاندا ھېچنەرسە بولمايدىغان بىر كىيىم كېرەك، دېگەنىدى.

بۇ ھازىرلىقلارنى قىلىۋاتقاندىمۇ بىئارام بولدۇم، ھەتتا خۇداغا بولغان يېقىنلىق تۇيغۇلىرىم ئاجىزلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۇ ماڭا چۆملىدۈرۈشنى دەرھال قوبۇل قىلىشىمنى تەلەپ قىلىدىغان قەتئىي كۆرسەتمىلەرنى بەرمىگەنىدى؟

شۇ ئارىدا كاللامغا بىر پىكىر كەلدى. ياق، بولمايدۇ، دەپ ئۇنى كاللامدىن چىقىرىۋەتتىم. لېكىن بۇ پىكىر قايتا ـ قايتا كاللامغا كىرىۋالغاندا رەببىمگە دۇئا قىلىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئىھ! ئاسماندىكى ئاتا، ئۇلۇغ رەببىم، بۇ پىكىر بويىچە قىلسام توغرا بولامدۇ؟

مانا شۇنداق قىلىپ، 1967 ـ يىلى 24 ـ يانۋاردا ئائىلەمدە ئاجايىپ بىر چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى باشلاندى.

مەن رايشەمنى چاقىرىپ:

— رايشەم، مۇنچىدىكى داسقا سۇ تولدۇرۇڭ، — دېدىم. ئۇ نېمە قىلىشىمنى چۈشەنەلمىگەندەك بىر قىياپەتتە چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، دېگىنىمنى قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، بۇرۇن مەن بۇنداق كىچىدە يۇيۇنمايتتىم.

بىرئازدىن كېيىن رايشەم سۇنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭغا مېنى يالغۇز قويۇشنى ئېيتتىم. كېيىن دىنىي قائىدىمىزگە زادى ماس كەلمەيدىغان بىر ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدىم. مەن دىنىي قائىدىمىزگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئىنجىلدا ئېيتىلغان ۋە ئىچىمدىن قايناپ چىقىۋاتقان كۈچلۈك بىر ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشكەندىم. دەرھال چوقۇندۇرۇشنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك ئىدى. ماڭا دۇچ كېلىدىغان توسالغۇلارنى ئويلاپ، چوقۇندۇرۇشنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن چۈشتىن كېيىنگىچە كۈتۈشتىنمۇ ئەنسىرەشكە باشلىغانىدىم.

رەبنىڭ ھوزۇرىدا بولۇشنى ھەممىدىن ئارتۇقراق ئارزۇ قىلاتتىم. شۇڭا، بۇنى پەقەت ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىمنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن دەرھال مۇنچىغا كىردىم. مۇنچىنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ، رەبنىڭ سۆزىگە ھازىرمۇ ئەمەل قىلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

داسنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغىنىمدا سۇ مۈرەمگىچە كەلدى. قولۇمنى بېشىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:

— بىلقىز خۇدائاتاڭنىڭ، ئەيسا مەسىھنىڭ ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامى بىلەن سېنى چۆمۈلدۈرىمەن — دەپ بېشىمنى سۇغا پاتۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بەدىنىم سۇغا چۆكتى.

سۇدىن چىققىپ خۇشاللىقىدىن ھاياجانلاندىم. يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خۇدانى مەدھىيىلىدىم: ئى ئاتا، ساڭا شۈكۈر قىلىمەن. نېمىدېگەن بەختلىكمەن!

شۇ ئەسنادا مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھلىرىمدىن پاكلانغان ۋە رەبنىڭ ئالدىدا قوبۇل قىلىنغان بىر كىشى بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

نېمە قىلغانلىقىمنى رايىشەمگە ئېيتمىدىم. ئۇمۇ سورىمىدى. بىر-ئىككى مىنۇت كىيىندىم. ئابۇتابات دېگەن يەردە چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا تەييار بولدۇم. ئۇلارنىڭ كېلىپ مېنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىشىنى كۈتتۈم. بۇ ئەھۋالنىڭ دىنىي قائىدىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتىم. لېكىن، بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەتتىم. ئېتىقادچى دوستلىرىم ماڭا شۇنداق غەمخورلۇق ۋە ياردەم قىلدىكى، ئۇلار مەن ئۈچۈن بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشنى خالىمايتتىم. شۇ سەۋەبتىن ئىككىنچى قېتىم چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدىم. لېكىن، رەب مەندىن تەلەپ قىلغان ئىشنى قىلغانلىقىمنى ماڭا ئىچىمدىن چىقىۋاتقان بىر ھېسسىيات سۆزلەيتتى. ئىنجىلنى ئوقۇشقا تىرىشتىم. روھىم خۇرسەنلىك بىلەن جۇش ئۇراتتى، ھاياجانلىناتتىم، پىكىرلىرىم چېچىلاتتى. مەن يەنە رەبنىڭ

ھۇزۇرىغا كىرگەنىدىم. خۇدادىن ھېچ نەرسە يوشۇرمىغان ۋە ئۇنىڭ ئىنجىلدا ئېيتقان سۆزىگە ئەمەل قىلغان چېغىمدا ھەمىشە مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولاتتىم.

— خانىم! خانىم! — بۇ رايشەمنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئولىد ئەپەندىلەر تۆۋەندە سىزنى كۈتۈۋاتقانىكەن.

بۇ كۈنى ئۆيدە بولمايدىغانلىقىمنى ماخمۇدقا ئېيتتىم. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمىغىنى ياخشى ئىدى. چۈنكى، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايتتى. كېيىن تۆۋەنگە كەن ۋە مەرىنىڭ يېنىغا چۈشتۈم.

ئىككى ياقىسىغا كۆكنار تېرىلىپ، قارىغاي تىكىلگەن ئابۇتابات يولى ماشىنا بىلەن ئىككى سائەت داۋاملىشاتتى. مۇنچىدىكى چۆمۈلۈشۈم ھەققىدە ھېچكىمگە تىنمىدىم. ئۇلارغا بۇ يولدا كۆپ قېتىم مېڭىپ باققانلىقىمنى ئېيتتىم. يۈك-تاقلار قاچىلانغان بىرنەچچە ماشىنا بىلەن ئائىلە ساياھەتلىرىگىمۇ چىققانلىقىمىزنى سۆزلەپ بەردىم. ئەجەبا، مېنى ئاتا-بوۋامغا باغلايدىغان ئالاقىلىرىمىزنى مۇشۇنداق ئۈزۈۋېتىشىم توغرىمۇ؟ دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم سوئال قوياتتىم.

ئابۇتاباتتىكى ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا، مىچەل ئەپەندىلەر كانادالىق بىر دوختۇر ۋە ئايالى بىلەن بىرلىكتە بىزنى كۈتۈپ تۇراتتى. بىز بوب ۋە مەدېلىن بلەنشەرد ئىسىملىك بۇ ئەر-ئايالنىڭ مېھمانلىرى ئىدۇق. ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر پاكىستانلىقمۇ بار ئىدى. سىننوۋې،

— بۇ ئەپەندىمنىڭ ئىسمى ئاقساقال باھادىر بولىدۇ. سىزنى چۆمۈلدۈرىدىغان دىنىي يېتەكچى — دېدى.

ئۇ يەردە جەم بولغانلارغا قارىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەنگلىيەلىك بىر دوختۇر ۋە پاكىستانلىق يەنە بىر دىنىي يېتەكچى بار ئىدى.

ئۆيىنىڭ ئىچى بىر خىل جانلىق كەيپىياتقا تولغانىدى. ئىشىك-دېرىزىلەر تاقاقلىق ئىدى. بىرىنچى ئەسىردە رىم شەھەرىنىڭ ئاستىدىكى ئۆڭكۈرلەردە ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرىنىڭ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغانلىقلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم.

مۇراسىمغا تەييارلىق قىلىنىۋاتقاندا ئەتراپىمغا قارىدىم ۋە كەندىن:

— كۆلچەك قەيەردە؟ — دەپ سورىدىم. كۆلچەك يوق ئىكەن. كەن ماڭا ئۈستۈمگە سۇ چېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بىراق ئەيسا ئىئوردان دەرياسىدا چۆمۈلگەندە، پۈتۈن ئەزايى سۇغا پاتۇرۇلغانغۇ، — دېدىم.

بىز ئەيسا مەسىھ تەرغىباتچىلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقىنىمىزدا بىر دەريادىن ئۆتكەندۇق.

— مېنى يولدا بىز ئۆتكەن ئاشۇ دەرياغا ئېلىپ بارسائۇلار بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم. لېكىن ھاۋا سوغۇق ئىدى. مېنى چۆمۈلدۈرىدىغان كىشىنىڭمۇ سۇغا كىرىشى لازىملىقىنى ئويلاپ بۇ سۆزنى قايتا تەكرارلىمىدىم. دەرۋەقە رەبنىڭ مەندىن تەلەپ قىلغىنىنى ئورۇندىغىنىمغا ئىشىنەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، يەنە چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلدىم. لېكىن بۇ قېتىم سۇ چېچىش بىلەن چۆمۈلدۈرۈلگەندىم. ئۈستۈمگە سۇ چاچقاندا ھەر ھالدا رەببىم بۇ ئىشقا خۇرسەن بولدى، دەپ ئويلىدىم. مۇراسىمدىن كېيىن ئەتراپىمغا قارىسام، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھاياجاندىن كۆزلىرىدىن ياشلار ئاقماقتا ئىدى.

— سىلەر بۇ كۆز يېشىڭلار ئارقىلىق مېنى قورقۇتماقچىمۇ؟ — دەپ كۈلدۈم.

سىننوۋې كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلدى ۋە بۇرنىنى تارتىپ،

— ئېھ بىلمىقىز، — دەپ بىر نەرسە دېگىسى بولسىمۇ، ئۆپكىسىنى باسالماي دېيەلمىدى.

قالغانلارمۇ كېلىپ مېنى مۇبارەكلەشتى. سىنىنوۋې بىر مۇناجات ئېيتتى. كەن ئىنجىلدىن بىر ئايەت ئوقۇدى. ئاندىن بىز قايتىپ كەلدۇق.

قايتىش سەپىرىمىز ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ. بىز غەمدىن قۇتۇلغاندۇق. ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرى بىلەن بۇنداق جەم بولۇش بەكمۇ ياخشى ئىكەن! كېيىن بىز بىر-بىرىمىز بىلەن خوشلاشقاندا كۆز ياشلىرىمىزنى يەنە توختىتالمىدۇق.

ئۆيۈمنىڭ بوسوغىسىدىن كىرىپلا ئىچىمدىكى ھۇزۇر تارقىلىپ كەتتى. ئۆي ئىشلىرىمنى باشقۇرىدىغان خىزمەتچىم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئاۋازىدىن قايغۇرىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— سالام، خانىم، ئائىلىڭىزدىكىلەر سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ، سىزنىڭ خرىستىئانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقىڭىزنى بىلىدىكەن ۋە ...

— توختا! — دەپ قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدۈم،

— كىم كەپتۇ، تېز ئېيتقىنا.

خىزمەتچىم ئۇ كۈنى ئۆيۈمگە كەلگەنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتقاندا، ئىچىمدە يېڭى بىر گۇمان پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كەلگۈچىلەر تاغىلىرىم، چوڭ دادىلىرىم، ھامىلىرىم ۋە مەندىن چوڭ بىر نەۋرە ئاكا-ھەدىلىرىم قاتارلىق ئائىلىمىزنىڭ چوڭلىرى ئىدى. بۇ كىشىلەر پەقەت مۇھىم چاغلاردىلا كېلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

غۇۋا خىياللار ئارامىمنى تېخىمۇ بۇزاتتى. ئۇ كېچە ماخمۇد

بىلەن داستىخاندا ئولتۇرۇپ، ئىچىمدىكى قورقۇنچنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماسلىققا تىرىشتىم. ماخمۇد ياتقىلى كېتىشى بىلەنلا مەنمۇ ھۇجرامغا چىقتىم. دېرىزەمنىڭ تۆمۈر شادىسىدىن سىرتقا قارىدىم. بايىلا يېغىۋاتقان قار توختاپ قالغانىدى. ئاينىڭ ئايدىڭ يورۇقىدا باغچەمنى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرەلەيتتىم. مېنى بىرنەچچە يىللار قوينىغا ئالغان بۇ كۆڭۈللۈك قەدىمىي ئۆينىڭ ھۇزۇرىدىن كۆڭلۈم تەسەللى تاپاتتى.

ئەمدى نېمە بولىدۇ؟ بۇ ئۆيۈمدىن ئايرىلارمەنمۇ؟ بۇ مەن ئۈچۈن بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. شۇ كۈنگىچە ئائىلەمدىن، پۇلدىن ۋە شان-شەرىپىمىزدىن كەلگەن ئىشەنچتىن مەھرۇم قالمىغانىدىم. مانا ئەمدى ماڭا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدىغان كۈچلەر ئائىلەمدە باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ئۆز كۈچۈمنىڭ ۋە ئىشەنچىمنىڭ زور بىر قىسمىنى ئائىلەمدىن ئالاتتىم. ئۇلار ھەممىسى بىردەك ماڭا قارشى چىققىلى تۇرسا، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟

رەب مانا مۇشۇ سەۋەبتىن مېنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەي، چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىمنى تەلەپ قىلغانىكەن. مەن بۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. رەب مېنى ياخشى بىلەتتى. مېنىڭ ئەڭ ئاجىز تەرىپىمنىمۇ بىلەتتى.

تېخىچە دېرىزەمدىن تاشقىرىغا قاراپ تۇراتتىم. شامالدا مىدىرلاۋاتقان دەل-دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى دېرىزەمنىڭ تۆمۈر شادىلىرىدا كۆرۈنەتتى.

— خۇدايىم، — دەپ دۇئا قىلدىم، — ساڭا يىلىنىمەن، ئۇلارنى ئالدىمغا بىراقلا كەلتۈرمەي بىر-بىردىن كەلتۈرگەيسەن.

بۇ دۇئا ئاغزىمدىن چىقار-چىقماي ئىشىكىمنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىندى. كەينىدىنلا خىزمەتچىم بىر بولاق

نەرسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— بايا بۇنى بىرەيلەن سىزگە ئەپكەپتىكەن. — دېدى.

بولاقنى ئالدىراپ ئاچتىم. بىر دانە ئىنجىل ئىكەن. ئۇنىڭ بىرىنچى ۋارىقىغا: قەدىرلىك سىڭلىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە تەقدىم، دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بولۇپ، ئاخىرىغا كەن ۋە مەرى ئولد دەپ ئىمزا قويۇلغانىدى.

كىتابنى باغرىمغا بېسىپ، ئۇنى ئەۋەتكەن ياخشى دوستلارغا مۇيەسسەر بولغانلىقىم ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر قىلدىم. ئاندىن كىتابنى ئاچتىم. ۋاراقلاۋېتىپ بىردىن بۇ سۆزگە كۆزۈم چۈشتى:

«ئۇلارنى تېرىپىرەن قىلىۋېتىمەن... »

ئۇ ۋاقىتتا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ماڭا بىر سىر ئىدى.

# مېنى قوغدىغۇچى بارمدۇ؟

ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرۇپلا كۆڭلۈم بىئارام بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى، بۇ كۈنى تۇغقانلىرىم يەنە كېلەتتى. ئۇلار يا ھەممەيلەن بىللە ياكى بىر-بىردىن كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ قانداق كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن يەنىلا قورقاتتىم. ئۇلارنىڭ قاتتىق سۆزلەر بىلەن قىلىدىغان تەنبىھلىرىدىن، مېنى قايىل قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان چىرايلىق گەپلىرىدىن ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن ئەنسىرەيتتىم. بىراق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنىمۇ خالىمايتتىم.

ئالدىنقى كېچە قىلغان دۇئايىمنى خۇدانىڭ ئىجابەت قىلىشىغا ئانچە ئىشەنچىم يوق ئىدى. رايىشەمنى چاقىردىم ۋە ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىمنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدىم. كېيىن كىيىملەرنىڭ ئىچىدىن ھەممىدىن چىرايلىقىنى تاللىدىم. ھەمدە بۇ كۈنى ئۆيۈمگە كەلگەن ھەرقانداق مېھماننى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى دەرۋازىۋەنگە ئېيتىپ قويۇپ مېھمانخانامغا كىردىم. ئاق تاۋار بىلەن قاپلانغان سافالاردىن بىرىگە ئولتۇرۇپ ئىنجىلنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ماخمۇد ئىران گىلىمىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قولىدىكى ئويۇنچۇق ماشىنىلارنى گىلەمنىڭ گۈللىرى ئۈستىدە ئەگرى-بۈگۈر يوللارنى تېپىپ ئايلاندۇرۇپ ئويناۋاتاتتى.

زالدىكى ياغاچ ئويما نەقىشلىك رامكا ئىچىگە ئېلىنغان يوغان تام سائەت ئاۋۋال ئونغا، كېيىن ئون بىرىگە، ئاخىرىدا ئون ئىككىگە داڭ ئۇردى. تۇغقانلىرىم ھەر ھالدا چۈشتىن كېيىن كەلسە كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ماخمۇد ئۇخلاپ قالدى. مەن كۆتۈشنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم. ئاخىرى سائەت ئۈچ بولغاندا سىرتتا بىر ماشىنىنىڭ كېلىپ توختىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. خۇددى جەڭگە ھازىرلانغاندەك تەق بولۇپ تۇردۇم. لېكىن ماشىنا مېڭىپ كەتتى. نېمە بولغاندۇ؟ خىزمەتچىمدىن سورىسام، باشقا بىرەيلەننى بىرى ئەكىلىپ قويۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

كەچ كىرىپ قالغانىدى. مېھمانخانامنىڭ دېرىزىلىرىدىن قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپ، ئۆينىڭ تورۇسىدىكى كۆلەڭگىلەر بارغانسېرى ئۇزراۋاتاتتى. كېيىن تېلېفون جىرىڭلىدى. سائەتكە قارىسام يەتتە بولۇپ قاپتۇ. ئەجەبا ئۇلار كېلىدىغانىنى قويۇپ، تېلېفون بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدىمۇ نېمە؟

تۇرۇپكىنى قۇلىقىمغا ئەكىلىشىم بىلەنلا ماڭا تونۇش بولغان سىلىق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بۇ مەرى ئولدىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن قايغۇلۇق ئىدى. ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغانلىقىم توغرىسىدىكى خەۋەر ھەممە يەرگە تارقىلىپ كەتكەنىدى. تۆنۈگۈن تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيۈمگە كەلگەنلىكى بۇنى تەستىقلايتتى. مەرى نېمىشقا ئەنسىرىگەندۇ؟

— ياخشىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ تېلېفوندا، — سىزدىن ئەنسىراۋاتىمەن.

ئۇنىڭغا ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىمنى، مەندىن ئەنسىرىمە-سلىكىنى ئېيتتىم. تۇرۇپكىنى قويۇپلا، خىزمەتچىمگە رومىلىمنى كەلتۈرۈشنى ۋە ماشىنىنى تەييارلاشنى بۇيرۇدۇم. يىلنىڭ بۇ مەۋسۇمىدە ئائىلەمدىكىلەر مېنى يوقلىغىلى ئادەتتە سائەت سەككىزدىن كېيىن كەلمەيتتى. ئۆيدىن خاتىرجەم چىقالايتتىم. بىر خىل غەلىتىلىك ھېس قىلدىم.

تۇغقانلىرىمدىن بىرىمۇ يا تېلېفون قىلمىدى ياكى كەلمىگەنىدى.

ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ئۇلارنىڭ ئىلھامبەخش سۆزلىرىنى ئاڭلىغىم كېلەتتى. ئۇلارنىڭكىگە بارسام بولارمۇ؟ مەرىنىڭ قەيەردىن تېلېفون قىلغانلىقىنى تېخىچىلا ئۇقالمىغانىدىم. ماشىنامنى ئۇلىد ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيى ئالدىغا توختاتتىم، ئۆينىڭ چىراغلىرى يېقىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدىم.

تۇيۇقسىزلا، ئىچىمدە كۈتۈلمىگەن بىر قورقۇنچ پەيدا بولدى. ھويلىغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، گويا قانداقتۇر بىر ۋەھىمە بارغانسېرى ماڭا يېقىنلىشىۋاتقاندەك ۋە دەھشەتلىك بىر يوچۇن قول مېنى تۇتقىلى كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ھويلىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغا قارىغانسېرى مېنى قورقۇنچلۇق خىياللار چىرمىۋالاتتى. كېچىدە بۇ يەرگە ئۆزۈم يالغۇز كېلىشىم بىر ساراڭلىق ئىدى. يۈرىكىم چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز سوقاتتى.

كەينىمگە بۇرۇلۇپ ماشىنامغا قاراپ يۈگۈرمەكچى بولدۇم. ياق، بۇنداق قىلىشىم ھاجەتسىز! مەن ئۆزۈمنى خۇداغا ئامانەت قىلسام، خۇدامۇ مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇدھىش قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆزۈمنى خۇدانىڭ ئىلكىگە تاپشۇردۇم ۋە ئەيسا! ئەيسا! دەپ قۇتقۇزغۇچىمىزنىڭ ئىسمىنى قايتا-قايتا تەكرارلىدىم. شۇ ھامان بايىقى ۋەھىمىلىك ئۆزلۈكىدىن تارقاپ كەتتى.

ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ، ئۇلىد ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ بىرنەچچە قەدەم تاشلىدىم ۋە مېھمانخانىنىڭ يېپىق پەردىلىرى يوچۇقىدىن يىپتەك ئىنچىكە چۈشۈپ تۇرغان يورۇقنى كۆرۈپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى چالدىم.

ئىشىك ئاستىغىنە ئىچىلىپ مەرى ئالدىمغا چىقتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، كېيىن مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ھەمدە:

— كەن، كەن! — دەپ چاقىردى، كەن دەرھال چىقىپ:

— خۇداغا شۈكۈر، سىزدىن ناھايىتى ئەنسىرىگەنىدۇق، — دېدى. كەننىڭ سۆزىدىن قارىغاندا، مەن چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئۇ يەردە بولغان پاكىستانلىق ئاقساقال مېنىڭ ھاياتىمنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، مەرى بىلەن كەنگە مېنى يالغۇز قايتۇرۇپ خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتقانىكەن.

— دېمەك، مەندىن ئەنسىرەپ تېلېفون بەرگەنمىدىڭىز مەرى؟ — دېدىم مەن،

— قانداقلا بولمىسۇن، ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغىنىمنى بەربىر ھەممە ئادەم ئاڭلايدۇ. ھەر ھالدا شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت. ھازىرغىچە بىرەر ئەھۋال بولمىدى. ھەتتا تۇغقانلىرىممۇ ئۆيۈمگە كەلمىدى. بۇ ھەقىقەتەن دۇئايىمنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر خۇرسەنلىكىمنى بىلمەيسىلەر.

— قېنى، ئەمىسە خۇداغا دۇئا قىلايلى، — دېيىشتۇق ھەممىدە ئۈچەيلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، خۇداغا مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلدۇق. كەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خۇدانىڭ مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتتىم. قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن دۇئا قىلىپ، خۇدانىڭ ياردىمىگە ئىلتىجا قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم تەجرىبىگە ئىگە بولدۇم. خىزمەتچىلىرىم ئۇ كېچە بىرىمۇ كىشىنىڭ تېلېفون قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنداقتا ئەتە

كۈتسەم بولغىدەك، دەپ ئويلاپ، يېتىشقا ھازىرلاندىم.

ئەتىسى كۈنۈمنى يەنە مېھمانخانىدا ئۆتكۈزدۈم. دۇئا قىلدىم، ئويلاندىم. كۈتۈۋېرىپ زېرىكىپ بىكارچىلىقتا مەرمەر تاشلارنىڭ، ئىران نۇسخا گىلەملەرنىڭ گۈللىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقتىم. بۇ كۈنىمۇ مېنى ئىزدىگەن بىرمۇ كىشى بولمىدى.

نېمە بولغاندۇ؟ مۈشۈك بىلەن چاشقان ئويۇنىدەك، ئۇلارمۇ مەن بىلەن ئوينىشىۋاتامدۇ، يا؟

خىزمەتچىلىرىمدىن سوراپ باقماقچى بولدۇم. پاكىستاندا سىرتتا بولغان ئىشلارنى بىلمەكچى بولغانلار خىزمەتچىلىرىدىن سورايتتى. ئۇلار مەخپىي ھالدا ھەرقانداق ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. ئاخىرى خىزمەتچىم نۇرجاننى بىر چەتكە تارتىپ سورىدىم.

— تۇغقانلىرىمغا نېمە بوپتۇ؟

— سورىماي قويۇڭ خانىم، — دېدى نۇرجان كۈلۈۋەتمەسلىككە تىرىشىپ،

— ئاجايىپ بىر ئىش بوپتۇ. ھەممىسىنىڭلا بىرلا ۋاقىتتا ئىشى چىقىپ قاپتۇ. ئاكىڭىز ھەر يىلقىدەك، ئويۇنغا كېتىپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدۇم. ئاكام ئۈچۈن كىرىكەت ئويۇنى جەھەننەم يولىغا ماڭغان سىڭلىسىدىن مۇھىمراق بولسا كېرەك. نۇرجان سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— پاتىخ چوڭ دادىڭىز مەلۇم بىر سوتنىڭ چاقىرىشى بىلەن باشقا بىر يەرگە بېرىشقا مەجبۇر بوپتىمىش. ئەمىنە ھاممىڭىزنىڭ لاھور شەھىرىگە بارىدىغان ئىشى چىقىپ قاپتۇ. بىر نەۋرە قېرىنداشلىرىڭىزدىن ئىككىيلەن تىجارەت ئىشى بىلەن شەھەردىن باشقا يەرگە كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى توختاتتىم. سۆزلەۋېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق

ئىدى. رەب ئۇلارنى تەرەپ-تەرەپكە تارقىتىۋېتىشكە ۋەدە قىلغانىدى، دەل شۇنداق بوپتۇ. رەببىمنىڭ تەبەسسۇمىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن ئۈچۈن قايغۇرغان تۇغقانلىرىم ئەمدى كەلمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم. لېكىن، كەلسىمۇ بىر-بىرلەپ كېلەتتى.

دەرۋەقە شۇنداق بولدى. ئۆيۈمگە كەلگەن بىرىنچى كىشى ئەمىنە ھاممام بولدى. ئۇ يەتمىش ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، خانىشلاردەك بىر ئايال ئىدى. ئۇنىڭ شەرق ئەللىرىگە خاس گۈزەللىكى مېنىڭ ياۋروپا ئۆي بىساتلىرى بىلەن بېزەلگەن مېھمانخانامدا ھامان غەيرىي كۆرۈنەتتى. ئارىمىزدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن مۇستەھكەم بىر مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئىشەنچ رىشتىسى بار ئىدى. لېكىن، ھازىر ھۇجرامغا كىرگەن ۋاقىتتىكى ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى ھەر ۋاقىتتىكىدىنمۇ سولغۇن، قوڭۇر كۆزلىرى خاپا كۆرۈنەتتى.

بىز بىرئاز پاراڭلاشتۇق. ئاخىرىدا، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولغان مەسىلىگە كۆچۈش ئۈچۈن ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇ ئاستاغىنە يۆتىلىپ قويدى. كېيىن بىخارامان كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ:

— بىلىقىز... قىزىم... ئاڭلىشىمچە... سەن ئەيسانىڭ يولىغا مېڭىپ كېتىپسەن، راستمۇ؟ — دېدى.

مەن كۆلۈمسىرەپلا قويدۇم. ئۇ كرىسلودا ئازادە ئولتۇرۇپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى:

— بەزى كىشىلەر كەينىڭدىن غەيۋەت-شىكايەت قىلىپ يۈرەمدىكىن دەيمىنا. ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ، خۇددى ئاڭلىغانلىرىنى خاتا دېيىشىمنى كۈتكەندەك، ماڭا يېلىنىش نەزىرى بىلەن قاراشقا باشلىدى.

— ئاڭلىغانلىرىڭىز خاتا ئەمەس، ئەمىنە هامما، ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ئەيسا مەسىھكە بېغىشلىدىم. چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلدىم. مەن هازىر ئەيسا مەسىهنىڭ ئېتىقادچىسى، — دېدىم.
هاممام ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى يېپىۋېلىپ:
— ۋىيەي، نېمە دېدىڭ؟ خۇدا ھەققىدە! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر هازاغىچە ئولتۇرۇپلا قالدى. كېيىن ئاستاغىنە رومىلىنى ئارتىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۆزىنى تۇتۇلغان كىشى بولۇپ ئۆيدىن چاندۇرماي چىقىپ كەتتى.
يۈرىكىم بىر قىسما بولۇپ قالدى، شۇئان هاممامنىڭ رەنجىپ قالماسلىقى ئۈچۈن خۇداغا يىلىندىم. ئائىلەم ئۈچۈن قانداق دۇئا قىلىشىم كېرەكلىكىنى خۇدادىن ئۆگىنىۋېلىشىم لازىم ئىدى. بۇنداق قىلمىسام، بىرقانچە يېقىن كىشىلىرىمنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ قوياتتىم.
— ئى رەب، — دېدىم، — بۇنى هەل قىلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق يولى بۇ كىشىلەرنىڭ سېنى قۇتقۇزغۇچىيىمىز دەپ قوبۇل قىلىشىدۇر. ئۇلار ساڭا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ، سېنىڭ ئۇلارنى سۆيىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن. هازىر مېنىڭ بۇ جانجىگەرلىرىمنىڭ هاياتىغا ئالاهىدە تەسىر كۆرسەتكەيسەن، شۇنداقلا، خالىساڭ بۇنى ئەمىنە هاممامدىن باشلىغايسەن، ساڭا شۈكۈر قىلىمەن، ئى خۇدايىم!
ئەتىسى بۇ دۇئانى يەنە تەكرارلاشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ قېتىم مېنى يوقلاپ كەلگەن كىشى جىيەنىم ئاسلام بولدى. ئۇ ئادۋوكات بولۇپ، ۋاه يېزىسىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يەردە تۇراتتى. ئۇ تاغامنىڭ ئوغلى ئىدى. جىيەنىمنىڭ تەبەسسۇم چىرايى ۋە مۇلايىم مىجەز-خۇلقى دادامغىلا ئوخشايتتى. ئۇنى كۆرۈپ، تەمتىرەپ كەتكەن بولساممۇ،

تۇرۇقىدىن ئەھۋالنى تەپسىلى بىلمەيدىغانلىقىنى پەملىدىم.
بىز ئۇياق-بۇياقتىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئاسلام:

— تۇغقانلار قاچان جەم بولىدىكەن؟ خالىسىڭىز خەۋىرىنى سىزدىن ئۇقۇپ، بىللە بارايلى، — دېدى.

مەن كۈلۈپ كەتتىم ۋە:

— تۇغقانلار قاچان جەم بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن بۇ قېتىمقى جەم بولۇشقا مېنى چاقىرمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، چۈنكى، ئۇلار بۇ قېتىم مەن ئۈچۈن جەم بولۇشىدۇ، — دېدىم.

ئۇ شۇ قەدەر ھەيرانلىقتا قالغانلىقى ئۈچۈن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ھەممىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم ۋە ئاخىرىدا:

— لېكىن سىز بارماي قالماڭ، ھېچبولمىغاندا مەن ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويارسىز، — دېدىم.

ئۇنىڭ ئۆيۈمدىن كۆڭۈلسىز قايتقانلىقىنى بايقىدىم. بۇنىڭدىن يېقىندا پۈتۈن ئەھۋالنىڭ پارتلاپ چىقىدىغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە تېزراق راۋالپىندى ۋە لاھور شەھەرلىرىگە بېرىشىم كېرەك ئىدى. تونىنىڭ ۋە ئوغلۇم خالىتنىڭ مەن توغرۇلۇق بىرمۇنچە غەيۋەت-شىكايەتلەرنى ئاڭلىشىنى خالىمايتتىم. قىزىم خالىدە بىلەن كۆرۈشۈشۈم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئافرىقىدا ئىدى. لېكىن، خالىت ۋە تونىلار بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشەلەيتتىم. ئەتىسى دەرھال لاھورغا قاراپ يولغا چىقتىم. خالىتنىڭ ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كېتىۋاتقانلىقى ئائىلە ئەھۋالىدىن مەلۇم ئىدى. گۈلزارلىق قورا ئىچىدىكى بۇ كەڭ پېشايۋانلىق چىرايلىق ئۆي شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى.

ماشىنىنى چوڭ دەرۋازىدىن قورا ئىچىگە ئەكىرىپ، ئۆينىڭ

ئالدىدا توختاتتۇق. ئاندىن كەك پېشايۋانغا قاراپ ماڭدىم. خالىت ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىدى. بۇنى ئۇ ئائىلەمدىن ھەمدە تېلېفوندا ئۇزۇن سۆزلەشكىنىمىزدىن كېيىن بىلگەنىدى. ئۇ ئالدىمىزغا چىقىپ:

— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە ئىنتايىن خۇشالمەن ئاپا، — دېدى، لېكىن، ئۇنىڭ بىرئاز ئەيمىنىپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم. ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىز مېنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغانلىقىم ھەققىدە ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. لېكىن، ئاخىرىدا خالىتنىڭ تېخى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى بايقىدىم.

كېيىن تونىنى يوقلىغىلى راۋالپىندىگە دوختۇرخانىغا باردىم. تونىنى كۈتۈۋېرىپ كاناي بىلەن چاقىرغىدەك بولدۇم. ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرسەم بولار دەپ ئويلىدىم. شۈبھىسىزكى، ئۇمۇ بۇ توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىنجىلنى ئوقۇۋاتقانلىقىمنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. ھەتتا ماخمۇد بۇ بالنىتسىدا ياتقاندا مېنىڭ دوختۇر سانتىياگو ئىسىملىك راھىبە بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىمنىڭ بەزىسىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. دوختۇر سانتىياگونىڭ زىيارىتى بىلەن ھاياتىم نەقەدەر ئۆزگەرگەنىدى. مېنى خۇدانى ئاتام دەپ دۇئا قىلىشقا دەۋەت قىلغان مۇشۇ راھىبە ئىدى.

— ئاپا! — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. تونى مېنىڭ ئالدىمغا ئىتتىك مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئاق خالىتى قوڭۇر چاچلىرىنى تېخىمۇ چاقنىتىۋەتكەنىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئەكس ئەتكەن ھالدا مېنى قۇچاقلاش ئۈچۈن غۇلاچلىرىنى ئاچتى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا قانداق يەتكۈزۈش كېرەك؟ ئۇنىڭغا قانداق

چۈشەندۈرۈش يوللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئويلاندىم. لېكىن، تونىنىڭ قارشى چىقىشىدىن قورقاتتىم. گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئاران-ئارانلا:

— تونى، بالام، ساڭا ئېيتماقچى بولغانلىرىمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتمىگىن، ئىككى كۈنىنىڭ ئالدىدا مەن... چۈمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلدىم، — دېدىم.

تونى قولىنى ماڭا بېرىم سوزغان پېتى تاڭقېتىپلا قالدى ۋە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا يېنىمدىكى كرېسلوغا كېلىپ ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئاران ئاڭلانغىدەك ئاۋاز بىلەن:

— دەرۋەقە ئىشىنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدىم، — دېدى. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشتىم.

— ئەمدى قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايدۇ، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئىشتىن بالدۇر چۈشۈش ئۈچۈن رۇخسەت ئالدى. بىز ئۇ تۇرىدىغان بىناغا باردۇق. ئاچقۇچنى ئىشىكنىڭ قۇلۇپىغا سېلىۋاتقاندا تونىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئۆيگە كىرىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالدى. ئاندىن ماڭا قاراپ،

— ننا ئىكەن — دېدى. بۇ راۋالپىندىدا تۇرىدىغان بىر قىز جىيەنىم ئىدى.

— ئاڭلىغانلىرىنىڭ راست-يالغانلىقىنى سوراۋاتىدۇ، — دېدى تونى. ننانىڭ سۆزى تۈگىمىگەن بولسا كېرەك، تونى يەنە تۇرۇپكىنى قۇلىقىغا تۇتتى، ننانىڭ ئاۋازى تېخىمۇ قاتتىق چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. تونى سىلىق ئاۋاز بىلەن:

— شۇنداق ننا راست، شۇنداق قىلىپتۇ، — دېدى. كېيىن تۇرۇپكىنى قولىدا تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويدى-دە، مۈرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، تۇرۇپكىنى قويۇپ قويدى. بەلكىم

نىنا تۇرۇپكىنى قاتتىق قويۇۋەتكەن بولسا كېرەك. تونىنىڭ ئويلىنىۋېلىشى ئۈچۈن بىرئاز ۋاقىت بېرىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭا نەرسە كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرغان بولۇپ تۇرۇۋالدىم.

— ۋاقتىڭ چىقسا بارارسەن، يەنە كۆرۈشەرمىز قىزىم، شۇ چاغدا سۆزلىشەرمىز، — دېدىم. تونى ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن چوڭ يولغا چىقىپ ئۆيۈمگە قاراپ ماڭدىم. ئۆيۈمگە كېلىشىم بىلەنلا خىزمەتچىلەر ئەتراپىمغا ئولۇشۇۋالدى. نۇرجان قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تۇراتتى. رايىشەمنىڭ چىرايى ھەرقاچانقىدىن سولغۇن ئىدى. ئۇ كۈنى كەينى-كەينىدىن تېلېفون ئۈزۈلمەپتۇ. تۇغقانلىرىم ئەتىگەندىلا ئىشىك ئالدىمغا توپلىشىپ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇشۇپتۇ. خىزمەتچىلىرىم بۇلارنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي دېيىشىۋاتقاندا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى.

بۇ، ئىنگلىزلار باشقۇرۇشىدىكى بىر نېفىت شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ھەدەمنىڭ ئېرى جەمىل ئىدى. مەن ھەمىشە جەمىلنى كۆرگەن-بىلگەنلىرى كۆپ تەمكىن بىر كىشى دەپ قارايتتىم. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازىدا تەمكىنلىك يوق ئىدى.

— بىلىقىز، غەلىتە بىر گەپنى ئاڭلاۋاتىمەن، لېكىن پەقەت ئىشەنمىدىم، — دەپ توغرىسىغىلا سۆز باشلىدى ئۇ، — بىر سودىگەر دوستۇم ماڭا سىزنىڭ ئەيسانىڭ يولىغا ماڭغانلىقىڭىزنى ئېيتتى. مەن كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا بۇنداق ئىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى دېدىم.

دەرۋەقە بۇ خەۋەر ئەتراپقا چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ كەتكەنىدى. مەن زۇۋان سۈرمىدىم.

— بىلىقىز؟ — جەمىلنىڭ ئاۋازى تىخىمۇ قاتتىق

چىقاتتى، — ئېيتقانلىرىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— ئەھۋال مەن دېگەندەك ئەمەستۇ، ياكى شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق.

ئىككىمىز بىر پەس جىم بولۇپ قالدۇق. كېيىن جەمىل:

— ۋاي، لەنەت تەككۈر — دەپ ئاغزىنى بۇزغىلى تۇردى،

— ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كېتىپسىز، بۇنداق قىلىش نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالدى؟ پەقەت باشقا بىر دىنىي كۆز قاراش ئۈچۈنمۇ؟ ھەي لەنتى؟ — دەپ تۇرۇپكىنى تاراقىدە قويۇۋەتتى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن تونى تېلېفون قىلىپ يىغلىدى:

— ئاپا، ناۋاز تاغام ھېلى ماڭا تېلېفون قىلدى. ماخمۇدنىڭ دادىسى ئەمدى ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە ھەقلىق دەيدۇ. ناۋاز تاغامنىڭ ئېيتىشىچە ھېچقانداق سوت بالىنىڭ سىنىڭ يېنىڭدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلماسمىش.

ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشكە تىرىشتىم. لېكىن، ئۇ ئۆكۈنۈشلەر ئىچىدە تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

ئاخشىمى خېلى كەچ ئىدى. ياتاق ھۇجرامدا ماخمۇد بىلەن تاماق يەۋاتسام تونى قىز جىيەنلىرىمدىن ئىككىسى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆڭسىز چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.

— مەرھەمەت، داستىخانغا كېلىڭلار، خىزمەتچىلەر تاماق ئېپكىرسۇن، — دېدىم. تونى ۋە جىيەنلىرىم تاماققا ھېچ تاۋى يوق، كۆڭۈلسىزلا ئولتۇرۇشاتتى. ئىككى قىز جىيەنىم بىلەن كۆرۈشكىنىمگە خۇشال ئىدىم، لېكىن ئۇلار مەن بىلەن كۆرۈشكىنىگە زادىلا خۇشال ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. سۆزلىرىمىز پەقەت ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ھەققىدىلا كېتىپ باراتتى.

ئۈچىلىسى ئارىلاپ-ئارىلاپ ماخمۇدقا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، ئۇنى ھۇجرىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كىنايە سۆزلەرنى قىلىشاتتى. ماخمۇد ھۇجرىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جىيەنلىرىمدىن بىرى مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ:

— ھامما، بۇ ئىشلىرىڭىزنىڭ باشقىلارغا بولغان تەسىرىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئاندىن ئۇ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ،

— ئۆزىڭىزدىن باشقىلارنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى. ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان يەنە بىر جىيەنىم گويا بۇ سوئاللارنى كۆزلىرى بىلەن تەكرارلاۋاتاتتى.

ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىن قولۇمنى ئۇزىتىپ، بۇ قىزچاقنىڭ نازۇك قولىنى تۇتتۇم:

— بالام، مەن ئىتائەتمەن بولۇشتىن باشقا بىر ئىش قىلمىدىمۇ؟ — دېدىم.

تونى ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ، سۆزلىرىمنى زادى ئاڭلىمىغاندەك يالۋۇرۇپ:

— ئاپا، كۆدە-كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ بۇ يەردىن كەت، — دېدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ قاتتىق چىقاتتى،

— كىشىلەر نېمە دەۋاتىدۇ، بىلەمسەن؟ ساڭا ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى، ئۆز قېرىنداشلىرىڭ ساڭا قارشى چىقىشقا مەجبۇر بولۇۋېتىپتۇ. — ئۇ ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا،

— ئاپا، دوستلىرىم باشقىلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ دېيىشىۋاتىدۇ!

— تونى، سەندىن ئىنتايىن رەنجىۋاتىمەن، مەن بۇ يەردىن نەگە كېتەتتىم؟ — دەپ سىلىق تەلەپپۇز بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم،

— ھازىر قىچىپ كەتسەم، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە قاچقۇن بولۇپ ياشىشىم كېرەك، — بۇ سۆز بىلەن قارارىم ئېنىق بولغانىدى.

— خۇدا خالىسا، مىنى ئۆز ئۆيۈمدە مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ھەرقانداق كىشى مىنى بۇ يەردىن قوغلىۋېتەلمەيدۇ، — دەپ، ئولتۇرغان يېرىمدىن قوزغالدىم، گويا سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىۋاتاتتىم،

— خالىسا ئۇلار كەلسۇن ۋە ھۇجۇمىنى قىلسۇن، — دېدىم.

مەن ئىنتايىن خاپا بولغان ھالدا ئۆزۈمدىن خاتىرجەم ئولتۇراتتىم. شۇ ئەسنادا ئاجايىپ بىر ئىش بولدى. مەن يەنە خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئائىت ھۇزۇرىدىن مەھرۇم بولغانىدىم. نىمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئەتراپىمدا كۆتۈرۈلگەن ئاۋازلارغا ئانچە قۇلاق سالمىدىم. شۇئان نىمە ئۈچۈن بۇنداق بولغانلىقىنى چۈشەندىم. مەندىكى كونا مەنمەنلىك، يەنى كىبىر ۋە تەرسالىق بىلەن تولغان مەنمەنلىك ھاياتىمنى ئىلكىگە ئالغانىدى. نىمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈم بەلگىلەيتتىم. ئۆيۈمدىن قوغلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئۆزۈم بىلەتتىم.

مەن يەنە ئۆز جايىمدا تۈگۈلۈپ ئولتۇردۇم.

تونى،

— ئۇنداق بولسا ئاپا، سەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقاتچىسى بولغان چېغىڭدا يەنە ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقاتچى شىبھىتى بولۇشۇڭ كېرەكمۇ؟ — دەپ يىغلايتتى، ئۇ ئورۇندۇقۇمنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،

— سىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ —

دەيتتى.

— ئەلۋەتتە قىزىم، ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، مىجەزىمنىڭ شۇ قەدەر ئىتتىكلىكى ئۈچۈن خۇدادىن كەچۈرۈم سورىدىم. خۇدا قەيەرگە كېتىشىمنى ئىرادە قىلسا رازى ئىدىم، ھەتتا ئۆيۈمدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلسىمۇ ماقۇل دەيتتىم! بۇلارنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈش بىلەنلا خۇدا ئاتامنىڭ ھۇزۇرىنى يېڭىباشتىن ھېس قىلىشقا باشلىدىم. خۇدا بىلەن بولغان بۇ مۇناسىۋەت پەقەت بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا سادىر بولغانىدى. لېكىن، ئالدىمدىكى ئۈچ قىزنىڭ سۆزلىرىدىن شۇ تاپتا باشقا بىر ھاياتنىڭ باشقا بىر دەرىجىدە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. شۇ ئەسنادا رەب قەلبىمدە تەسىر كۆرسىتىپ، ماڭا تەلىم بېرىۋاتاتتى.

— ئۇنداقتا، مۇنداق قىلىمىزغۇ دەيمەن؟ شۇنداقمۇ، ئاپا

— بۇ تونىنىڭ ئاۋازى ئىدى. لېكىن مەن جاۋابىمنى كۈتكەن بۇ سوئالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. تونى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ

— ماخمۇدنىڭ دادىسى ئەيكەتكىلى كەلسە، ئۇنى ئۆزۈمگە بېرىۋەتكىن. چۈنكى مەن ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى ئەمەستە!

ئاخىرىدا ئۈچ قىز بېسىقىپ قالدى.

— بۇ يەردە قونۇپ قېلىشنى خالامسىلەر، قىزلار؟ — دەپ سورىدىم. ئۇلار

— ھەئە دېيىشتى. تونى ۋە جىيەنلىرىم بىلەن — خەيىرلىك كەچ، — دەپ خوشلاشقىنىمدا ئائىلىمىزدىكى ئورنىمىزنىڭ قانداقچە ئالمىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. بىر چاغلاردا مەن ئۇلارنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلاتتىم. ئەمدىلىكتە ھەممىمىز بىر-بىرىمىزنىڭ غېمىنى

يەۋاتمىز. ئۇ كېچىچە شۇنداق دەپ دۇئا قىلدىم: ئى خۇدايىم، ساڭا ئېتىقاد قىلمىغان بىرى بىلەن سۆزلىشىش نېمىدېگەن قىيىن، ئائىلەمگە شاپائەت قىلغايسەن.

ئۇيقۇغا كەتكىنىمدە يەنە تېنىمدىن جۇدا بولۇپ ئۇچۇپ يۈرگىدەكمەن. قارىغايلىق بىر تاغنىڭ باغرىدا تۇرغىدەكمەن. يېنىمدا بىر بۇلاق پەيدا بولۇپتۇ. ئەتراپىمنى پەرىشتىلەر ئورىۋاپتۇ. ئۇلار شۇ قەدەر كۆركەم، خۇددى تۇماندەك كۆرۈنۈۋاتقىدەك. پەرىشتىلەر ماڭا تەسەللىي بېرىۋاتقىدەك، تۇيۇقسىز ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. قارىسام يېنىمدا ئورنۇمدا يېتىپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىچىمدىكى روھنىڭ كۈچىنى سېزەتتىم. ماخمۇدنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم. ئۇمۇ ئۇخلاۋېتىپتىكەن. بارمىقىم بىلەن ئۇنى كۆرسەتتىم. كېيىن قىزىم ۋە جىيەنلىرىم ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلدىم. ئاندىن ياتاق ھۇجرامغا قايتىپ كىرىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ،

— ئى رەب، — دەپ يىلىندىم، — ھازىرغىچە نۇرغۇن دۇئالىرىمنى ئىجابەت قىلدىڭ، ئەمدى يەنە دۇئا قىلىمەن، ماخمۇدنى قانداق قىلىشىمنى ماڭا كۆرسەتكەيسەن.

مۇقەددەس كىتابنى ئېچىشىمغىلا بۇ ئايەتكە كۆزۈم چۈشتى:

«قولۇڭنى تارت، بالىغا چېقىلما!» (تەۋرات: «يارىتىلىش» 22-باب 12-ئايەت)

رەھمەت ساڭا، ئاتا دەپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتىم.

ناشتا قىلىۋېتىپ تۈننى ئەندىشىلىرىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، — ئوغلۇڭغا بىرەر خېيىم-خەتەر كەلمەيدۇ قىزىم، بۇنىڭدىن قىلچە ئەنسىرىمە، — دېدىم. ماڭا تەسەللىي بەرگەن

تەۋراتتىكى بۇ سۆزنى ئۇنىڭغىمۇ كۆرسەتتىم. تونىغا مېنىڭ ئېتىقادىم تەسىر قىلدىمۇ ياكى مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ قەلبىنى ئېرىتتىمۇ بىلمەيمەن، بۇ يەرگە كەلگەن ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ چىرايى ئەمدى ئېچىلغاندى.

قىزىم ۋە قىز جىيەنلىرىم ئۇ كۈنى ئۆيۈمدىن ئەندىشىلىرى بىرئاز بېسىلغان هالدا قايتىشتى. لېكىن، قالغان تۇغقانلىرىم ۋە دوستلىرىمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن رايىشەم يەتتە كىشىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تۆۋەندە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇلار مېنىڭ ئەهۋالىمدىن ئەنسىرىگەن دوستلىرىم ئىدى. ماخمۇد يېنىمدا بولمىغۇچە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىدىم. بالىنىڭمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنى تېپىپ تۆۋەندىكى مېهمانخانىغا ئېلىپ چۈشتۇق. كەلگەن مېهمانلار مېهمانخانىدا ئورۇندۇقتا قاتار تىزىلىپ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. بىز چاي ئىچتۇق، تاتلىق-تۈرۈملارغا ئېغىز تەگكەچ ئۇياقتىن-بۇياقتىن سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق. ئارلىقتا بىرى يېنىككىنە يۆتىلىپ قويۇپ، گەپ ئېچىشقا تەمشەلدى. مەن ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى بىلدىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تەييار قىلىپ تۇردۇم.

سۆز ئاچقان بۇ ئايال بالىلىق چاغلىرىمىزدىن تارتىپ تونۇشىدىغان بىر دوستۇم ئىدى.

— بىلىقىز، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — سىزنى ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز، ھازىر قىلىۋاتقان بۇ ئىشىڭىز ھەققىدە ئۆزئارا پاراڭلاشتۇق ۋە سىزگە پايدىسى بولار دېگەن ئۈمىدتە بىر تەكلىپ بەرمەكچىمىز.

— خوش، قېنى.

ئۇ ئالدىغا ئېڭىشىپ كۈلۈپ قويدى.

— ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغانلىقىڭىزنى باشقىلارغا ئۇقتۇرماڭ.
— ئېتىقادىمنى مەخپىي تۇتۇڭ دېمەكچىمۇسىز؟
— شۇنداق...
— ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۆلۈشكە رازىمەنكى، خۇدانى ئويۇنچۇق قىلالمايمەن.
يەتتەيلەن تەڭلا ماڭا بويىنىنى سوزۇپ قاراشتى. دادامنىڭ كونا بىر دوستى ماڭا ئالىيىپ-ئالىيىپ قاراپ قوياتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا تەتۈر قارايمىكىن دېدىم-يۇ، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم. قانداقلا بولمىسۇن ئۇلار مېنى يامان بولسۇن دېمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم.
— سىلەرنى رەنجىتىشنى خالىمايمەن، لېكىن تەلىپىڭلارنى ئورۇندىيالمايمەن، — دېدىم. ئۆتكەن ئاي ئىچىدە ئېتىقادىمنىڭ ھاياتىمدا ئەڭ مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى ئۇلارغا چۈشەندۈردۈم.
— ئېتىقادىم ھەققىدە گەپ قىلىشتىن ۋاز كەچمەيمەن، — دېدىم ۋە ئۇلارغا ئىنجىلدىن بۇ ئايەتنى يادلاپ بەردىم:
«ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا مېنى ئېتىراپ قىلغانلارنى مەنمۇ ئەرشتىكى ئاتامنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىمەن. ئىنسانلار ئالدىدا مېنى ئېتىراپ قىلمىغانلارنى مەنمۇ ئەرشتىكى ئاتامنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلمايمەن». (ئىنجىل: «ماتتا» 10-باب 32- ۋە 33-ئايەتلەر)

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشانغان بىر ئادەم:
— قىزىم، لېكىن سەن پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋالدىسەن،

ئوچۇق ئىپتىمىساكىمۇ خۇدا بۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇ سىنىڭ ئىپتىقاد قىلغانلىقىڭنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. بىز بىرىنىڭ سىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرىۋاتىمىز، — دېدى.

مەن كۈلۈپ كەتتىم، لېكىن مەندىن باشقا ھېچكىم كۈلمىگەنىدى. ئۇلار بۇ مۇنازىرىدىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلىشىپ قايتماقچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرىشتى ۋە مېنى ئاخىرقى قېتىم يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ:

— بىلىقىز، ئەگەر بىرەر بالا-قازاغا يولۇقساڭ، دوستلىرىڭ ۋە ئائىلەڭ ساڭا ھېسداشلىق قىلمايدۇ، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭمۇ ساڭا تەتۈر قاراشقا مەجبۇر بولىدۇ — دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكىمنى بېشىم بىلەن تەستىقلىدىم. ماخمۇد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئۇنى ئويناپ كىر دەپ باغچىغا چىقىرىۋەتسەم بوپتىكەن، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ يېنىمدىكى كىچىك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ گويا ماڭا، ئەنسىرىمە، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولىدۇ دېگەندەك كۈلۈمسىرەتتى.

مېھمانلىرىم مېڭىشقا تەمشەلگەندە، كۆزلىرىمدىن ياشلار تاراملاپ كەتتى. ئاپامنىڭ يېقىن بىر دوستى مېنى سۆيۈپ تۇرۇپ،

— خۇداغا ئامانەت — دېدى. بۇ خۇشلىشىش سۆزىنى غەلىتە بىر ئاھاڭدا يەنە بىر تەكرارلىدى — دە، كېيىن كۆز يېشى قىلىپ، مەن بىلەن ئادا-جۇدا بولغاندەك كەينىگە داجىپ ، ئىتتىك مېڭىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۆي بىر ھازا جىمجىتلىققا چۆمدى. ماخمۇدنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىراپ-جاقىراپ ئويناشلىرىمۇ بېسىقىپ قالغانىدى.

ئاردىن ئۈچ ھەپتە ئۆتتى. ئۆيۈمدە خىزمەتچىلىرىمنىڭ كۈسۈرلىشىپ سۆزلىشىشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. مىچەل ئەپەندىلەر، ئولد ئەپەندىلەر ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى بولىدىغان يىغىلىشلار بولمىغان بولسا، بەلكىم ئائىلەم مەن بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش بىلەن مېنى قارارىمدىن ياندۇرغان بولاتتى.

ھەر كۈنى تۇغقانلىرىم ئويناۋاتقان بۇ ئويۇنلارغا تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىپ باراتتىم. بازاردا ئۇچرىشىپ قالغان بىر نەۋرە ئىنىمنىڭ چىرايىدىكى غەزەپتىن، راۋالپىندى شەھىرىنىڭ بىر كوچىسىدا ئۇچرىشىپ قالغان بىر جىيەنىمنىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرىدىن، چۈشلۈك تاماقتا تەكلىپ قىلسام، كېلەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا تېلېفون قىلغان بىر ھاممامنىڭ ئاۋازىدىن جەڭنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. بۇ بىر ئۈن-تىنسىز جەڭ ئىدى. تېلېفونۇممۇ جىرىڭلىمايدىغان بولدى. ئىشىكىمنىڭ قوڭغۇرىقىمۇ چېلىنمايدىغان بولدى. تۇغقانلىرىمدىن ھېچكىم مېنى يوقلاپمۇ، ئەيىبلەپمۇ كەلمەيدىغان بولدى. ئۇلار قانداشلىق رىشتىمىز ئۈزۈلگەندى. شۈبھىسىزكى بۇنىدىن كېيىن تۇغقانلىرىمنى كۆرەلمەيتتىم ۋە ئۇلاردىن بىرەر سۆزمۇ ئاڭلىيالمايتتىم.

خىزمەتچىلىرىمنىڭ ئادەتتىكى گەپ سۆزلىرى ۋە كۈلكە-چاقچاقلىرىمۇ پەس كويغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار ھۇجرامغا ئۈن-تىنسىز كىرىپ چىقىشاتتى. ئۇلارنى مەن بىلەن سۆزلىشىشكە رىغبەتلەندۈرسەممۇ، شۇنداق خانىم دېگەندىن باشقا زۇۋان سۈرۈشمەيتتى.

بىر ئەتىگەنلىكى بۇ جەڭ يېڭى بىر بۇرۇلۇش ياسىدى. ھۇجرامنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلدى. نۇرجان چاچلىرىمنى

تارىغىلى كىرگەنىدى. ئۇنىڭدا ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان جۇشقۇنلۇقنىڭ ئەسىرىمۇ يوق ئىدى. رايىشەم بولسا ھەر دائىمقىدىنمۇ جىددىي بىر ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ چېچىم بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا لام-جىم دېمىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى كۆڭۈلسىزلىك مېنى بىئارام قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتتۈم، لېكىن نۇرجان زۇۋان سۈرمەي ئىشىنى قىلىۋەردى. بىرەر سۆز ياكى بىرەر غەيۋەت-شىكايەتمۇ قىلمىدى! رايىشەمنىڭ چىرايى تېخىمۇ جىددىي ئىدى. ئاخىرى ئاۋازىمنى بۇرۇنقىدەك جىددىي چىقىرىپ:

— قېنى، ھەربىرلىرىگە نېمە بولدى، ئاغزىڭلاردىن گەپ چىقمايدىغۇ، سىلەرگە بىر ئىش بولغاندەك تۇرىدۇ. ياخشىسى ئۆزۈڭلار ئېيتىڭلار، — دېدىم.

چېچىمنى تاراۋاتقان قوللار توختاپ قالدى. مەن ئۇلاردىن مۇنداق بىر خەۋەرنى ئاڭلىدىم: رايىشەمدىن باشقا ئەيسا مەسىھ يولىدا ماڭدىغان پۈتۈن خىزمەتچىلىرىم، يېرىم كېچىدە قېچىپ كېتىپتۇ مەنسۇرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن.

9

# ئالاقىنى ئۈزۈش

ئۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ تۆت خىزمەتچىم مەندىن نېمىشقا ۋاز كەچكەندۇ؟ ۋاھ يېزىسىغا ئوخشاش بۇنداق كىچىك بىر يېزىدا خىزمەت تېپىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قارارىنى چۈشىنىش تەس ئىدى.

قورقغان بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە شوپۇرۇم مەنسۇردىن ئىنجىلنى سورىغان چېغىمدا ۋە مىنى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ۋاقتىمدا ئۇنىڭ قورققانلىقىنى سەزگەنىدىم. قالغان ئۈچ ئەيسا مەسىھ ئېتىقاتچىسىمۇ بىرەر ئەھۋالنى سېزىپ، قورقۇشقان بولسا كېرەك. ئۇلار گويا يانار تاغنىڭ پارتلىشىدىن قورققاندەك قاچقانىدى.

مۇشۇ تاپتا چېچىمنى تاراۋاتقان ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى خىزمەتچىم رايشەم نېمە ئويلاۋاتىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم.

— ھە، ئەمدى سەن قانداق قىلىسەن رايشەم؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ چېچىمنى تاراۋەردى.

ئاكپىين لەۋلىرىنى ئاستاغىنە چىشلىگەن ھالدا، سىلىق ئاۋاز بىلەن:

— بۇ يەردە تۇرمىسام ياخشى بولاتتى، — دېدى،

— بىراق ئۇ چاغدا سىز...

— ئۇ چاغدا مەن يالغۇز قالىمەن، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردۇم.

— شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى يۇتۇپ، — بىراق...

— بىراق قورقسەن، شۇنداقمۇ؟ كەتسەڭ يول ئوچۇق رايشەم. ماڭا ئوخشاش سەنمۇ ئۆز قارارىڭنى بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك. ئەيسا مەسىھ ۋەجىدىن بىزگە بېسىملار بولىدىغانلىقىنى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى بىزگە ئېيتقانىدى. قالىدىغان بولساڭ بۇنى ئۇنتۇما.

رايشەم كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. چىشلىرى ئارىسىغا ئېلىپ چىڭ چىشلىۋالغان تۈگۈنلەردىن بىرىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ، كۆڭۈلسىز بىر تەلەپپۇزدا — بىلىمەن، — دېدى.

رايشەم ئۇ كۈنى جىم بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن تەسىرلەنگەن نۇرجانمۇ قاپىقىنى تۈرگىلى ئارانلا تۇراتتى. ئەتىسى ئويغىنىپ، خىزمەتچىلىرىمدىن قايسىسى قالىدىكىن، دەپ يېنىمدىكى قوڭغۇراقنى تەۋەككۈل قىلىپ چېلىپ باقتىم. ھۇجرامنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، نۇرجان كىردى. ئۆينىڭ ئىچىگە تېخى ئانچە يورۇق چۈشمىگەنىدى. بىرئازدىن كېيىن يەنە بىرى كىرىپ كەلدى. بۇ رايشەم ئىدى.

ئۇ كۈنى ئۇنىڭ مېنىڭ يېنىمدا قېلىش قارارىغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن نەقەدەر خۇشال بولغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ يۈزلىرى قىزارغان ھالدا مۇلايىم ئاۋاز بىلەن:

— رەھمەت سىزگە خانىم، سىز رەبگە قانداق خىزمەتتە بولسىڭىز، مەنمۇ سىزگە شۇنداق خىزمەت قىلىمەن، — دېدى.

باشقا خىزمەتچىلەر كەتكەندىن كېيىن ئۆيۈم تېخىمۇ جىمجىتلىقتا چۆمگەنىدى. كەتكەن خىزمەتچىلەرنىڭ ئورنىغا باشقا خىزمەتچى ئالمىدىم. ئائىلەمدىن مېنى يوقلاپ كېلىدىغانلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئانچە كۆپ خىزمەتچىگە ھاجىتىممۇ قالمىغانىدى. ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان خىزمەتچى ئېلىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم. فازاد ئىسىملىك يېڭى

بىر مۇسۇلمان شوپۇر ئالدىم. ئاشپەزلىككىمۇ بىر مۇسۇلمان بالىنى ئالدىم. بۇلاردىن باشقا خىزمەتچى ئالمىدىم. ماخمۇد بۇرۇنقىدەكلا ئۆيدە، باغچىدا ئويناپ يۈرەتتى. ئۇنى يېزىدىن بەزى دوستلىرىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈردۈم. بۇ تەكلىپىمنى ئۇ دەرھال قوبۇل قىلدى. كەلگەن بالىلارنىڭ كۆپچىلىكى ماخمۇدتىن چوڭ ئىدى. ماخمۇد بەش ياشتا بولسىمۇ، ئالتە-يەتتە ياشلىق بۇ بالىلارنى ئاغزىغا قارىتاتتى. بۇ ھال بالىلارنىڭ يات ئۆيدە يېتىرقىغانلىقىدىن بولسىمۇ، لېكىن ماخمۇدنىڭ ئۇلارنى ئاغزىغا قارىتىشى يەتتە ئەسىردىن بۇيان ئۇنىڭغا قالغان بىر مىراس ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ مىراسىنى نەقەدەر خەۋپ ئىچىدە قالدۇردۇم ـ ھە؟ بۇ شاكىچىكنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىغىمۇ مەن سەۋەبچى بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى. تېخى ئالدىنقى كۈنىلا جىيەنىم كەرىم مەندىن ئۇنى بىلىق تۇتقىلى قاچان ئېلىپ بېرىشىنى سورىغانىدى. باغچەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ تامرا دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. كەرىم ئۇنىڭغا ئۆستەڭنىڭ يېشىل مۇخلۇق قورام تاشلىرى ئارىسىدا ئۈزۈشۈپ يۈرگەن چىپار بېلىقلارنى قانداق تۇتۇشنى ئۆگىتىشكە ۋەدە بەرگەنىدى.

— ئاپا، كەرىم ئاكام قاچان كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى ماخمۇد بىر كۈنى. بالىنىڭ ئۈمىد بىلەن نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا، ئۇنىڭغا ئەمدى بېلىق تۇتقىلى بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتمىدىم.

شۇ ۋاقىتقىچە ماخمۇد سىرتلارغا چىقىپ دىققەتكە ئەرزىگىدەك بىر نەرسە كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭغا «مۇقەددەس كىتاب»تىن ھېكايەلەرنى ئوقۇپ بېرىشكە باشلىدىم. ئۇ بۇ ھېكايەلەرنى شۇنداق ياخشى كۆردىكى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپرەك

ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئوقۇشنى ئۈخلاشتىن بۇرۇن سائەت 8دە ئەمەس 7:30دا باشلايدىغان بولدۇق. لېكىن بۇ ھېكايەلەر شۇنداق ياخشى بولسىمۇ، بىلىق تۇتۇش ۋە دوستلىرى بىلەن ئويناشقا سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا ئۇلارغا يەتمەيتتى. ماخمۇدنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان دوستلىرى بىر-بىرلەپ ئازايغىلى تۇردى. بالا بۇنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم. لېكىن ئۇ ساددا بىر قىياپەتتە ماڭا قاراپ:

— ئاپا، ھەممىدىن كىمنى ياخشى كۆرسەن؟ مېنىمۇ ياكى ئەيسانىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

نېمە دېيىشىم كېرەك؟ بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان شۇ تاپتا ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟

— خۇدا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ماخمۇد، — دېدىم، ئاندىن رەبنىڭ سۆزلىرىنى، خۇدانى ئائىلىمىزدىنمۇ مۇھىم دەپ قارىمساق ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولالمايدىغانلىقىمىزنى ئۇنىڭغا ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈردۈم.

— خۇدانى ھەممىدىن ئۈستۈن دەپ قارىشىمىز كېرەك، ھەتتا ئۇنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىمىزدىنمۇ مۇھىم ھېسابلىشىمىز كېرەك، — دېدىم.

ماخمۇد سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا «مۇقەددەس كىتاب»تىن ئوقۇپ بەرسەم ئۇ قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى. بىر قېتىم ئىنجىلدىن مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇدۇم: ئەي، ئېغىر يۈك ئاستىدا قالغانلار، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرىمەن. بۇ ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرى ئىدى. ماخمۇد يېتىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىدىم: سېنى سۆيىمەن ئەيسا ۋە ساڭا يېقىنلىشىمەن، لېكىن... ماڭا ئاراملىق بەرمە، دەم ئېلىشنى خالىمايمەن.

دۇرۇس، ئۇ دۇئا قىلاتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقى ۋە مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمدىن بىئارام بولاتتى. دەرۋەقە بىرەر ئۇرۇق-تۇغقان ياكى تونۇش-بىلىش چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ ئۆيىمىزگە كەلمەيتتى. تېلېفونۇمۇ جىرىڭلىمايتتى.

بىر كۈنى قاق سەھەر سائەت ئۈچ ئەتراپىدا كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئاق رەڭلىك تېلېفون جىرىڭلىدى. چۆچۈپ ئويغىنىپ تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم. ئادەتتە بۇ ۋاقىتتا ھېچكىم تېلېفون قىلمايتتى. ئائىلىدە بىرەر ئۆلۈم-يېتىم ئەھۋالى بولدىمۇ نېمە؟ دەپ ئويلىدىم. تۇرۇپكىنى قۇلىقىمغا چىڭ چاپلىدىم، ئاۋۋال بىرىنىڭ ھاسىراپ-ھۆمۈدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، كېيىن كاپىر، كاپىر، كاپىر! دېگەن ئۈچ سۆز قۇلىقىمغا مۇش ئۇرغاندەك ئاڭلاندى.

تېلېفون ئۈزۈلدى. قايتا ئورنۇمدا ياتتىم. تېلېفون قىلغان كىمدۇ؟ مېنى ھەمىشە ئاگاھلاندۇرىدىغان تاغام ئېيتىپ يۈرگەن مۇتەئەسسىپلەردىن بىرىمۇ يا؟ مېنى نېمە قىلالايتتى؟

يا رەب، ئۆلۈمدىن باش تارتمايدىغانلىقىم ساڭا ئايان. لېكىن مەن قورقۇنچاق بىر كىشىمەن، ئاغرىققا چىدىمايمەن. دوختۇر ماڭا ئوكۇل سالغىنىدا قانداق ھوشۇمدىن كېتىپ قالىدىغانلىقىممۇ ساڭا مەلۇم. ساڭا يېلىنىمەن، ئاغرىققا دۇچ كەلگىنىمدە ماڭا سەۋر-تاقەت ئاتا قىلغايسەن. كۆزلىرىم ياشقا تولدى،

— مەن شېھىت بولۇشقا تەييار بىر كىشى ئەمەسمەن. ئەي رەببىم، مېنى ئەپۇ قىل. ساڭا بىردىنبىر تەلپىم شۇكى بېشىمغا ھەرقانچە ئىش كەلسىمۇ، سەن مەن بىلەن بىللە بولغايسەن، — دېدىم.

كېيىن ئىمزاسىز بىر خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە:

«گەپنى ئوچۇق قىلاي، سېنىڭ قانداق بىر نەرسە

ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان بىرلا سۆز بار، ئۇ بولسىمۇ سەن خائىن!» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

كېيىن يەنە بىر خەت كەلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىرى كەلدى. خەتلەرنىڭ ھەممىسى تەھدىت سۆزلىرى بىلەن تولغانىدى. ۋەتەن خائىنى بولۇپ قالغانىدىم ۋە شۇنداق قارىلاتتىم.

1967ـ يىلنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى. ئەيسا مەسھىكە ئېتىقاد قىلغىنىمغا ئالتە ئايچە بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئالقىنىمدا ئوقۇپ بولۇپ پۈرلىشەتكەن بىر پارچە تەھدىت خېتىنى تۇتقىنىمچە باغچەمدە تۇراتتىم. خەتتىكى سۆزلەر بۈرۈنقىلاردىنمۇ قاتتىق يېزىلغانىدى. مېنى پەقەت كاپىر دەپلا ئەمەس، تېخىمۇ يامىنى باشقا مۇسۇلمانلارنىمۇ ئازدۇردى، دەپ ئەيىبلىگەنىدى. خەتتە، بەدىنىڭ مەلۇم بىر جايىغا چىققان كۆيدۈرگىنى داغلاپ داۋالىغانىدەك، سېنى شۇنداق ئوتتا كۆيدۈرۈشەتتىمۇ ئەرزىيدۇ، دەپ يېزىلغانىدى.

مېنى كۆيدۈرۈشەتتىمۇ ئەرزىيمىش! بۇ سۆزلەر ماڭا كىنايىدىن باشقا بىر ئىشنى ئۇقتۇرۇۋاتامدۇ-يا؟ باغچەمدە لەيلىگۈل ۋە سۇمبۇللار زىچ ئۆسكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. باشباھارنىڭ گۈل غۇنچىلىرى ئېچىلىپ، ئەتراپ يازنىڭ گۈل-چېچەكلىرىگە پۈركەنگەنىدى. باغچىدا مېۋىلىك كۆچەتلەر كۆپ ئىدى، بىرنەچچە تۈپ نەشپۈت شاخلىرىدىن چېچەكلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قايرىلىپ ئۆيۈمگە قارىدىم. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە: ماڭا قول تەگكۈزۈشكە ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايدۇ — دېدىم. بىر خانىمنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتەلمەيتتى، ئەلۋەتتە! بىراق، ھەتتا مېنىڭ باي ۋە ئارقا تىرىكىم بولسىمۇ، كار قىلالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بىرەيلەن مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنمىش. خىزمەتچىلىرىمدىن بىرى:

— گېنېرال ئامار سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ خانىم،
— دېدى.

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. باغچە ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ باقتىم. دەرۋەقە، ئۇ يەردە ماش رەڭلىك بىر ھەربىي ماشىنا تۇراتتى. گېنېرال ئامار مەن ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن چاغلىرىمدا تونۇشقان يېقىن بىر قەدىناس دوستۇم ئىدى. بىز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىللە ئىشلىگەنىدۇق. ھازىر ئۇ پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ باش گېنېراللىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ ئېرىم ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەندىن بۇيان بىز مۇناسىۋەتنى ئۈزمىگەنىدۇق. ئەجەبا ئۇمۇ مېنى ئەيىبلىگىلى كەلگەنمىدۇ؟

ئۇزۇن ئۆتمەي باغچىنىڭ شېغىل ياتقۇزۇلغان يولىدىن ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىدىم، يارىشىملىق ماش رەڭ ھەربىي كىيىم، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە خاس ھەربىيچە شىم كىيگەن، خۇرۇم ئۆتۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ئادەم ئالدىمدا توختىدى ۋە قولۇمنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ قويدى. گۇمان ئارىلاش قورقۇشلىرىم بىرئاز بېسىلدى، ئۇنىڭ مەن بىلەن تاكاللاشقىلى كەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى.

ئۇ قارا كۆزلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭقۇر مەنىلىك ئىپادە بىلەن ماڭا قاراپ قويۇپ، باشقىلارغا ئوخشاش ئۇشتۇمتۇتلا:

— كىشىلەرنىڭ دەپ يۈرگەن سۆزلىرى راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن.

— نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭىز؟ — دەپ ھەيرانلىق

بىلەن سورىدى ئۇ يەنە،
— ئۆزىڭىزنى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز. بەزى كىشىلەرنىڭ سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم.
مەن جاۋاب بەرمەي ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ باغچىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرىۋاتقاندا بىلىدىكى تاسما كەمىرى غىچىرلاپ كەتتى.
— قاراڭ، مەن سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز دېسەممۇ بولىدۇ، بۇنى بىلىدىغانسىز؟
— ئەلۋەتتە.
— ھەمدە سىزنى بىر قېرىندىشىمدەك كۆرگىنىم ئۈچۈن قوغداپ قالماقچى بولغىنىمنىمۇ بىلىدىغانسىز؟
— شۇنداق.
— ئۇنداقتا ئۆيۈمدە سىز ئۈچۈن ئورۇن تەييار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماڭ.
بىرىنچى قېتىم بۇ كىشىدىن چىرايلىق سۆز ئاڭلىغاندىم. گېنېرال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— لېكىن بۇ مېنىڭ شەخسىي تەكلىپىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماڭ، — دېگەچ بىر تال گۈلگە ئىگىشىپ ئۇنى پۇراپ قويغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ:
— راستىنلا بۇنىڭدىن ئارتۇق ياردەم قىلالمايمەن بىلىقىز، — دېدى.
— بىلىمەن، — دېدىم.
گېنېرالنىڭ قولىنى تۇتتۇم، بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بىللە پېشايۋانغا كەلدۇق ۋە ئۆيگە كىردۇق. ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ مېڭىۋېتىپ، قېيىن ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇردۇم.
دوستۇم ئادەتتىكى ئىپادە بىلەن:

— ئەھۋالىڭ ياخشىلىنىشىنىمۇ كۈتمەك، — دېدى.

مېھمانخانىدا خىزمەتچىنىڭ چاي ئەكىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىمىزدا گېنېرالنىڭ چىرايىدا غەلىتە بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغىنىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز قانداق، بىلقىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىۋاتقىنىمدا گېنېرال ئامارنىڭ دىققەت قىلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. توۋا! ئەيمەنمەيلا بۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىلىك بىر مۇسۇلمانغا ئەيسا مەسىھ ھەققىدە ئېغىز ئاچقانىدىم. ئۇ كۈنى گېنېرال ئامارغا كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتقان-ئېيتمىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، لېكىن يېرىم سائەتتىن كېيىن، ياز كېچىسىنىڭ غۇۋا قاراڭغۇلۇقىدا ئۇ مەن بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن قولۇمغا لەۋلىرىنى تەگكۈزگىنىدە ئۇنىڭ خىيالغا چۆككەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— ئۇنتۇماڭ بىلقىز، ياردەمگە ھاجىتىڭىز بولسا... بىر دوست سۈپىتىدە ھەمىشە... دەپ سۆزىنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرمىدى.

— خەير خوش ئامار، دېدىم مەن.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى-دە ھەربىي ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تاسادىپىي ۋە كىشىنى بىئارام قىلىدىغان زىيارەتمۇ ئاياغلاشتى. ئىچىمدە، ئۇنى قايتا كۆرەرمەنمۇ؟ دەپ ئويلىدىم.

تۇغقانلىرىمنىڭ ئالاقىنى ئۈزۈشى، كىمدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان ئىمزاسىز خەتلەر، تېلېفوندىكى سۆزلىشىشلەر ۋە كونا دوستلىرىمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى داۋاملاشقانسېرى ھاياتىمدا بىرىنچى قېتىم ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى

چۈشىنىشكە باشلىدىم. بۇ، گۇمان ئىچىدە ياشاشنىڭ دەل ئەكسى ئىدى. خۇدانىڭ يەنە باشقا قانداق ئىشلارغا يول قويىدىغانلىقىنى كۈتەتتىم. خۇدانىڭ رۇخستى بولماي ھېچقانداق ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەسىلەن، ماڭا قارىتىلغان بىسىمنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بىرەر بېسىم بولىدىكەن ئۇ خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئەندىشە قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. پالاكەتتەك كۆرۈنگەن بۇنداق ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغاندىم. ھەممە شۇنداق قىلغاندىلا خۇداغا يېقىن بولۇپ ياشىيالايتتىم. مېنىڭ ئىشىكىمنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ مانا مۇشۇ ئىدى! خۇدانىڭ يېقىنلىقىدىن مەھرۇم قالماسلىقىنى بىلەلىسەم، ھەرقانداق بىر چاغدا، ھەرقانداق بىر ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن مەھرۇم قالمايتتىم.

ئائىلەمدىن كەلگەن ۋە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ بېسىم ماڭا «مۇقەددەس كىتاب»تا ئوقۇغان داۋۇد پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلىتەتتى. گويا ئۇنىڭ ئوغلى ئابسالومدىن قاچقىنىدا يۈرىكىنى پارە-پارە قىلغان ھېسسىياتلارغا شېرىك بولاتتىم. داۋۇد ئۇ ئەھۋالدا سازنى قولىغا ئېلىپ:

«ئى خۇدا، سەن مەڭگۈ مېنى قوغدايدىغان قالقىنىمسەن، ھۇزۇرىمسەن دەپ سادا ياڭراتقاندى».

بۇ سۆز «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ «زەبۇر» قىسمىنىڭ 3-بابىدا ئۇچرايدۇ. پادىشاھ داۋۇد ھەر ھالدا خۇدانىڭ ھۇزۇرىنى ھەقىقىي ئېتىقادچىلارنىڭ جەننەتتە مۇيەسسەر بولىدىغان شاد-خۇراملىق، بەختىيارلىق ۋە مۇقەددەسلىك سۈيىتىدە كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرگەندى.

شۇ چاغقىچە ئائىلەمدىن كېلىۋاتقان بىسىم ئۇلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشكە بىرىپ يەتكەندى. ئائىلەمدىن بىرەر كىشىمۇ مېنى ئىزدەپ كەلمەيتتى. مېنى ئەيىبلىگىلى كېلىدىغانلارمۇ بولمىدى. ئارىلاپ-ئارىلاپ مېنى يوقلاپ كەلگەن دوستلىرىمدىن باشقا ھېچكىم ئىشىكىمنى قاقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كوچىلاردا ماڭا قىلىدىغان ھاقارەتلەر توختىمىغانىدى. شۇنىڭدەك، ئائىلەم مەن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى ماڭا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم، نەزىر-چىراغقا ئوخشاش ئائىلە سورۇنلىرىغا مېنى چاقىرمايدىغان بولغانىدى. يىتىم قالغانلىقىمنى ئويلاپ، ئۆزۈمگە ئىچىنىشقا باشلىدىم. لېكىن، دەرھال خىياللىرىمنى ئەيسا مەسھىنىڭ يالغۇز قالغان ۋاقىتتىكى ھېسسىياتلىرىغا بۇرىدىم.

دەرۋەقە، شۇنداق قىلىش بىلەن تەسەللىي تاپاتتىم. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئىنسانلار بىلەن سۆزلىشىشكە موھتاج ئىدىم. بىر زامانلاردا ئۆزۈمنى باشقا كىشىلەردىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئۇلاردىن باشقىچە تۇتۇشقا تىرىشاتتىم. ئەمدى بولسا، باشقا كىشىلەرنىڭ يېقىنلىقىغا موھتاج ئىدىم. ئۇلۇغ ئەپەندىلەر بىلەن مىچەل ئەپەندىلەرمۇ ئەمدى ئۆيۈمگە كەلمەيدىغان بولدى. ئۇلارغا خەۋەپ يىتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆيۈمگە كەلمەسلىك تەكلىپىنى مەن بەرگەنىدىم.

بىر كۈنى ھاۋا بۇلۇتلۇق ئىدى. چۈشتىن كېيىن ھۇجرامغا كىرىپ مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ياز بولسىمۇ، ھاۋا خېلىلا سالقىن ئىدى. سىرتتا قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى. بىردىن قولۇمنىڭ ئۈستىدە بىر ئىسسىقلىقنى سەزدىم. بۇ نېمىدۇ، دەپ قارىسام، قولۇمغا كۈن نۇرى چۈشۈپتىكەن. تاشقىرىغا قارىسام قۇياش بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە

مۆكۈپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆردۈم. گويا خۇدا ماڭا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۆز نۇرىنى قولۇمغا چۈشۈرگەندەك ھېس قىلدىم.

كۆزلىرىمنى ئاسمانغا تىكىپ:

— ئى خۇدا، نېمىدېگەن يالغۇز مەن! سۆزلىشىدىغان ئادىمىم يوق، تىلىم ئاغزىمغا چاپلىشىپ قالغۇدەك بولۇپ كەتتى. ساڭا ئىلتىجا قىلىمەن، بۈگۈن ماڭا مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولغۇدەك بىرىنى ئەۋەتكەيسەن — دەپ مۇراجىئەت قىلدىم.

بالىلارچە ئىش قىلغانلىقىمنى ئويلاپ بىرئاز خىجالەت بولدۇم ۋە يەنە مۇقەددەس كىتابىمغا قارىدىم. قانداقلا بولمىسۇن خۇدا ئۆزى مەن بىلەن بىللە بولسىلا، ماڭا شۇ كۇپايە ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆينىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان، ئۇزۇندىن بېرى قۇلىقىمغا كىرمىگەن ئاۋازلار مېنى چوڭقۇر خىياللاردىن ئويغاتتى. بۇ نېمە ئاۋازدۇ؟ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم، تۆۋەندىن ئادەملەرنىڭ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

شۇئان زالغا چىقتىم، نۇرجان ھۇجرامغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ:

— خانىم، خانىم، ئۇلد ئەپەندىلەر كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خۇشاللىق بىلەن توۋلىۋەتتى.

مەن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن — خۇداغا شۈكۈر! — دەپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ تۆۋەنگە چۈشتۈم. كەن بىلەن مەرىنى ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۆيىدە بولىدىغان يىغىلىشلاردىلا كۆرۈپ تۇراتتىم. لېكىن، بۇنداق ھەپتە ئارىسىدىكى زىيارەتنىڭ باشقا بىر ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. مەرى يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمنى سىقىپ كۆرۈشتى:

— سىزنى بەك سېغىندۇق بىلىقىز، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرى ئوينىاپ تۇراتتى، — سىز بىلەن بىللە بولۇشنى سېغىنغانلىقىمىز ئۈچۈن كەلدۇق. باشقا بىر باھانە كۆرسىتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇ ئۇنتۇلغۇسىز بىر زىيارەت ئىدى. مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ بىر ئىشنى نەقەدەر خاتا قىلغانلىقىمنى چۈشەندىم. نېمىشقا ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلمىغاندىمەن؟ ئۆز غۇرۇرۇمنى ساقلاپ قالماقچى بولغانىدا كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشىمگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم. شۇئان كاللامغا بىر پىكىر كەلدى: يەكشەنبە كۈنىدىكى يىغىلىش بىزنىڭ ئۆيدە بولسا بولمامدۇ؟ لېكىن، بۇ ئۆزۈمنى بالاغا تىقىش دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ ئوينى كاللامدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولدۇم، لېكىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. دوستلىرىم مەن بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا بۇ سۆزلەر ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى:

— كېلىدىغان يەكشەنبە ئاخشىمى بىزنىڭكىگە كېلىڭلار.

ئولىد ئەپەندىلەر ماڭا ھەيران بولغان ھالدا قارىدى. مەن قوللىرىم بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— راست گەپ، بۇ كونا ئۆيگە بىرئاز جان كىرسۇنچۇ، — دېدىم.

بىز شۇنداق قىلىشقا ۋەدىلەشتۇق.

ئۇ كېچە يېتىشقا تەييارلىنىۋاتقانىدا، خۇدا ھەربىر ئېھتىياجىمىزنى نېمىدېگەن ياخشى ھەل قىلىپ بەرگەن — ھە! دەپ ئويلىدىم. ئائىلەمدىن ۋە دوستلىرىمدىن مەھرۇم بولغىنىمدا رەب ماڭا ئۆز ئائىلىسىنى ۋە دوستلىرىنى ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. ئۇ كېچە ئىنتايىن راھەت ئۇخلىدىم.

ئەتىسى دېرىزىدىن ئۈستۈمگە چۈشكەن قۇياش نۇرىنىڭ

ئىللىتىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئاچتىم. مەيىن شامال يۈزۈمنى سىيپاپ ئۆتۈپ ھۇجرا ھاۋاسىنى يەڭگۈشلىدى. باغچىدىن ئىللىق ياز ھاۋاسى كېلىپ تۇراتتى.

يەكشەنبە ئاخشىمىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتىم. شەنبە كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا كونا ئۆينىڭ ئىچى گۈل-چېچەكلەر بىلەن بېزەلدى. پۈتۈن ئىشىك دېرىزىلەر پاكىز سۈرتۈلۈپ پارقىراپ كەتتى. رايىشەمنى ئولتۇرۇشىمىزغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدىم، لېكىن ئۇ ئەندىشە قىلىپ بىقارار تۇرغاچقا، زورلىمىدىم.

يەكشەنبە كۈنىگىچە ماخمۇدنىڭ مېھمانخانىغا كىرىشنى چەكلىدىم. گىلەملەرنى تۈزەشتۈردۈم. گۈللەرنى قايتا-قايتا رەتلەپ تىزدىم. ئۆي بىساتلىرىنى بىر-بىرلەپ سۈرتۈپ چىقتىم. يەكشەنبە ئاخشىمى باغچە ئىشىكى ئېچىلىپ، شىغىللىق يولدا ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ كېچە پۈتۈن خىياللىرىم ئەمەلگە ئاشتى. بىز مۇناجاتلار ئېيتىشتۇق، دۇئا-تىلاۋەت قىلدۇق ۋە خۇدانىڭ ھاياتىمىزدا قىلغان ئىشلىرىنى ئۆزئارا ئەسلەشتۇق. ماخمۇدنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مېھمانخانىمىزدا ئون ئۈچ ئادەم بولغانىدى. لېكىن، بۇ ھۇجرىدا مىڭلارچە مېھمان باردەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئاخشامقى ئولتۇرۇشتا بۇرۇن پىلانغا كىرگۈزمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. شۇ كۈنگىچە بۇ ئېتىقادچى دوستلىرىم مەندىن دېگەندەك خاتىرجەم بولالماپتىكەن، بۇنى كېيىن بىلدىم. ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ پۈتۈن گۇمانلىرى تارقالدى.

— دىققەت قىلىۋاتقانسىز؟ — دەپ سورىدى مەرى.

كۈلۈپ كەتتىم. دەرۋەقە قانداق قىلالايمەن. بىرى ماڭا

يامانلىق قىلماقچى بولسا، ئۇ ھەر ھالدا ئامال-چارىسىنى قىلىدۇ-دە.

كەن مېھمانخانا ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن دەرپەردە ئىشىكتىن باغچىغا قاراپ:

— قوغدىنىش دېگەن نېمە يوققۇ بۇ يەردە، سىزنىڭ بۇنچىۋالا خەۋپ ئالدىدا ھېچقانداق ئامال قىلمىغانلىقىڭىزنى بىلمەپتىمەن، — دېدى.

— ياتاق ھۇجرىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى سىننوۋې،

ياتاق ھۇجرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن ھەممەيلەن يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقتى. كەن بولۇپمۇ باغچە تەرەپتىكى دېرىزىدىن گۇمانلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. دېرىزىنىڭ رام ۋە ئەينىكىدىن باشقا پۇختىراق بىر نەرسە يوق ئىدى.

كەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بۇ يەر ھەقىقەتەن بىخەتەر ئەمەس ئىكەن، دېرىزىلەرگە تۆمۈر ئورنىتىۋېتىڭ. بۇ تۇرۇقتا ھەرقانداق نەرسە ئۆيگە كىرىپ كېتەلەيدىكەن، — دېدى.

بۇ ئىشلارنى ئەتىلا قىلدۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئۇنىڭغا بۇ ۋەدىنى بېرىۋاتقىنىمدا رەبىمىنىڭ ھۇزۇرى مەندىن بىرئاز يىراقلاشقاندەك ھېس قىلدىم. ھېسسىياتلىرىم مېنى ئالداۋاتامدۇ ياكى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن يىراقلاشتىممۇ؟

ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم. ئۇ ئاخشام بىرىنچى قېتىم غەم-ئەندىشىسىز ياتتىم. ئەتىسى يېزىدىن تۆمۈرچىنى چاقىرتماقچى بولۇپ تۇرغۇنىمدا، يەنە رەبىنىڭ ھۇزۇرىدىن مەھرۇم بولىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. بىراق نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ مەن قورققانلىقىم ئۈچۈن تۆمۈرچىنى چاقىرتماقچىمىدىم؟ رەبىنىڭ ھۇزۇرى شۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن

يىراقلاشقانمىدۇ؟ دەرۋەقە نېمە ئۈچۈندۇر تۆمۈرچىگە خەۋەر بېرەلمىدىم. ھەر خىل تۇسالغۇلار ئوتتۇرىغا چىقاتتى.

كېيىن چۈشەندىمكى، دېرىزىلەرگە تۆمۈر تارتقۇزسام، بۇنىڭ خەۋىرى شۇئان يېزىغا پۇر كېتەتتى-دە، ھەممەيلەن قورقۇۋاتقىنىمنى بىلىپ قالاتتى. ئۇ چاغدا غەيۋەت-شىكايەتكە تۇرۇپ بولمايتتى. ئۇلار، مانا، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادى قانداق بىر دىن ئىكەن؟ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ھالى مانا شۇنداق بولىدۇ... — دېيىشەتتى. ياق، دېرىزىلەرگە تۆمۈر تارتقۇزماسلىقىم كېرەك!

ئۇ كېچە تۇغرا قارارغا كەلگەنلىكىمدىن خاتىرجەم ياتتىم. كۆزۈمنى يېڭىلا يۇمۇشۇمغا غەيرى بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ھەيران بولدۇم، لېكىن قورقمىدىم. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىر نەرسە كۆزۈمگە كۆرۈندى.

ھۇجرامنىڭ تاملىرى قانداقتۇ كرىستال ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى، ئەتراپىمدا بىرمۇ تام يوقتەك باغچەم ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باغچە كۆكلۈش يورۇقلۇقتا پۈركەنگەنىدى. دەل-دەرەخلەر، يوپۇرماقلار، گۈللەر ۋە چاتقاللارنىڭ ھەربىر تۈپىنى ئېنىق كۆرەلەيتتىم. باغچەم جىمجىت ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ئىدى. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە گويا ئەرشتىكى ئاتامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم:

تۇغرا قارارغا كەلدىڭ بىلقىز، مەن سەن بىلەن بىللە.

چىراغلار ئاستا-ئاستا غۇۋالىشىپ ئۆچۈپ قالدى. ھۇجرام يېڭىباشتىن قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. يېنىمدىكى چىراقنى ياقتىم، ئاندىن قوللىرىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇداغا ھەمدۇسانالار ئوقۇدۇم: ئى ئاتا، ساڭا ھەرقانچە شۈكۈر ئېيتسammu ئازلىق قىلىدۇ. سەن بىزلەرگە شۇ قەدەر كۆيۈنىسەن.

ئەتىسى پۈتۈن خىزمەتچىلىرىمنى بىر يەرگە جەم قىلىپ،

— كېچىسى ئۆيلىرىدە يېتىشنى خالىغانلار كېتىۋەرسۇن، بۇنىڭغا رۇخسەت، — دېدىم. ئوچۇقچىلىقتىكى ئۆيدە ماخمۇد بىلەن يالغۇز يېتىۋېرەتتىم. خىزمەتچىلىرىم بىر-بىرىگە قارىشىپ قالدى. بەزىلىرى خۇش بولدى، بەزىلىرى ھەيران بولدى، يەنە بىر-ئىككىسى گۇمانلاندى. شۇ پەيتتە نېمە قىلىۋاتقىنىمنى بىلەتتىم. بۇ ھەرىكىتىم بىلەن ئۆزۈمنى قوغداش خىيالىمدىن ۋاز كەچكەنىدىم. لېكىن، بۇ قارارىم بىلەن رەبنىڭ ھۇزۇرى يەنە مەن تەرەپكە قايتىپ، ئۇزۇن بىر مەزگىل مەن بىلەن بىللە بولدى. بۇ ئىش ھەر ھالدا كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا تەييارلىنىشىم ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى رايىشەم چېچىمنى تاراۋېتىپ،

— ئاڭلىشىمچە ھاممىڭىزنىڭ ئوغلى كەرىم ئۆلۈپ كېتىپتۇ، — دېدى.

ئورۇندۇقتىن سەكرەپ تۇرۇپ تەئەججۇپ بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئىشەنگىم كەلمىدى، ئاغزىمدىن پەقەت ئۇنداق ئەمەستۇ؟ دېگەن سۆزلا چىقتى. كەرىم ئۆلۈپ كېتىپتىمۇ؟ تىترەپ كەتتىم، نېمە بولغاندۇ؟ كەرىمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىمۇ ئۇزۇن قۇلاق خىزمەتچىلىرىمدىن ئاڭلايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتىمەندە ئەمدى. ئۆزۈمنى ئاران بېسىۋېلىپ ئورۇندۇقۇمغا ئولتۇردۇم. رايىشەم چېچىم بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. زېھنىم چېچىلىپ كەتكەنىدى. بەلكىم بۇ ئاساسسىز ئىغۋادۇر، دەپ ئويلىدىم. رايىشەم ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنى خاتا ئاڭلىغان بولمىغىدى. كۆڭلۈم سەل تىنىغاندەك بولدى. ئاندىن ئەھۋالنى ئېنىقلاپ كېلىش ئۈچۈن چوڭراق خىزمەتچىلىرىمدىن بىرىنى ئەۋەتتىم. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ يېزىدىن ئۇققان خەۋەردىن بىئارام بولغان ھالدا قايتىپ كەلدى.

— سىزدىن كۆپ ئەنسىرەيمەن خانىم، ئاڭلىغانلىرىڭىز توغرا ئىكەن، تۈنۈگۈن كېچە ئۇ يۈرەك تىقىلمىسى بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بۈگۈن يەرلىككە قويىدىكەن، — دېدى ئۇ.

خىزمەتچىم خەۋەرنى بىر ئامال قىلىپ ئېنىق ئۇقۇپ كەلگەنىدى. ئۇ كەرىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىدىن باشقا مېنى ئەنتايىن بىئارام قىلىدىغان يەنە بىر خەۋەرنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. ھاممام ئوغلىغا بەك ئامراقلىقىمنى بىلىپ، ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى بىلقىزغا خەۋەر قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار، — دەپ تۇغقانلارغا ئالاھىدە تاپىلىغانىكەن، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئورۇندىماپتۇ.

بىرئازدىن كېيىن دىرىزەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بولغان ۋەقەلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئالتە ئايدىن بېرى ئائىلە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىم توسالغۇغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يەتكەنىدى.

ئورۇندۇقتا ئىككى يېنىمغا لىڭشىپ ئولتۇرۇپ رەبنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. ھەر قېتىمقىدەك ياردەم كەلدى. بۇ قېتىم ئۆزۈمنى ئۈستۈمگە ئىسسىقراق بىر چاپان يېپىنچاقلىۋالغاندەك ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كاللامغا بىر پىلان كەلدى. ئىچىمگە تىترەك ئولاشتى، بۇنداق جاسارەتلىك پىلان پەقەت رەبدىنلا كېلەتتى.

# 10

# خۇدانىڭ ھۇزۇرى

دېرىزەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بالىلىق چاغلىرىمدا كەرىم بىلەن بىللە ئوينىغان باغچىغا قارىدىم. ھىندى ئوكيانىدىن چىقىۋاتقان مۇسسۇن شامىلىدىن دەرەخلەرنىڭ ئۇچى مىدىراپ تۇراتتى. كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىدىن ئىشىنىش قىيىن بولغان بىر ئوي ئاستا-ئاستا كاللامغا كېلىشكە باشلىدى.

مەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۆز ئۆزۈمگە سۆزلەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدىم: ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشىمنى خالامسەن، ئى رەب؟ كەرىمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا بارسام بولارمۇ؟ لېكىن بۇ ئوخشۇشلۇق بولماسلىقى، ھەتتا بىرئاز سەتچىلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقمۇ؟ ھازىدارلارنى رەنجىتىپ قويارمەنمۇ؟

مەن يەنە شۇئان خۇدانىڭ ھۇزۇرىنىڭ مەندىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئائىلەمنىڭ مەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە قارشى ئىش قىلىش خۇدانىڭ مەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىدۇ؟

مەن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ئولتۇرغان يېرىمدىن تۇردۇم. مۈرىلىرىمنى قىسىپ،

— ھەر ھالدا چۈشىنىۋاتىمەن، ئى رەب، ماڭا توغرىدەك كۆرۈنگەن ئىشلارنى سېنىڭ ھەقىقىي توغرىلىقىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ماقۇل، باراي، لېكىن پەقەت سەن دېگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا بارىمەن — دېدىم.

شۇئان ئۇنىڭ ھۇزۇرىنىڭ يەنە ماڭا يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بۇ ھۇزۇرنىڭ بۇنداق كېتىپ-كېلىشى بىلەن شۇنداق

ھەيران قالارلىق تەجرىبىلەرگە ئىگە بولاتتىمكى، خۇدانىڭ ماڭا ئۆگەتمەكچى بولغانلىرىنى ئاستا-ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدىم. ھەربىر سىناقتىن كېيىن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تېخىمۇ ئۇزۇن بىر مەزگىل بولۇشنى قانداق ئۆگىنىشىم كېرەك؟ لېكىن، كېيىنى-كېيىندىن كېلىۋاتقان بەزى ۋەقەلەر ۋاستىسى بىلەن بۇنداق ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە باشلايدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم.

كەرىملەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان تۆپتۈز تاشيولدا توختىدىم. خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدىم. لېكىن، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى مىڭلىغان يىلانىنىڭ ئارىسىغا تاشلانغان بىر كەپتەرگە ئوخشاش بىتىملىق ھېس قىلدىم. چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدىم. بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان تاش ئۆيلەردىن بىرىگە قاراپ ماڭدىم. ھويلىدىن ئۆتۈپ پېشايۋانغا چىقتىم. ئۆيەر-بۇيەردە جىمجىت ئولتۇرغان يېزا كىشىلىرىنىڭ كۆزلىرى مەندە ئىدى. ئۆيگە كىردىم. بۇ مەن كەرىم بىلەن ئويناپ چوڭ بولغان ئۆي ئىدى.

شۇ تاپتا بۇ ئۆيدە كۆلكە سادالىرى يوق ئىدى. ماتەمگە چۆمگەن، مۇسىبەتلىك تۇغقانلىرىمنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى يەتمىگەندەك، ھەممەيلەن ماڭا سوغۇق قارىشاتتى. بىر نەۋرە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىمدىن بىرىگە قارىدىم، بىر چاغلاردا بىز بەكمۇ سەممىي قېرىنداشلاردىن ئىدۇق. مانا ئەمدى بىردەمدىلا بىر-بىرىمىزگە باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالغانىدۇق. ئۇ كۆزلىرىنى دەرھال مەندىن قاچۇرۇپ يېنىدىكى بىر كىشى بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى.

مەن مەيدەمنى كېرىپ مېھمانخانىغا كىردىم. يەرگە بىر پارچە گىلەم سېلىنىپ، ئۇنىڭ چۆرىسىگە ياستۇقلار

قويۇلغاندى. قىلىن گىلەم ئۈستىدە ئىتەكلىرىمنى تىزىمنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ تىزلىنىپ ئولتۇردۇم. بىردىنلا ھەممەيلەن مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ كېتىشتى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار شۇئان بېسىلدى. تەسۋى سىيرىپ، دۇئا قىلىشىۋاتقان ئاياللارمۇ باشلىرىنى ماڭا بۇراشتى. يازنىڭ تىنجىق ئىسسىقىدىن ھەممىدە تىقما-تىقما ئولتۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ بەدەن ھارارىتىدىن ئۆينىڭ ئىچى مۇنچىدەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. لېكىن، مەن تەرەپ-تەرىپىمدىن ماڭا تىكىلگەن كۆزلەردىن ئۆزۈمنى توڭلاتقۇغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم.

ئۈن-تىن چىقارماي تەسەللى سۆزلىرىنىمۇ قىلماي، كۆزلىرىمنى يەرگە تىكىپ دۇئا قىلدىم. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۆز-ئۆزۈمگە:

— ئى، رەببىم ئەيسا، كەرىمنىڭ ئۆلۈمىدىن مەيۈس بولغان بۇ ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىمگە سەبىر تونۇشتۇرۇشۇم ئۈچۈن ياردەم قىلغايسەن، — دېدىم.

بەش-ئون مىنۇتتىن كېيىن گۇدۇك-گۇدۇك سۆزلىشىشلەر يەنە باشلاندى. كەرىمنىڭ ئايالىغا تەسەللى بېرىش ۋاقتى كەلگەنىدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە كەرىمنىڭ جەسىتى بار ياندىكى ھۇجرىغا كىردىم. جەسەت ئۇزۇن ۋە چوڭقۇر تاۋۇت ئىچىدە ياتاتتى. كەرىمنىڭ ئايالىغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئاق كېپەن ئىچىدىكى نەۋرە قېرىندىشىمنىڭ قىمىرلىماي جىمجىت ياتقان چىرايىغا قارىدىم. ئىسىت، ھايات ۋاقتىدا بىر كۆرۈشۈۋالسامچۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئۆينىڭ ئىچىدە كۆپچىلىكنىڭ بىردىن گۇدۇكشىغان ئاۋازى

ئاڭلاندى. ئائىلە ئەزالىرى كەرىمگە دۇئا بىرىۋاتاتتى. ئاياللار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، قۇرئاندىن ئايەتلەر ئوقۇشتى. بۇ مەن كۆرۈپ كېلىۋاتقان ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم مەنزىرىسى ئىدى. مانا مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنىدىم. ئۇ كۈنى كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى قەبرىستانلىقتا پۈتۈن ئائىلە قاتنىشىدىغان ناماز چۈشۈرۈش مۇراسىمى بولاتتى. تاۋۇت قەبرىستانلىقچە كۆتۈرۈپ بېرىلىپ يەرلىككە قويۇلاتتى.

ئاندىن ئىمام يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دۇئا باشلايتتى:

— خۇدا ئۇلۇغدۇر! رەب، بۇ سېنىڭ قۇلۇڭ ۋە قۇلۇڭنىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ سەندىن باشقا خۇدا يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتاتتى...

ئۆينىڭ ئىچىدىكىلەر پەس ئاۋاز بىلەن يىغا-زار قىلىشىۋاتاتتى. بىر چاغدا تاۋۇتنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان كەرىمنىڭ ئانىسىنى كۆردۈم. بىچارە ئايال ئىنتايىن ئۈمىدسىز كۆرۈنەتتى. شۇ پەيتتە پۈتۈن ھېسسىياتىم مېنى ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشقا قىستايتتى، لېكىن بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالايمەنمۇ؟ ئۇنىڭغا ئەيسا مەسىھ ھەققىدە بىر نېمە دېسەم قانداق بولار؟ ياق، ھەرگىز بولمايدۇ. ئۆزۈمنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىسى سۈپىتىدە بۇ يەرگە كەلگىنىممۇ يېتەر.

كەرىمنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئاخىرى باردىم. ئاندىن سىلىق تەلەپپۇز بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ئىنتايىن قايغۇرغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— كەرىم بىلەن ناھايىتى سەمىمىي ئۆتكەنىدۇق. خۇدا سىزگە سەۋر-تاقەت بەرسۇن. — دېدىم. ئۇ غەمكىن يۈزىنى ماڭا بۇراپ، ياشقا تولغان قارا كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى ۋە رەھمەت ئېيتتى. شۇ پەيتتە ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭ غەمكىن قەلبىگە تەسەللى بەرمەكتە ئىدى. بۇنىڭغا ئىشىنەتتىم.

لېكىن، كەرىمنىڭ ئانىسىدىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشىمنى ياقتۇرمايتتى. ئورنۇمغا يېرىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ھازىدارلارنىڭ ئارىسىغا قايتىۋاتقىنىمدا يېقىن ئەر جىيەنلىرىمدىن بىرى ماڭا ئەتەي كۆرسىتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن يەنە بىر قىز جىيەنىممۇ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرى چىقىپ كەتتى. مەن ئۆز ئورنۇمدا ئولتۇرىۋەردىم. بىر تەرەپتىن كەرىمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن قوزغالغان قايغۇلۇق ھېسسىياتلار، يەنە بىر تەرەپتىن ئەھۋالىمنىڭ ئوڭۇشسىزلىقى ئىچىمنى بىئارام قىلاتتى. يۈرىكىم ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكۈدەك سوقاتتى. ئەتراپىمنى قورشىغان دۈشمەنلىك ئالامەتلىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. ئۆرپ-ئادەتلەر ئورۇندىلىپ بولسۇن دەپ، تېگىشلىك زىيارەت جەريانىنىڭ ئاخىرىنى بىئاراملىق ئىچىدە ساقلىدىم. ئاخىرى خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا ھەممە كۆزلەرنىڭ ماڭا تىكىلگەنلىكىنى سەزدىم.

ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ماشىنامدا بىردەم ئولتۇردۇم. دەرۋەقە رەبىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلغانىدىم، لېكىن بۇ ئىشلار ماڭا ئېغىر كەلگەنىدى. بۇنداق ئوچۇقتىن-ئوچۇق نەپرەتكە ئۇچرىغاندىن كۆرە، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغىنىم تۈزۈك ئىدى.

بۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ يولدا قايتا ماڭمايمەن دەپ ئويلىغان بولساممۇ، ئەمەلگە ئاشمىدى. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە بىر ئەر جىيەنىم ۋاپات بولدى. ئۆلۈم خەۋىرىنى يەنە خىزمەتچىلىرىمدىن ئاڭلىدىم. يەنە رەبىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، كۆڭۈلسىز ھالدا ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان ئۆيگە كىرىپ، ھازىدارلار قاتارىدا ئولتۇردۇم.

ئۆز ئەھۋالىمنى ئەمەس، ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغان تۇل

خوتۇنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ باش قاتۇردۇم، ئۇنىڭ بەش ياشلىق بىر بالىسى بار ئىدى. بالىنىڭ بىچارە ۋە يېتىم هالدا تاۋۇتنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگىنىمدە چىدىماي يىغلىۋەتتىم.

كەرىمنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىكىگە ئوخشاش، گويا بىرى مېنى كەينىمدىن ئىتتەرگەندەك بۇ بىچارە ئائىلىنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق. ئۇ كۆز ياشلىرى بىلەن تولغان يۈزىنى ماڭا بۇرىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. بىراق مېنىڭ ئائىلىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىمنى بىلسىمۇ، يەنە ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ تىترىگەن قولىنى تۇتۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. بىر-بىرىمىزگە پەقەت بىر-ئىككى ئېغىزلا سۆز قىلىشقان بولدۇق. لېكىن، مەن پۈتۈن قەلبىم بىلەن دۇئا قىلدىم. ئىنجىلدا، «نىمىدېگەن بەختلىك، ماتەم تۇتقانلار!» دەپ يېزىلغانىدى. بۇنى ئويلاپ، مۇقەددەس روھنىڭ شۇ پەيتتە ئاشۇ بىچارە ئائىلىگە تەسەللى بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدىم.

ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن ماڭا،

— رەھمەت بىلقىز، رەھمەت — دەپ قولۇمنى قويۇپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

غەلىتە بولغان يېرى شۇكى، يەنە كەينى-كەينىدىن ئىككى ئۆلۈم بولدى. ئائىلىمىز ھەقىقەتەن چوڭ ئائىلە ئىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە كىشىنىڭ ۋاپات بولۇشى نورمال ئىش ئەمەس ئىدى. ھەربىر ئۆلۈمدە خۇدا ماڭا ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ كىچىك ئۆيۈمنىڭ بىختەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مېنىڭ بۇ دەپنە مۇراسىمىغا بېرىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن ئۇ يەردە ئارتۇق گەپ قىلىشىمنى

خالىمايتتى. پەقەت ئۇ يەردە بولۇشۇم ۋە مېھىر-شەپقەتلىكىمنى كۆرستىشىم كۇپايە ئىدى.

بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدە رەب مەن بىلەن ھامان بىللە بولدى. ماڭا ئۆگىتىدىغان كۆپ ئىشلار بار ئىدى. دەپنە مۇراسىملىرى مەن ئۈچۈن بىر مەكتەپ بولغانىدى.

مەن بۇ مۇراسىملاردىن بىرىدە خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا بولۇشنىڭ يېڭى بىر سىرىنى ئۆگىنىۋالدىم.

ئادەت بويىچە، جەسەت يەرلىككە قويۇلۇپ بولمىغىچە ئۆيدە قازان ئېسىلمايتتى. بۇ بىر كۈن خۇددى روزا تۇتقاندەك بولۇپ، ئانچە تەس ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ كۈنى كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە يالغۇز دېگۈدەك ئولتۇرۇپ قورسىقىم ئېچىپ ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى. ھەر كۈنى ۋاقتىدا غىزالىنىپ ئۆگىنىپ قالغانىدىم. ۋاقتى كەلگەندە چاي ئىچىۋالمىسام بولمايتتى.

بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن چىدىيالماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تەرەتكە چىقىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، تاشقىرىغا چىقتىم. ئۆينىڭ سەل نېرىسىدا بىر كىچىك چايخانا بار ئىدى. ئۇ يەردە بىر چىنە چاي ئىچىۋېلىپ، يەنە ھازىدارلارنىڭ يېنىغا كىردىم.

شۇ چاغدا يېقىن بىر دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك يالغۇزلۇق ھېس قىلدىم. مۇقەددەس روھنىڭ ھۇزۇرى مەندىن يىراقلاشقانىدى.

— ئى رەب، مەن نېمە قىلدىم؟ — دەپ سورىدىم.

مەن بۇ سوئالنى سوراۋېتىپ چۈشەندىمكى. ھازىدارلارنىڭ يېنىدىن چىقىشتا يالغان سۆزلىگەنىدىم.

— بىراق بۇ ئەرزىمەس بىر يالغان ئىدىغۇ، ئى رەب! — شۇ ھامان مۇقەددەس روھنىڭ تەسەللىسىنى ھېس

قىلالىمىدىم.

— بىراق، ئى رەب، مۇسۇلمانلارنىڭ ماتەم ئادەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەمدى ماڭا ھاجەتسىز ھەمدە ساڭا مەلۇمكى، مەن چۈشتىن كېيىن چايسىز تۇرالمايمەن. — دەپ ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇردۇم.

مۇقەددەس روھتىن تېخىچە بىر جاۋاب كەلمىدى.

— خوپ، ئەرشتىكى ئاتا، ئەمدى چۈشەندىم. يالغان ئېيتىشىم توغرا بولماپتۇ. بۇنداق قىلىش بىلەن كىشىلەرگە ياخشى كۆرۈنمەكچى بولغاندىم. لېكىن، مەن سېنى خۇرسەن قىلىشىم كېرەك ئىدى. بۇ ئىشىمغا ھەقىقەتەن پۇشايمەن قىلدىم. ئى خۇدا، سېنى رەنجىتىپ قويدۇم. سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ھەرگىز بۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىمەن، — دېدىم.

بۇ سۆزلەر ئاغزىمدىن چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ھۇزۇرى خۇددى سۇ سىزىلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن كۆلگە ياققان يامغۇردەك ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇردى. راھەتلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ يەنە مەن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا قايتا ۋە تېز كىرىشنى ئۆگەندىم. ئۇنىڭ يېقىنلىقىنى ھېس قىلالمىغىنىمدا ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىمنى چۈشەندىم. بۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىنىڭ ئاخىرقى قېتىم قاچان مەن بىلەن بىللە بولغانلىقىنى ئېنىقلىدىم. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا مۇيەسسەر بولغان كۈنۈمدىن كېيىنكى ھەربىر ھەرىكىتىمنى، ھەربىر سۆزۈمنى ۋە ھەربىر خىيالىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، قاچان خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقىمنى ئۇقاتتىم. ئاندىن مېنى ئازدۇرغان گۇناھىمنى خۇداغا ئوچۇق ئېيتىپ، مېنى كەچۈرۈشىنى تىلەيتتىم.

بۇنىڭدىن شۇنى بىلدىمكى، توۋا قىلىش پەقەت كۆز يېشى

ئارقىلىق پۇشايمانلىق ھېس قىلىش ئەمەس، ھەقىقىي توۋا خاتا يولغا كىرىپ قالغىنىمدا خاتالىقىمنى ئېتىراپ قىلىپ، خۇداغا ئوچۇق ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ خاتالىقنى قايتا تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن ۋەدە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق توۋا قىلىشقا ئۆز قۇدرىتىمنىڭ يەتمىگەنلىكىنى كۆرگىنىمدە خۇدانىڭ قۇدرىتىگە تايىنالايتتىم.

ئۇ كۈنلەردە يەنە بىر يېڭى ھەقىقەتنى ئۆگەندىم: ئەمەلىيەتتە كىچىك، زىيانسىز يالغان دېگەن بىر نەرسە يوق. يالغان دېگەن ھامان يالغان. ئۇ ھەمىشە يالغانلارنىڭ بوۋىسى بولغان شەيتاندىن كېلىدۇ. شەيتان زىيانسىز دەپ ئاتالغان ئۇششاق-چۈشەك يالغانلىرى بىلەن بىزنى بۇ رەزىل يالغانچىلىق ئادىتىگە كۆندۈرمەكچى بولىدۇ. يالغانچىلىق يەنە باشقا يامان ئىشلارغا يول ئاچىدۇ. شەيتان ئۇششاق-چۈشەك يالغانچىلىقلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيەتتە يالغان ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ پەقەت باشقىلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قوللىنىلغان سۆزلەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا قۇلىقىمىزغا كۇسۇلدايدۇ. بۇنداق قىلساق، ھەقىقەتنىڭ ئۆزى بولغان ئەيسا مەسىھكە ھۆرمەت كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا باشقا كىشىلەرگە ھۆرمەت كۆرسەتكەن بولىمىز.

دەرۋەقە بۇ ساۋاقنى بىر تۇغقىنىمنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا ئۆگەندىم، لېكىن ئۇ مەن ئۈچۈن يېپيېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئۇ كۈندىن كېيىن ھەممە يالغانچىلىقنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا تىرىشتىم. كاللامغا يالغان سۆزلەر كەلگەن ھامان سۆزلىمەكچى بولغىنىم كىچىككىنە بىر يالغان سۆز بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم. بىر كۈنى ئەيسا مەسىھنىڭ بىر ئېتىقادچىسى مېنى كۆڭلۈم تارتمىغان بىر سورۇنغا تەكلىپ قىلغانىدى. باشقا بىر يەرگە بېرىشقا ۋەدە

قىلىپ قويغانىدىم، دەپ باھانە كۆرسەتمەكچى بولدۇم. بىردىن ئىچىمدىن بىرىنىڭ مېنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دەل ۋاقتىدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. يالغان ئېيتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. كەچۈرۈڭ، بارالمايمەن دەپ توغرىسىنى ئېيتتىم. بۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنى ئالدىمىدىم.

مەسىلەن، يەنە بىر كۈنى لوندوندىكى بىر دوستۇمغا سالام خەت يېزىۋاتاتتىم. ھېچقانداق ئويلاشمايلا، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئۆيدە بولمىغانلىقىم ئۈچۈن خېتىڭىزگە جاۋاب يازالمىدىم دەپ يېزىشقا باشلىدىم.

لېكىن خەتنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمىدىم. مەن شۇنى ئويلىدىمكى، مەن ھەقىقەتەن ئۆيدە يوقمىدىم؟ يالغان! ئەلۋەتتە ئۆيدە ئىدىم. ئۆيۈمدىن ھېچ يەرگە بارمىغانىدىم. سالام خەتنى يۈرلەپ ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىدىم-دە، قايتا يېزىشقا باشلىدىم: قەدىرلىك دوستۇم، مېنى خۇشاللاندۇرغان قىممەتلىك خېتىڭىزگە ۋاقتىدا جاۋاب يازالمىغانلىقىمنى كەچۈرۈڭ...

راست، بۇ كىچىك ئىشلار ئىدى. لېكىن، كىچىك ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرگەندە، چوڭ سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيتتىم.

بۇنىڭدىن باشقا، يالغان باھانە-سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارمىسىملا، ھاياتىم تېخىمۇ مەنىلىك بولاتتى ھەمدە شۇنداق قىلغاندىلا ھەمىشە يېنىمدا بولغان ئەيسا مەسىھكە باغلىنىپ ياشاشقا تىرىشىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاستا-ئاستا، لېكىن ئېنىق كۆرۈشكە باشلىدىم. ئەلۋەتتە بۇ ئەھۋالنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش تەس ئىدى. بىرنەچچە قېتىم كونا يولۇمغا قايتقانلىقىمنىمۇ سەزمەي قالغانىدىم! لېكىن يەنىلا ئەيسا مەسىھنىڭ يولىدا مېڭىشقا تىرىشتىم.

بۇ تەجرىبىلەرنى توپلاۋېتىپ ئىنجىلدىكى بۇ سۆزنى ھاياتىمغا قانداق تەدبىقلاشنى ئۆگەندىم:

«سىلەر ئاۋۋال خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئىزدەڭلار. ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، شۇ چاغدا خۇدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە ئاتا قىلىدۇ». (ئىنجىل: «ماتتا» قىسمىنىڭ 6-باب 33-ئايىتى)

ھەر ئىشتا خۇدانى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغىنىمدا، خۇدا يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھېس قىلغان بەزى ئېھتىياجلىرىمنى ھەل قىلىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن رايىشەم چىرايى ئۆچكەن ھالدا ھۇجرامغا كىرىپ:

— مېھمانخانىدا بىر خانىم سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ كۈتۈپ تۇرىدۇ — دېدى.

— كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدىم.

— خاتالاشمىسام كەرىمنىڭ ئانىسى، خانىم.

ئۇنداق ئەمەستۇ. كەرىمنىڭ ئانىسى ئۆيۈمگە كەلمەيتتى.

ئۇنداقتا كىم بولۇشى مۇمكىن؟ ئويلىغاچ تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشتۈم. مېھمان ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇراتتى. ئۇ راستتىن ئۆلۈپ كەتكەن نەۋرە قېرىندىشىمنىڭ ئانىسى ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا دەرھال كېلىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:

— بىلىقىز، سەن بىلەن ئايرىم سۆزلەشكىلى كەلدىم، — دېدى، — دېمە مۇراسىمدا ئاشۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئاۋۋال سېنى كۆرمەپتىمەن. ئۇ يەردە ماڭا قانداق تەسەللى

بەرگەنلىكىڭنى ساڭا ئېيتماقچىمەن. بۇ... نېمە دېسەم بولار...
بۇ بۇرۇن مەن ئاڭلاپ باقمىغان يېپيېڭى، قەلبىمنى يورۇتقان
ئالاھىدە بىر تەسەللى بولدى.

ھېلىقى ئېچىنىشلىق ماتەم كۈنلىرىدە كەرىمنىڭ
ئانىسىغا ئەيسا مەسىھ ھەققىدە نېمە ئۈچۈن گەپ
قىلمىغانلىقىمنى شۇ تاپتا چۈشەندىم. گەپ قىلغان بولسام،
ئۇنىڭ ئاجىز ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بىر خىل روھقا ئائىت
تەشۋىقات يۈرگۈزگەن بولاتتىم. لېكىن ھازىر ئەھۋال باشقىچە
ئىدى. مېھمانخانىدا ئاستا ۋە مۇلايىم ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا ئەيسا
مەسىھ ھەققىدە سۆز قىلىپ، ئۆز ھاياتىمدا ئۇنىڭغا نەقەدەر
ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمنى، خۇدانىڭ مېنىڭ مەنمەنلىككە
تولغان كونا خاراكتېرلىرىمنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاستا-ئاستا
ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردۇم. كەرىمنىڭ ئانىسى:

— شۇنداق، توغرا ئېيتىسەن، سەن ماڭا چىن دىلىڭدىن
كۆيۈنگەنىدىڭ، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىمگە
شېرىك بولۇشقا تەييار ئىدىڭ، — دېدى.

بۇ قىسقا، لېكىن دىققەتكە ئەرزىيدىغان بىر زىيارەت
بولدى. مەن ئىككى تەرەپتىن ئىلھاملانغانىدىم. بىرىنچىسى،
خاراكتېرىمدىكى ئۆزگىرىشنى باشقا بىر كىشىمۇ سەزگەنىدى.
ئىككىنچىدىن، ئائىلەم بىلەن ئۈزۈلگەن ئالاقە قايتا ئەسلىگە
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

لېكىن، بۇ ئىش كۆڭلۈمدىكىدەك تېز بولمىدى.
تېلېفونىنىڭ ھەربىر جىرىڭلىشىدىن بىرەر تۇغقانلىرىمنىڭ
ئەمەس بەلكى ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان
دوستلىرىمدىن بىرەرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايتتىم. ماخمۇد ئالتە
ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر
كۈنى تېلېفون جىرىڭلىدى. تۇرۇپكىنى قولۇمغا تۇتۇپ

مەرىنىڭ ئاۋازىنى كۆتكەندىم، بىراق ئاڭلىغىنىم ۋاپات بولغان يەنە بىر ئەر جىيەنىمنىڭ ئانىسىنىڭ يىغىملىق ئاۋازى بولۇپ چىقتى.

— بىلىقىز، كىلىنىمگە كۆرسەتكەن ياردىمىڭ ئۈچۈن چىن قەلبىمدىن مىننەتدارمەن. سۆزلىرىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپتۇ. بۇنى ساڭا ئېيتىپ قويماقچىمەن، دېدى ئۇ. نىمدىپگەن دىققەتنى قوزغايدىغان ئىش بۇ! لېكىن ئۇ چاغدا مەن ناھايىتى ئاز گەپ قىلغانىدىم. تەسەللى بەرگەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى ئىدى.

بىز بىر-بىرىمىزگە كۆڭۈل ئېيتقاندىن كېيىن تېلېفوننى قويدۇم. شۇنىڭغا ھەيران بولدۇمكى، ئەيسا مەسىھ ھەققىدە بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىغان بولساممۇ، ئەيسا مەسىھ مېنىڭ ۋاستەم بىلەن تۇل قالغان ئايالغا تەسەللى بەرگەنىدى. بىر كىشىنىڭ ياردەمگە ئېھتىياجى چۈشكەن ۋاقىتتا مېنىڭ ئۇ يەردە خۇدانىڭ ۋەكىلى بولغانلىقىمنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىنكى ھەپتىلەردە ئائىلەمدىن يەنە بىر-ئىككى كىشى مېنى يوقلاپ كەلدى. ماخمۇدنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە بالىغا يەل-يېمىش، ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ كېلىشكەنلەر، ئېيتىلىشتا بالىنى يوقلاپ كېلىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر باھانە بولۇپ ئەمەلىيەتتە ئۇلار ماڭا ئاچچىقلىنىش بىلەن زىيدە قىلىنغان يارىلارغا دورا سۈرۈشكە كەلگەنىدى. بۇ قىسقا زىيارەتلەر ھەممىسە يىرىكلىك ئىچىدە بولاتتى، لېكىن بۇ قانداقلا بولمىسۇن ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئالاقىنى ئۈزۈش مۇھاسىرىسىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە مەندە پەيدا قىلغان تۈنجى خۇشاللىقىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

ئەيسا مەسىھنىڭ دالالىتىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلگىنىمگە بىر يىل بولاي دەپ قالغانىدى. كۈنلەر

نىمدىگەن تېز ئۆتكەن! يېقىندا يېڭىباشتىن تۇغۇلغان كۈنۈم، يەنى ئۆزۈمنى رەبگە ئاتىغىنىمغا بىر يىل بولاتتى. ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنىنى خاتىرىلەش بايرىمىنى، يەنى روژدېستىۋو بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ئىدىم. لېكىن، بۇ بايرامنىڭ ئەيسا مەسىھنى سۆيىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن قانداق ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلمەيتتىم. ياۋروپادىكى ۋاقتىمدا بۇنداق ھېيت بايراملارنى كۆرگەنىدىم. لېكىن، بۇنداق خۇشاللىقلار ھەرقانچە قىزىقارلىق كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنـمەيتتىم. بۇ بايرامنى ھاياتىمدىكى ئۆزگىرىشنى ئۇقتۇرىدىغان بىر شەكىلدە ئۆتكۈزەلەرمەنمۇ؟

كاللامغا بىر پىكىر كەلدى. بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، مېھمان چاقىرسام، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى، يېزا خەلقىنى ۋە كوچا سۈپۈرگۈچىلەرنىمۇ تەكلىپ قىلسام قانداق بولار؟ شۇئان ئىچىمدە غەيرى بىر ئاۋاز مېنى ئاگاھلاندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئائىلەمنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئېتىقادىڭنى كوز-كوز قىلما، بىلىقىز! دەيتتى. كەينىدىنلا گېنېرالنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمدا ياڭرىدى، بېشىڭىزغا بىرەر بالا كەلسە سىزنى قوغدىيالمايمەن! بۇنداق بىر زىياپەت بېرىش بىلەن بىرمۇنچە كىشىلەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان بولاتتىم. بۇ ھەقتە دۇئا قىلدىم. زىياپەتكە تەييارلىق قىلىشقا قەتئىي قارار قىلغىنىمدا خۇدانىڭ پۈتۈن ھوزۇرىغا مۇيەسسەر بولدۇم.

روژدېستىۋو بايرىمى يېتىپ كەلدى. پۈتۈن ۋاھ يېزىسىغا داڭ كەتكۈدەك بىر زىياپەت بەردىم. خەلق ئەتىگەندىلا كېلىپ مېھمانخانىغا جەم بولدى. كېيىن ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان دوستلىرىم كەلدى. سىنوۋبىنىڭ خۇرغا يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن خۇدانى مەدھىيىلەيدىغان بىرنەچچە

مۇناجاتلارنى ئېيتتۇق. كېيىن خىزمەتچىلىرىمدىن بىرى بىرنەچچە كىشىلەرنىڭ مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۇلار راۋالپىندىدىن كەلگەن بىر ھامىمام ۋە قىز جىيەنلىرىم ئىكەن. ئۇلارنى تەكلىپ قىلمىغاندىم، شۇڭا ھاڭ-تاڭ بولدۇم ھەمدە تەشۋىشكە چۈشتۈم. ئۇلار نېمىگە كەلگەندۇ؟ بىكاردىن ئەندىشە قىلىپتىمەن. ئۇلار يوقىرى تەبىقىگە خاس بىر خىل قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. ئاۋۋال ئېغىزلىرىنى ئېچىپ قارىشىپ قالدى. ئاندىن زوۋان سۆرۈشمەي باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ، قاتتىق بىر سۈسكۈن ئىچىدە ئولتۇرۇشتى.

ئۇلارنى ۋە باشقا مېھمانلىرىمنى قورۇق قايتۇرۇشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىككى ئۆي ئارىسىدا موكىدەك قاتراپ يۈردۈم، ئۆيدىن تالاغا، تالادىن ئۆيگە كىرىپ چىقاتتىم.

ئاخىرىدا مېنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشىم بىلەن ئائىلەمدىن بەزىلەرنىڭ ماڭا بولغان سوغۇق ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرىدىغان مۇئامىلىسى ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ھەتتا بىرنەچچىسى مېھمانخانىغا كىرىپ زىياپەتكە قاتناشتى. زىياپەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇلار ئولىد، مېچەل ئەپەندىلەر ھەتتا كوچا سۈپۈرگۈچىلەردىن بەزىلىرى بىلەنمۇ ئاز-تولا سۆزلىشىشكە باشلىدى.

بۇ زىياپەتنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى بىر يىلنىڭ باشلىنىشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. چۈنكى، ئالدىمدا بېشىمنى قاتۇرىدىغان بىرمۇنچە مەسىلىلەر بار ئىدى. بۇلار ھەققىدە بىر قارارغا كېلىشىم كېرەك ئىدى. خاتا قارارنىڭ بېشىمغا بالا بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

مېنى يوقلاپ كېلىشكە باشلىغان تۇغقانلار ۋە دوستلار ئارىسىدا باشقا خىلدىكى زىيارەتچىلىرىممۇ بار ئىدى. بۇنداق كىشىلەر مېنى مۇسۇلمانچىلىققا قايتۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ئىچىمدە بولسا بىر ھېسسىيات ماڭا مېنىڭ يوشۇرۇنچە كۈزىتىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتاتتى. مېنى چاقىرغان بۇ ئاۋازلارغا قانداق ئىنكاس كۆرسىتىشىمنىڭ پېيىگە چۈشكەنلەرمۇ بار ئىدى. ئويلىغانلىرىمنى كىشىلەرگە ئوچۇق ئېيتىشىم كېرەكمۇ، ياكى ئېغىز ئاچماسلىقىم كېرەكمۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى يەنە رەبنىڭ ھۇزۇرىدىن ئالدىم. ئىچىمدە بىر ھۇزۇرسىزلىق ۋە يالغۇزلۇق ھېس قىلدىم. لېكىن، مەندىن سورالغان سوئاللارغا مېھىر-مۇھەببەت بىلەن توغرا-دۇرۇس جاۋاب بەرگىنىمدە، رەببىمنىڭ مەن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى يەنە سەزدىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشىكىمنىڭ چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بىرئاز چۆچۈدۈم. سائەت ئىككى بولغانىدى.

— كىرىڭ، — دېدىم. ئىشىك ئېچىلىپ، رايىشەم كىرىپ كەلدى.

— خانىم، بىر كىشى سىزنى يوقلاپ كەپتۇ، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ سىلىق ئاۋازىدىن بىرئاز دۇدۇقلاۋاتقانلىقىنى سەزدىم. چۈشتىن باشلاپ سائەت ئۈچكىچە بولغان ئارىلىقتا ئارام ئالىدىغانلىقىمنى رايىشەمگە ئەسكەرتكەنىدىم، لېكىن بۇ بىر بۇيرۇق ئەمەس ئىدى. بىر يىلنىڭ ئالدىدا بۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتىم. لېكىن، ھازىر ۋاقتىمنىڭ ماڭا ئەمەس، رەبگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم ھەمدە بۇنى رايىشەمگە ئوچۇق چۈشەندۈرگەنىدىم. شەخسەن ماڭا تېگىشلىك بىر ئىش چىقسا، ھەرقانداق چاغدا ھۇجرامغا كىرىشكە بولىدىغانلىقىغا رۇخسەت قىلغانىدىم.

— خانىم، كەلگەن بىر ئىنگلىز كىشى، — دېدى رايىشەم، ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر تەبەسسۇم كۆرۈنۈپ تۇراتتى،

— سىز بىلەن خۇدا توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى ئىكەن!

— ماقۇل، بىرئازدىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشمەن، — دېدىم، بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە قىزىقتىم.

مېھمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان كىشى ياداڭغۇ، كۆمۈش رەڭ چاچلىق بىر ئىنگلىز ئىدى. پاكىستانلىقلارغا خاس ئاق كۆينەكنى ۋە شىمنى دىققىتىمنى تارتتى. ئۇ ئالدىن كېلىشىۋالمايلا مەن بىلەن بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كاراچى شەھىرىدىن كەلگەنىكەن، بۇ ئادەم ئەيسا مەسىھ يولىدىن تېنىپ مۇسۇلمان بولغانىكەن.

مەن چۈشەندىم، ئائىلەم مېنىڭ ئىنگلىزلارنى قانداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مېنى بۇ ئىنگلىزدىن تەسىرلەنسۇن دەپ ئەۋەتكەن دەپ ئويلىدىم.

زىيارەتكە كەلگەن مېھمان ئۇنى-بۇنى دېگەندىن كېيىن، مۇنازىرىلەشمەكچى بولغان مەسىلىگە ئۆتتى.

— خانىم، مۇسۇلمانچىلىق يولىدىن ئەيسا مەسىھ يولىغا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى چۈشەنمەيمەن، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قارارلىرى ئىنجىلغا ئاساسلىنىدۇ. لېكىن، خۇدا ئەيسا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا چۈشۈرگەن ئىنجىلنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، — دېدى ئۇ.

بۇ، ئىنجىلنىڭ خاتالىقىنى ئالغا سۈرمەكچى بولغان كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېيتىدىغان سۆزلىرى ئىدى. ئۇلار بۇگۈنكى قولىمىزدىكى بۇ ئىنجىلنى كۆپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر ئىشەنگىلى بولمايدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئەسلىدىكى ئىنجىل قۇرئاندا يېزىلغانلارغا ماس كېلىدۇ، دېيىشەتتى.

— سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىمەن، لېكىن شۇنى ئۆتۈنۈمەنكى، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ قالماڭ، — دەپ سۆز باشلىدىم مەن:

— ئىنجىلنىڭ كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، لېكىن كىم ئۆزگەرتكەنلىكىنى ھېچ ئۇقالمىدىم. بۇ ئۆزگەرتىشلەر قاچان بولغان ۋە ئىنجىلنىڭ قايسى قىسىملىرى ئۆزگەرتىلگەن؟

مېھمان سوئالىمغا جاۋاب قايتۇرماي ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ، كۆزلىرىنى تورۇستىكى ئويما نەقىشلىك پەنەركىلەرگە تىككەن ھالدا، قولى بىلەن ئورۇندۇقنى تىكىرلىتىشكە باشلىدى. بەلكىم ئۇنى خىجالەت قىلىپ قويغان بولسام كېرەك. مەن ئۆز ئىزدىنىشلىرىمدىن ئالغان بىلىمىمگە ئاساسەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— مۇھەممەد دۇنياغا كېلىشتىن تەخمىنەن 300 يىل ئىلگىرى ئىنجىلنىڭ كونا نۇسخىلىرى تارقالغانىدى. بۇ كوپىيەلەردىن بەزىلىرى بۈگۈن ئەنگلىيەنىڭ دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۈگۈنكى ئىنجىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە بولۇۋاتقان ھەربىر نۇقتىدا بۇ كونا نۇسخا بىلەن ھازىرقى ئىنجىل ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە بۈگۈنكى ئىنجىل ھەرقايسى مۇھىم نۇقتىدا كونا نۇسخىلار بىلەن ماسلىشىدىكەن. شەخسەن مەن ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مۇقەددەس كىتاب مەن ئۈچۈن خۇدانىڭ ھايات سۆزىدۇر. ئۇ روھىي ئوزۇقۇم ۋە يېتەكچىمدۇر.

سۆزۈم ئاياغلاشمايلا مېھمان ئورنىدىن تۇردى. مەن سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەگەر بەزى نۇقتىلاردا ئۆزۈمنى ئالدىغان بولسام، مەن بۇنى بىلىۋېلىشنى خالايمەن. قېنى سىز سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دېدىم.

— سىز بۇ سۆزنى ھايات، جانلىق دەۋاتىسىز، — دېدى مېھمان.

— ئەيسا مەسىھنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، بەلكىم سىز قۇرئاندىمۇ ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ سۆزىدۇر دەپ يېزىلغان دېمەكچى بولىدىغانسىز، بۇ ھەقتىمۇ سۆزلىشەلىشىمىز مۇمكىن، — دېدىم.

— قايتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز، — دېدى مېھمان.

سۆھبىتىمىز شۇ يەردە ئاياغلاشتى. مېھماننى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ باردىم ۋە يەنە كېلىشكە تەكلىپ قىلدىم. بۇ كىشى قايتا كەلمىدى، لېكىن باشقىلار كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خاتا چۈشەنچىلەر بىلەن قوراللىنىپ مەن بىلەن تاكاللىششقا كەلگەنىدى. بىر ئادەم مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئۈچ خۇداغا چوقۇنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى ئەيىبلىدى.

— سىلەر ئۈچىنىڭ بىرلىكى دەپ ئاتايدىغان ئۇقۇم خۇدا، مەريەم ۋە ئەيسادىن تەشكىل تاپقان بىرلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، — دېدى ئۇ.

— سىلەر ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى خۇدا بىلەن مەريەم نىكاھلاندى ۋە ئۇلارنىڭ جىنسىي بىرلىشىشىدىن ئەيسا تۇغۇلدى، دەيسىلەر. خۇدانىڭ ئەسلا خوتۇنى بولغان ئەمەس! — دەپ كۈلدى.

ئىچىمدە قىسقىنە دۇئا قىلدىم. شۇئاندا كاللامغا مۇۋاپىق بىر چۈشەنچە كەلدى.

— ئەلۋەتتە خۇدانىڭ خوتۇنى بولغان ئەمەس. ھېچبىر

ھەقىقىي ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى مەريەمنى خۇدا ياكى خۇدانىڭ ئايالى دېمەيدۇ، — دېدىم، ئاندىن ئۇنىڭدىن،

— قۇرئاننى ئوقۇغانمۇسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ئەلۋەتتە.

— ئۇنداقتا قۇرئاندا ئەيسا مەسىھكە خۇدانىڭ روھى ئاتا قىلىنغان دەپ يېزىلغانلىقى ھەر ھالدا ئېسىڭىزدىدۇر. بەلكىم سادۇ سۇندار سىڭ ئىسىملىك بىر ھىندىستانلىقنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز. بۇ ئادەمگە بىر غايىبانە ئالامەت ئارقىلىق ئەيسا مەسىھ كۆرۈنگەن ۋە ئۈچىنىڭ بىرلىكى ئۇقۇمىنى شۇنداق چۈشەندۈرگەن. ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا: قۇياشتا ھەم ئىسسىقلىق ھەم يورۇقلۇق بولىدۇ. نە يورۇقلۇق ئىسسىقلىق ھېسابلانمايدۇ، نە ئىسسىقلىقنى يورۇقلۇق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن يەنىلا ئىككىسى بىردۇر... دېگەنىدى.

مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— قۇياشتىن كېلىدىغان ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇققا قاراپ، ئۈچ ئايرىم قۇياش بار، دېمەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا ۋە خۇدادىن كەلگەن ئەيسا مەسىھكە قاراپمۇ ئۈچ ئايرىم خۇدا بار دېيەلمەيمىز، — دېدىم.

سۆزلىرىم ئاياغلاشقاندا مېھمانىمۇ جىمىپ قالدى. مېھمان چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ، كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇياق ئۆزى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ۋاقىت ئاجراتقانلىقىمغا تەشەككۈر ئېيتىپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا ئۆيۈمدىن چىقىپ كەتتى.

باغچەمنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭغان بۇ بىچارە ئادەمنىڭ كەينىدىن قارىغىنىمچە، بۇنداق كىشىلەرنىڭ زىيارەتلىرىنى خۇدا قوللارمۇ؟ دەپ ئويلىدىم. بۇ ئادەمنىمۇ، ھېلىقى ئىنگلىزنىمۇ قايتا كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئاخىرى قانداق

بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم. لېكىن، بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. بەلكىم ئاخىرى نەگە بېرىپ توختىغانلىقىغا قارىشىمىنىڭمۇ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. مەن ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى، خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش ئىدى، رەب بۇنداق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشىمنى خالىسا، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا تىرىشىشىم كېرەك ئىدى.

باھار كەلدى. رەب ماڭا باشقا بىر خىل سۆھبەت ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەردى. لاھور شەھىرىگە ئوغلۇم خالىتنى يوقلاپ باردىم. مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئانچە سۆزلەشمىدۇق. لېكىن كېيىن كىتابخانىغا بېرىپ يۈز نۇسخا ئىنجىل ئالدىم. ئۇنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ھەدىيە قىلىشنى خالايتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەيسا مەسىھنىڭ خۇشاللىق بەخش ئېيتىدىغان خۇش خەۋەرلىرىنى يېشىپ بېرىدىغان بەزى كىتابچىلارنىمۇ سېتىۋالدىم. پۇرسەت تاپسىلا بۇ كىتابچىلارنى باشقىلارغا بېرەتتىم ۋە ھەتتا ئۇنى دەم ئېلىش، مېھمان كۈتۈش ئۆيلىرىگىمۇ قويۇپ قوياتتىم. بۇنىڭ بىرەر پايدىسى بار-يوقلۇقىنى بىلمەيتتىم. بىر كۈنى بۇ ئۆيلەردىن بىرىگە قايتا كىرگىنىمدە مەن قويۇپ قويغان كىتابچىلارنىڭ يوقلۇقىنى كۆردۈم. ھە، ياخشى بوپتۇ دەپ ئويلاۋېتىپ كۆزۈم ئەخلەت توڭغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە پۇرلەشتۈرۈپ تاشلانغان كىتابچىلار تۇراتتى.

— بۇ كىتابچىلارنى باشقىلارغا بېرىشىمنىڭ پايدىسى بولدىمۇ، ئى خۇدايىم؟ — دېدىم، — ياكى مەن سېنىڭ خاھىشىڭنى ئورۇندىمىدىممۇ؟ سەن توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىمنىڭ بىرەر كىشىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىمۇ كۆرمىدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ھېلىقى مۇسۇلمان بولغان

ئىنگلىزنى ئەسلىدىم. كېيىن گېنېرال دوستۇمنى، مېنى تاشلاپ كەتكەن خىزمەتچىلىرىمنى، ئائىلەمنى ۋە دوستلىرىمنى يۈز قېتىملاپ ئەسلىدىم. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا نەتىجە ھاسىل بولمىدى. ھەيرانمەن، ئى خۇدايىم، مېنى نېمە ئۈچۈن قوللىمىغانلىقىڭنى چۈشەنمەيمەن.

شۇنداق دەپ دۇئا قىلىۋاتقىنىمدا ھۇجرامنى ئەيسا مەسىھنىڭ ھۇزۇرى قاپلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىلھامبەخش ئىبتىدىغان ھۇزۇرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلاپ ئالغانىدى. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدا گويا بىر ئاۋاز گەپ قىلىۋاتاتتى:

بىلىقىز، سەندىن بىر سوئال سورىماقچىمەن، ئائىلەڭ ۋە دوستلىرىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن ۋاقىتلىرىڭنى ئەسلە. سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتلىرىڭنى ئەسلە. بۇنداق چاغلاردا ھۇزۇرۇمنى سەزگەنمىدىڭ؟

شۇنداق، رەب. ئەلۋەتتە سەزدىم.

مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم مانا شۇ يەردە ئەمەسمىدى؟

شۇنداق رەب.

ئۇنداقتا ساڭا مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، ئائىلە ۋە دوستلار بىلەن بولغان ئالاقىلار كۆپ چاغلاردا مۇشۇنداق بولىدۇ. نېمە بوپتۇ، نېمە بولىدىكەن دېگەندەك سوئاللار ساڭا ياراشمايدۇ. سەن پەقەت سۆزۈمگە ئەمەل قىل، نەتىجە قانداق بولىدىكىن دەپ ئەمەس، ھۇزۇرۇمغا مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن تىرىش.

شۇنداق قىلىپ تۇرمۇشۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. بۇ ۋەقەدىن كېيىنكى كۈنلەر مەن ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلھاملىنارلىق ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن تولغان كۈنلەر بولدى. رەب ماڭا

نەتىجە قانداق بولىدىغانلىقىنى سورۇشتۇرمەي، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئىنتىلىشىمنى كۆرسەتكەن كۈندىن كېيىن، كەينى-كەينىدىن مېنى يوقلاپ كەلگەن ئائىلىمىزدىكىلەر ۋە دوستلىرىم بىلەن ئۈمىدسىزلەنمەي قىزىقىپ سۆھبەتلەشتىم. پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىشنى ئۆگەندىم. سۆھبەت مەزمۇنى يا سىياسەت، ياكى كىيىم مودىسى ھەققىدە بولسىمۇ، خۇداغا دۇئا قىلىپ، گەپنى ئەيسا مەسىھكە يۆتكەشنى تەلەپ قىلاتتىم. مەسىلەن، بىر كۈنى قىز جىيەنىم بىلەن سۆھبەتلىشىۋېتىپ، گەپ ئېرىمگە يۆتكەلدى. ئۇ ھازىر ياپونىيەدە ئەلچى ئىدى. جىيەنىم مەنىلىك بىر تەبەسسۇم بىلەن:

— مۇشۇ تاپتا خالىد ئۆيىڭىزگە كەلسە قانداق قىلاتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

مەن كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي:

— ئۇنى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، ئالدىغا چاي قوياتتىم، — دېدىم. جىيەنىم ماڭا سۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەندەك قارىدى.

— ئۇنى ئەپۇ قىلدىم، — دەپ، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قىلغان ئەلەملىرىم ئۈچۈن ئۇنىڭمۇ مېنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بىراق ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئەپۇ قىلدىڭىز؟ جىيەنىم ئېرىمدىن ئايرىلىشىنىڭ ماڭا نەقەدەر تەس كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭغا ئېرىمنى ئۆز ئالدىمغا ئەپۇ قىلالمايدىغانلىقىمنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەيسا مەسىھتىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ:

— ئەيسا مەسىھ ھەممىمىزدىن پۈتۈن يۈكىمىز بىلەن ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. بۇنى بىلەمسەن؟ يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان ئىنتىقام ئېلىش يۈكىنى ئېلىپ تاشلىغان مانا شۇ ئەيسا، —

دېدىم.

جېيەنىم بىردەم زوۋان سۈرمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن بىردىن:

— ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن. بۇنداق سۆھبەتنى داۋاملىق قىلىپ تۇرساق، ئەيسا ھەققىدە ئۆگەنمەكچى بولغانلارنىڭ بىرىنچىسى مەن بولىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى.

جېيەنىمنىڭ گەپنى قايتا بۇ مەسىلىگە يۆتكىشىنى كۈتتۈم، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. يەنە ئۈمىدسىزلىككە چۈشتۈم. بۇنداق كۈنلەردە رەبنىڭ ھۇزۇرىدىن ئاز-تولا مەھرۇم بولاتتىم. ھەر قېتىم شۇنداق بولاتتى. شەيتان مېنى ياخشى گەپ قىلدىڭ، دەپ ماختاپ ئۇچۇراتتى. مەنمۇ پىكىرلىرىمنىڭ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ۋە چوڭقۇر مەنىلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم-دە، بۇنىڭ بىلەن شەيتاننىڭ تورىغا چۈشەتتىم.

بىر كۈنى دوستلىرىمدىن بىرى ماڭا:

— ھەقىقەتنىڭ پەقەت ئۆزۈڭ تۇتقان يول ئىكەنلىكىگە ئىشىنىسەن ۋە بۇ كۆز قارىشىڭدىن ھەرگىز چەتنىمەيسەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى، مۇسۇلمانلار، ھىندىلار، بۇددىستلار، يەھۇدىيلار ھەممىمىز بىر خۇداغا ئېتىقاد قىلىمىز. بۇنى ھېچقاچان يالغانغا چىقىرالمايسەن. دەرۋەقە خۇدانى ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتايمىز ۋە ئۇنىڭغا ھەر خىل ئۇسۇللاردا يېقىنلىشىمىز، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بىرلا خۇدادۇر، — دېدى.

— ئۇنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئاخىرى بىرىپ تۇتۇشىدىغان بىر تاغ چوققىسىغا ئوخشايدۇ دېمەكچىمۇسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ قولىدىكى پىيالىنىڭ چۆشۈپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ، سوئالىمغا شۇنداق دېگەن جاۋابنى بەردى.

— خۇدا بىر تاغ چوققىسىغا ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭغا چىقىدىغان پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ يول ئەيسا مەسىھتۇر. ئەيسا: يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق مەن بولىمەن دەيدۇ. شۇنداق، ئەيسا خۇداغا ئېلىپ بارىدىغان بىرمۇنچە يوللاردىن بىرى ئەمەس، بەلكى بىردىنبىر يولدۇر، — دەپ قوپاللا قوشۇمچە قىلدىم.

دوستۇم پىيالىنى ئۈستەلگە قويۇپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، ئاندىن بېشىنى سىلىكىپ:

— بىلىقىز، يەنىلا كىشىگە نەزىرىڭنى يۇقىرى تۇتۇپ گەپ قىلىشۋاتقانلىقىڭنى بىلىشۋاتامسىمەن! — دېدى.

شۇئان ئالدىمدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ سۆزلىرى ماڭا خۇدادىن كەلگەندەك تەسىر كۆرسەتتى. مەن ئالغا سۈرگەن بۇ كۆز قاراش توغرا ئىدى. ئىنجىل بۇنى تەستىقلايتتى. لېكىن، سۆزلىرىمدە مۇقەددەس روھتىن كەلگەن مۇلايىملىق ۋە مېھىر-مۇھەببەت يېتەرسىز ئىدى. مەن شۇئان دۇئا قىلىپ، خۇدانىڭ مېنى كەچۈرۈشىنى ۋە سۆھبىتىمىزگە داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلىشىنى تىلىدىم.

كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ دوستۇمغا:

— مېنى كەچۈرگەيسەن، — دېدىم، — نەزىرىمنى يۇقىرى تۇتۇپ گەپ قىلغان بولسام، ئەيسا مەسىھنىڭ مەندىن كۆتكىنىدەك گەپ قىلماپتىمەن. ئەيسا مەسىھ ھەققىدە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگەنگىنىمدە خاتا ھەرىكەتلىرىمنى تۈزىتىشىم كېرەكلىكىنى بىلمەي قالىمەن. خۇدا ماڭا ئۆگەتكەندىن شۇنداق نەرسىلەر باركى، ھېلىلا سىزنىڭ ۋاستەڭ ئارقىلىق

ئۇنىڭ مەن بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولغانلىقىنى بىلدىم.

مېھمان ئۆيدىن ئۇزاپ چىققاندا ئۇنىڭ خۇداغا تېخىمۇ يېقىن بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇنى بەلكىم بىلىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، خۇداغا ئەگىشىپ ماڭغان ھەر قەدىمىمدە رەبنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىپ مېڭىۋاتاتتىم.

بىر كېچە يەنە بىر قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەردى. يېتىشقا تەييارلىنىۋاتقىنىمدا بىردىنلا ياتاق ھۇجرامنىڭ دېرىزىسىدە يامان بىر مەخلۇقنىڭ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇئان قۇتقۇزغۇچىم خىيالىمغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن دېرىزىگە يېقىن بارما دېگەن بىر ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىدىم. مەن دەرھال يەرگە باش قويۇپ، چۈجىلىرىنى قانات ئاستىغا ئالغان مېكىياندەك خۇدانىڭمۇ مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشى ئۈچۈن يېلىنىپ دۇئا قىلدىم. شۇئان رەبنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئۈستۈمگە بىر توندەك يېپىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئورنۇمدىن تۇرسام ھېلىقى يامان مەخلۇق غايىب بولغانىدى.

ئەتىسى ماشىنامغا ئولتۇرۇپ مىچەل ئەپەندىلەرنىڭكىگە باردىم. ھاۋا ئىسسىق ئىدى، بىراق تېنىم تېخىچە جۇغۇلدايتتى. ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ، ئاخشام بولغان ئىشلارنى ئۇلارغا ئېيتايمۇ، ئېيتمايمۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.

سىننوۋې مېنى ئىشىكتىلا قۇچاقلىدى. ئۇ مېنى ئىچكىرىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرىدىن مەندىن بىر نەرسە سورىماقچى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە بولدى، بېلىقىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بىر كىشى ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن داۋاملىق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن

ئۆتكۈزىدۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ مېنى مېھمانخانىسىغا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەيران قىلغۇاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەنمىدىم، بىرى سىزنى قورقۇتۇۋاتامدۇ؟
— بىر كىشى ئەمەس، بىر روھ — دېدىم.
— دېمەك! — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئۇ ۋە ئىنجىلنى قولىغا ئالدى، يەنە ئولتۇرۇپ كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى.
— بۇ يەردە «ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت»نىڭ ئالتىنچى بابىدا شۇنداق ئىشلار ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان، دېدى ئۇ ۋە ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«بىز قان بىلەن گۆشتىن تۆرەلگەن ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى روھلار دۇنياسىدىكى ھۆكۈمرانلارغا، ھوقۇقدارلارغا، بۇ قاراڭغۇ دۇنيانىڭ كۆرۈنمەس ھۇقۇقلىرىغا ۋە باشقا يامان روھىي كۈچلەرگە قارشى جەڭ قىلىۋاتىمىز».

ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭا قارىدى.
— دېمەك شۇنداق بولسا كېرەك، — دەپ ئاخشامقى ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ خىيالغا چۆككەن ھالدا بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:
— بۇ مەسلە ھەققىدە نېمە ئۈچۈن ئولىد ئەپەندىلەر بىلەن سۆزلەشمىدىڭىز، كۆرمەيسىز، — دېدى.
— ئەمدى بۇ مەسلە ئۈستىدە سۆزلىشىشنىمۇ خالىمايمەن، — دېدىم مەن تىترىككەن ھالدا سوغۇق كۈلۈپ.
بۇ كېچە ئولىد ئەپەندىلەر بىلەن جەم بولغاندا يەنىلا شۇنى خىيال قىلىپ ئولتۇردۇم. بۇ مەسلىنى ئوتتۇرىغا

قويماقچى ئىدىم، لېكىن ئۆزۈمنى بىر دۆت دەرىجىسىگە چۈشۈرۈشنى خالىمىدىم.

ئوتنىڭ ئالدىدىكى كرسلودا ئولتۇرۇپ مەرى ئولد بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باشلىغاندا گەپنى تەشتىم، مەن خۇش ياقمىغاندەك قىلىپ:

— مەرى، ئاخشام غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە بولدى، — دېدىم.

مەرىنىڭ ئېرى كەن ئادەتتىكىدەك راھەتلىنىپ بىزنىڭ كەينىمىزدىكى دېرىزىنىڭ يېنىدا بىر ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلىغان ھالدا كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، كىتابنى بىر يانغا قويۇپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە سۆزۈمنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، تەمكىن قىياپەتتە بولغان ۋەقەنى سورىدى.

مەن سۆزلەپ ۋەقەنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە زورغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يېرىم كېچىدە كۆپرەك تاماق يەۋەتكەن ئوخشايمەن، — دېدىم.

— خۇدا يول قويغان ئىشلارنى سەل چاغلىماڭ، بۇنىڭغا ئوخشاش پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەر بولىدۇ، — دېدى كەن تەمكىن ھالدا. ئۇ كرىسلونى ئايلىنىپ ئالدىمىزدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۇس ئالغانىدى.

ئۇ يامانلىقنىڭ پەۋقۇلئاددە شەكىلدە ئاشكارىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە توختالدى. خۇدا بىزگە بىر تەجرىبە بولسۇن دەپ بۇ ئاشكارە يامانلىقنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويغانمىش. تەۋراتتا بۇ ھەقتە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: خۇدا شەيتاننىڭ «ئەييۇپ» پەيغەمبەرگە ھۇجۇم قىلىشىغا يول

قويدى. كېيىن ئەيسا مەسىھنىڭ چۆلدە سىنىلىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلمىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى سىناق توغرىسىدىكى مىساللار بولۇپ، ھەر ئىككى ۋەقەدە شەيتاننىڭ ھۇجۇمىنىڭ نىشانى بولغان كىشىلەر خۇداغا بولغان ئىشەنچلىرى ۋەجىدىن شەيتان ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانىدى. چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىمدىن ئىككى كۈن ئىلگىرىكى ھۇجۇمنى ئەسلىدىم.

مەنمۇ بۇنداق ئىشلارغا ئاستا-ئاستا ئۆگىنىپ قېلىۋاتاتتىم. كەنىنىڭ كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان تەلىملىرىنى ئاڭلاشتىن ئىلگىرى رەبنىڭ ھاياتىمدا ئاللىبۇرۇن يېڭى بىر ئىشنى باشلىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇ ئىش شۇكى مېنى تېخىمۇ يالغۇز قالدۇرۇش، ئەمما يالغۇزلۇق ھېس قىلغۇزماسلىق، ئائىلەمدىن مۇناسىۋىتىمنى تېخىمۇ ئۈزۈۋېتىش، ئەمما مېنى قوللايدىغان ئۇلۇغ چوڭ بىر ئائىلىگە مەنسۇپ قىلىش، مەن مۇھىم دەپ قارىغان ۋاھ يېزىسىدىكى يىلتىزىمنى قومۇرۇپ تاشلاش، ئەمما خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش ئىدى.

مانا كەلگۈسى كۈنلەردە ماڭا دۇچ كېلىدىغان سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشىم ئۈچۈن خۇدا مېنى پەقەت ئۆزىگە تايىنىدىغان ئەھۋاللارغا كۆپ قېتىملاپ دۇچ كەلتۈرگەنىدى.

11

# ئۆزگەرگەن ۋەقەلەر

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنى بىز دۇئا-تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن يەنە جەم بولغىنىمىزدا كەلگۈسى كۈنلەردىكى يالغۇزلۇقۇمنىڭ دەسلەپكى بەلگىلىرىگە دۇچ كەلدىم. ئۇ كېچە ئۇلد ۋە مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ماس كەلمىگەن بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇلارنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ:

— بىرەر يامان ئەھۋال بولدىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم.

كەن بېشىنى سىلكىپ كۆزلىرىنى ئۆينىڭ تورۇسىغا تىكتى. كېيىن بىردىنلا:

— مەرى بىلەن ئىككىمىز دۆلىتىمىزگە بىر يىللىق قايتماقچى بولدۇق، — دېدى.

ئۇلارنىڭ مېنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق ئۆكۈندۈم. ئولد ئەپەندىلەر كەتسە، قانداق قىلىمەن؟ دەرۋەقە مىچەل ئەپەندىلەر كەتمىسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى ئائىلە مېنىڭ ئارقا تىرىكىم ئىدى. باشقا ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى بىلەن مېنى بىرىنچى قېتىم تونۇشتۇرغان مىچەل ئەپەندىلەر ئىدى. ئولد ئەپەندىلەر بولسا ھەمىشە يولباشلىغۇچۇم بولغانىدى. بۇ پەقەت بىر باشلىنىشمىدۇ؟ بەلكىم ئاز ۋاقىتتىن كېيىن مىچەل ئەپەندىلەرمۇ كېتىشى مۇمكىندۇ؟

مەرى كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، يېنىمغا كېلىپ قولۇمنى تۇتتى. ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ:

— بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك، قەدىرلىكىم. يېقىن كىشىلىرىمىز ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزدىن ئايرىلىدۇ. بىز بىلەن مەڭگۈ

بىللە قالدىغان پەقەت ئەيسا مەسىھتۇر، — دېدى.

كەنمۇ يېنىمغا كېلىپ:

— يەنە بىر ئىش بار، بىلىقىز، — دېدى، — خۇدا سىزنى سىز ياشاۋاتقان خاتىرجەم مۇھىتتىن مەھرۇم قىلسا، شۇبھىسىز مەلۇم بىر مەقسەت بىلەن شۇنداق قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىز لازىم. ھازىر خاپا بولسىڭىزمۇ، شۇ ۋەجىدىن خۇشال بولۇشىڭىز كېرەك.

ئۇلىد ۋە مىچەل ئەپەندىلەر بىلەن پەقەت بىرنەچچە ھەپتىلا بىللە بولالايتتۇق. خۇشلىشىش كۈنى يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا مېنى بىر بىئاراملىق ئىلكىگە ئالغانىدى. كەن ۋە مەرىنىڭ بىزدىن ئايرىلىشى بىلەن پەيدا بولغان بوشلۇقنى ياخشى چۈشەنچىلەر بىلەن تولدۇرۇشقا تىرىشاتتۇق. لېكىن يەنىلا بوشلۇق ھېس قىلاتتۇق. ھەقىقەتنى يوشۇرالمايتتۇق.

ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىدىن بىرنەچچەيلەن ئۇلىد ئەپەندىلەرنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن خۇشلاشقان كۈنىمىز كۆڭۈلسىز بىر كۈن بولدى. بىز ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئايرىلىشنى خۇشاللىقتا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەننى قىلدۇق. لېكىن، ھەقىقەتەن يۈرىكىمىز ئېزىلىۋاتاتتى. ئۇلىد ئەپەندىلەر بىزدىن ئايرىلمىدى، بەلكى بىز ئۇلارنى ئۇزاتتۇق. دەپ چۈشىنىشكە تىرىشتۇق.

شۇنداقتىمۇ بوشلۇق يەنىلا بوشلۇق ئىدى. ئۇلىد ئەپەندىلەرنىڭ يۈك-تاقىسىنى باسقان ماشىنا چوڭ يولغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ھاياتىمىزدا بىرگە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ قىممەتلىك كۈنلەرنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىمىز ھەممىمىزگە ئايان ئىدى.

ئۇ كۈنى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگىنىمدە ئىچىمدە ئاجايىپ بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى. ماڭا دۈشمەنلەرچە قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا گويا يالغۇز قالغاندىم. بۇ نىمىدېگەن

بىمەنە بىر چۈشەنچە! مىچەل ئەپەندىلەر ھېلىمۇ ۋاھ يېزىسىدا ئولتۇرىدىغۇ؟

يالغۇزلۇقتا كۆنۈش بىلەن يەنە بىر نەرسىنى ئۆگىنىۋالدىم. ئولىد ئەپەندىلەر كەتكەندىن كېيىن بىر ئەتىگەنلىكى دوكتور دانىيەل باكىش تېلېفون قىلدى. ئۇ ئەيسا مەسىھ يولىدا ياردەم بېرىش تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى بولغان دوكتور ستەنلىي مۇنىيھەم ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن مېنى زىيارەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ تەشكىلاتتىن ئانچە خەۋىرىم يوق ئىدى، لېكىن ئىشىكىم ھەممە كىشىگە ئوچۇق ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئىككىيلەن كەلدى. تاماقتىن كېيىن دوكتور مۇنىيھەم سۆز باشلىدى. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە قىزىققان بىر كىشى ئوخشايدۇ. شۇنداق، ئۇ ھاياتىمدىكى ئۆزگىرىشكە قىزىقاتتى، لېكىن ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان ماڭلا ئەمەس، ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىدىغان خىزمەتچىمگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى سەزدىم. ئۇ چاي ئىچكەچ سۆز ئاچتى.

— ئەيسا مەسىھكە قانداق ئېتىقاد قىلغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن سىنگاپورغا بارالارسىزمۇ، شەيخ خانىم؟

— سىنگاپورغىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ يەردە «ئەيسا مەسىھ ئاسىيانى ئىزدەيدۇ» دېگەن نامدا يىغىن بولماقچى. بۇ، ئاسىيادىكى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ئۈچۈن، يەنى ھىندونېزىيەلىكلەر، ياپونلار، ھىندىلار، كورىيىلىكلەر، جۇڭگولۇقلار ۋە پاكىستانلىقلار ئۈچۈن تەييارلانغان بىر يىغىن، سىزنىڭ ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا بېرىدىغان گۇۋاھلىقىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئىلھاملاندۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەن بىرىشنى خالىمايتتىم. دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىگە بېرىپ نېمە قىلاتتىم؟ بۇ يەردە، يەنى ۋاھ يېزىسىدا قىلىدىغان ئىشلىرىم يېتىپ ئاشاتتى.

— بىر قارارغا كېلىشتىن ئاۋۋال دۇئا قىلىپ ئويلىناي، — دېدىم. دوكتور مۇنىيەھەم:

— بولىدۇ، ئويلىنىڭ، — دېدى ۋە بىرئازدىن كېيىن خوشلىشىپ قايتتى.

خېلىدىن كېيىن ۋەدە قىلغىنىمدەك، پىشايۋىنىمدا ئولتۇرۇپ، بۇ تەكلىپ ھەققىدە ئوبدان ئويلىنىپ دۇئا قىلدىم. بىر تەرەپتىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشىم كېرەك، دەپ ئويلىسام، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق چۈشەنچىلەرگە يول بەرمەسلىكىم كېرەك، دەپ ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم.

ئويلاپ ئولتۇرۇپ بىر نەرسە ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن پاسپورتۇمنىڭ مۇددىتى توشۇپ كەتمىگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. دەرۋەقە پاسپورتۇمنىڭ مۇددىتى ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. سىنگاپورغا بېرىش ئۈچۈن ئۇنى يېڭىلاشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ كۈنلەردە پاكىستاندا پاسپورت ئېلىش ئۈچۈن سانسىز ئىلتىماسلارنى يېزىشقا توغرا كېلەتتى. ئەھۋال قىيىن ئىدى. بەزى كىشىلەر پاسپورتلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن تاپشۇرغان بولسىمۇ، تېخىچە قولىغا ئالمىغانىدى.

پاسپورت مەسىلىسىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولسا، دۇئايىمنىڭ ئىجابەت بولۇشىمۇ شۇنداق بولاتتى. خۇدا سىنگاپورغا بېرىشىمنى خالىسا، پاسپورت مەسىلىسىنى ئاسان ھەل قىلىپ بېرەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كېرەكلىك ئىلتىماسلارنى يېزىپ پاسپورتىمنى پوچتىدىن يوللىدىم. كونۋېرتنى پوچتا ساندۇقىغا سېلىۋېتىپ، پاسپورت ئىشىنىڭ سىنگاپورغا بېرىشىمغا

توسالغۇ بولدىغانلىقىنىمۇ ئويلىدىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن رەسمىي شەكىلدىكى ھۆكۈمەت كونۋېرتى كەلدى.

ئۆز-ئۆزۈمگە كۈلۈمسىرىدىم. ھەر ھالدا پاسپورتۇمنى يېڭىلاش ئۈچۈن يېزىشقا تېگىشلىك يەنە بىرمۇنچە ئىلتىماسلارنى تەلەپ قىلغان بولسا كېرەك. بۇ ئىش جەزمەن بىرنەچچە ئايغا سوزۇلىدۇ، دەپ ئويلىدىم. كونۋېرتنى ئاچتىم. ئىچىدە يېڭىلىنىپ تامغا بېسىلغان پاسپورتۇم تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئائىلە ياشلىق ماخمۇد بىلەن خوشلىشىپ لاھورغا باردىم. ئۇ يەردە ئوغلۇم خالىتلارنىڭكىدە ئاز ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن سىنگاپورغا باردىغان ئايروپىلانغا چۈشۈش ئۈچۈن كاراچى شەھىرىگە باردىم. 1968-يىلى كىردى. ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغىنىمغا بىر يېرىم يىل بولغانىدى. خالىتمۇ پۈتۈن ئائىلەمدىكىلەرگە ئوخشاش مەن مۇيەسسەر بولغان يېڭى ھاياتقا ئەكسىچە قارايتتى. مېنى ئۆزى چۈشەنمەيدىغان بىر ساياھەتكە چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان 48 ياشلىق بىر ئايال دەپلا ئويلايتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئانىسى بولغاچقا ئۇ يەنىلا مېنى ھۆرمەت قىلاتتى. بىز بۇ يەردە بىرنەچچە كۈننى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق.

كېيىن كاراچى شەھىرىدە ئايروپىلانغا چۈشۈۋاتقاندا قانداق بىر ئىش ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىمنى يەنە بىر قېتىم ئويلىدىم. بەلكىم خالىت توغرا ئېيتقاندۇ. سىنگاپورغا كېتىۋاتقان بۇ ئايروپىلاندا مەن نېمە قىلاتتىم؟ دەيتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە،

— ياق رەب، ياق! ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسىچۇ! مېنى قانداق كۈنلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ؟

ۋاھ يىزىسىدا ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولۇپ ياشاشقا ئاساسىي جەھەتتىن كۆنۈپ قالغانىدىم. ئۇ يەردە قانداقلا بولمىسۇن تۇرمۇشۇمنى قانداق ئۆتكۈزىمەن دېسەم شۇنداق ئۆتكۈزەلەيتتىم. ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولۇش مەن ئۈچۈن بىر خۇشاللىق ئىدى ۋە بۇ خۇشاللىقنى پەقەت ئۆزۈم خالىغان بىر شەكىلدە باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشالايتتىم. يۈزلەرچە، بەلكىم مىڭلارچە مەن تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆزۈمنى كۆرسىتىشنى ھەرگىز خالىمايتتىم.

ئايروپىلان كۆتۈرۈلگەندە ئەينەكتىن قارىدىم. پاكىستان بارغانسېرى بىزدىن يىراقلىشىپ، تۇمان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولۇۋاتاتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بۇ يول بىلەن قايتىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. شۇنداقتىمۇ گويا ئىچىمدە بىر ئاۋاز ماڭا بۇنىڭ پەقەت بىر باشلىنىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى.

سىنگاپور ئايرودرومىدىن ئۇدۇل يىغىن بولىدىغان ئورۇنغا باردىم. ئۇ يەردە توپلانغان ئەيسا ھەسىھ ئېتىقادچىلىرىغا نىسبەتەن ئىچىمدە پەيدا بولغان ھېسسىياتلار ئايروپىلاندىكى ھېسسىياتلاردىن باشقىچە بولدى.

يىغىن زالىغا مىڭلىغان ئەر-ئايال توپلانغانىدى. شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق جەم بولغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. بىز زالغا كىرگەندە ھەممەيلەن «نېمىدېگەن ئۇلۇغسەن، ئى رەب» دېگەن مۇناجاتنى ئوقۇۋاتاتتى. مۇقەددەس روھنىڭ ھۇزۇرىنى ھەر ۋاقىتتىكىدىن كۈچلۈك ھېس قىلدىم. شۇ چاغدا خۇشاللىقىمدىن يىغلىۋەتكۈدەك بولدۇم. ئۇ كۈنگىچە خۇدانى بىر ئىغىزدىن مەدھىيىلىگەن بۇنچە كۆپ ئادەمنى

كۆرمىگەندىم. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن نېمدېگەن كۆپ ئادەم. ھەر خىل ئىرقلار، خىلمۇخىل كىيىملەر! زالغا لىق تولۇپ خۇداغا ھەمدۇ-سانا ئوقۇۋاتقانلار، نېمدېگەن كۆپ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى!... مانا بۇ مەنزىرىنى تەستە چۈشەندىم. كەلگۈسى كۈنلەردىكى ھاياتىم مانا شۇنداق جامائەت ئىچىدە بولسا، بۇنىڭغا چىن قەلبىمدىن رازى ئىدىم.

بىراق، ھازىر مېنى بىئارام قىلىۋاتقان بىرلا نەرسە، مىڭلىغان كىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قانداق سۆز قىلارمەن، دېگەن ئەندىشە ئىدى. ۋاھ يېزىسىدىكى تونۇشلۇق كىشلەرگە تەجرىبىلىرىم ھەققىدە سۆزلەپ بېرىش بىر مەسىلە، بۇ يەردە نۇتۇق سۆزلەش بولسا، باشقا بىر مەسىلە ئىدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى قىتئەسىدىن توپلانغان مەن تونۇمايدىغان بۇ كىشلەرنىڭ ئالدىدا سۆزگە چىقىشقا ئۆزۈمگە ئىشەنچىم يوق ئىدى.

دەرھال مېھمانخانىغا قايتىپ بېرىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم. ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغان سىنگاپور شەھىرىگە دېرىزەمدىن نەزەر سالدىم. سىنگاپور لوندون ۋە پارىژدىن شۇ قەدەر پەرقلىنەتتىكى، كىشلەر كوچىلاردا قىستىلىشىپ ماڭاتتى. سەييارە مال ساتقۇچىلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ماللىرىنى ماختىشاتتى ۋە توختىماي سىگنال بەرگەن ماشىنىلار قالايمىقانچىلىق ئارىسىدا يول تېپىپ ئاران مېڭىشاتتى. بۇ ئادەم توپى يىغىن زالىدىكىگە ئوخشاش مېنى بىئارام قىلاتتى. گويا ماڭا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەن پەردىلەرنى چۈشۈرۈپ ئۆينىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ، يەردە ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم.

— يا رەب، سېنىڭ كىشىگە ئىلھامبەخش ئېتىدىغان

روھىنىڭ قەيەردە؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

بىردىن خىيالىمغا كىچىك ۋاقتىمدا بولغان بىر ئىش كەلدى: مەن كىچىكلىكىمدە ۋاھ يېزىسىنىڭ بازىرىدا دادام بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەندە، دادام مېنى يېنىدىن ئايرىلماسلىقنى ئاگاھلاندۇراتتى، لېكىن مېنىڭ ھەمىشە ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگۈم كېلەتتى. بىر كۈنى شۇنداق قىلدىم، بىر گۈل يايمىسى دىققىتىمنى تارتىپ، ئۇ يەرگە يۈگۈرۈپ باردىم. بىردىن دادامنىڭ يېنىمدا يوقلۇقىنى سەزدىم. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي يىغلاشقا باشلىدىم. جىنىم دادا، قېنى سىز؟ ئەمدى ئىككىنچى سىزدىن ئايرىلمايمەن! دېگەن سۆزلەر ئاغزىمدىن چىقىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئورۇق، ئېگىز بويى كىشىلەر توپى ئارىسىدىن مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا يەنە مۇيەسسەر بولغاندىم! شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشتىن باشقا نەرسىنى خالىمايتتىم.

مېھمانخانا ياتىقىدا ئولتۇرۇپ، ئەرشتىكى ئاتامدىن يەنە ئايرىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. قايغۇغا چۆمگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ كىشىگە ئىلھامبەخش ئېتىدىغان ھۇزۇرىدىن مەھرۇم قالغاندىم. خۇداغا ئىشىنىش بىلەن غەم-قايغۇنىڭ چىقىشالمايدىغانلىقىنى قاچانمۇ ئۆگىنىۋالارمەن؟ كرىسلودا ئولتۇرۇپ بىردىنلا كۆڭلۈم جايىغا چۈشكەندەك بولدى. چۈنكى مەن يەنە خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا مۇيەسسەر بولغاندىم، خۇشاللىقتىن كۆزلىرىمدىن ياشلار چىقىپ كەتتى.

رەھمەت ساڭا، ئى ئاتا، سەندىن ئايرىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرگىن. بۇ يەردە ۋە يىغىن زالىدا سەن مەن بىلەن بىللە، شۇڭا مەن قورقمايمەن.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن مېھمانخانىنىڭ دەم ئېلىش زالىدا تۇراتتىم. توساتتىن بىرى قولۇمنى تۇتتى ۋە تونۇش بىر

ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بىشىمنى كۆتەرگىنىمدە دوكتور مۇنىيھەم بىلەن كۆزىمىز دوقۇرۇشۇپ قالدى.
— خۇش كېلىپسىز، شەيخ خانىم. دوكتور مۇنىيھەم مەن بىلەن كۆرۈشكىنىگە بەكمۇ خۇشال بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خىيالىمدىن ئۆتۈۋاتقانلارنى ئويلاپ تاپقاندەك سورىدى:
— سۆزگە چىقىشقا تەييارمۇسىز؟
— مەندىن ئەنسىرىمەڭ، سۆزلەيمەن، چۈنكى رەب بۇ يەردە، — دېدىم مەن كۈلۈمسىرەپ.
دوكتور مونىيھەم چىرايىمغا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن قاراپ كەتتى. بەلكىم سۆزلىرىمنىڭ قانداق مەنە بېرىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتسا كېرەك. ئۇ سۆزلىرىمنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشنى خالايتتى، گويا كۆزلىرى بىلەن روھىمنىڭ چوڭقۇر سىرلىرىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىپ:
— ياخشى، ئەتە ئەتىگەندە سىزگە نۆۋەت كېلىدۇ، — دېدى ۋە قولىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ،
— بىرمۇنچە كىشىلەر سىزنى دۇئالىرى ئارقىلىق قوللايدۇ، — دېدى.
دوكتور مۇنىيھەم خاتا ئېيتمىغانىدى. ئەتىسى يىغىن زالىدىكى مىڭلىغان كىشىنىڭ ئالدىدا خۇدانىڭ مېنى قانداق تاللىغانلىقىنى سۆزلەۋاتقىنىمدا ئىچىمدىكى بۇ ئىشەنچ ھېسسىياتى قىلچىمۇ ئاجىزلاشمىدى. نۇتۇق سۆزلەشتە ئانچە قىينالمىدىم. سۆزلىرىم قولاشماي تەمتىرەپ قالغان چاغلىرىمدا خۇدا مەن بىلەن بىللە بولدى. مەن سۆزلەۋاتقاندا، خۇدا ماڭا ئىلھام بەردى ۋە ئەمەلىيەتتە سۆزلەۋاتقان ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. سۆزۈم ئاياغلاشقاندا خۇرسەنلىككە تولغان كىشىلەر ئەتراپىمنى ئورىۋېلىشتى. ئۆزۈمنى رەبنىڭ يېڭى بىر ئىشىدا بىرىنچى قەدەمنى

تاشلىغاندەك ھېس قىلدىم.

رەب ھاياتىمدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىشىمغا يول ئېچىپ بەرگەندى. مېنى دوكتۇر كرىستى ۋىلسون بىلەن تونۇشتۇردى. ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل ئەپەندى بولۇپ ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھىرىدە چەتئەللىك ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى قاتناشقان بىر جەمئىيەتنىڭ دىنىي رەھبىرى ئىكەن. ئۇياق قىلغان ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە ئۇنىڭ بىلەن رەبنىڭ روھىدا بىر بىرلىك بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئاخىرىدا پۈتۈن يىغىن ئاياغلىشىپ، ۋاھ يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتىم. بۇ سەپەردە يەنە رەب گويا ماڭا كەلگۈسى كۈنلەردىكى ئىشلارنى كۆرستىپ بەرگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن قىلىشىمغا تېگىشلىك ئىشنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىشىم ئۈچۈن مېنى سىنگاپورغا ئېلىپ بارغانلىقىنى سەزدىم.

مەن ئۆز ئۆزۈمگە، قانداقلا بولمىسۇن مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ نۇقتىسى يەنىلا ۋاھ يېزىسىدا بولىدۇ، دېدىم. ماڭا ئاتا-بوۋامدىن قالغان ئازادە ۋە خاتىرجەم ئۆيۈمدىن ئارىلاپ-ئارىلاپ سەپەرگە چىقىش ھەر ھالدا ئانچە تەس بولمايتتى.

لېكىن، ماشىنام چوڭ يولدىن باغ-بوستانلىق ئۆيۈم تەرەپكە بۇرۇلغاندا، ماڭا روھ توغرىسىدىكى بىلىمگە ئىگە قىلغان بەزى ۋەقەلەرنىڭ ئىشەنچىمنى يەنە بىر قېتىم تەۋرەتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم.

# تىرىلغۇ مەزگىلى

يەنە بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدىم. مىچەل ئەپەندىلەر ۋاقتىنچە بىزدىن ئايرىلىپ، خىلى ئۇزۇندىن كېيىن قايتىپ كېلىدىكەن.

سىنگاپورغا قىلغان سەپىرىمگە بىر يىل بولغانىدى. بۇ يەردىكى ئەر-ئايال ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى بىلەن مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇراتتىم. بۇ داۋىد ۋە سىننوۋېنىڭ بىزدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى ئاخىرقى يىغىلىش ئىدى. بىز كۆڭۈلسىز ئولتۇراتتۇق. خۇداغا مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن بۇ پاكار پېشايۋانلىق ئۆيگە تارتىنچاقلىق بىلەن بىرىنچى قېتىم كەلگەن كۈنۈمنى ئەسلىدىم. ئەنە شۇ كۈندىن بۇيان نىمە ئىشلار يۈز بەرمىدى! ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولغان دەسلەپكى كۈنلىرىمدە ماڭا ئىنتايىن يېقىنچىلىق قىلغان بۇ ئىككى كىشىنىڭ، يەنى ئېگىز بويلۇق، چاچلىرىغا ئاق سانچىغان داۋىد ۋە ماڭا دائىم دۇئا قىلىپ تۇردىغان سەممىي سىننوۋېنىڭ چىرايىغا قارىدىم.

بىز مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك چىمەنلىكتە خوشلىشىۋېتىپ مەن ئۇلارغا:

— سىلەرنى قانچىلىك سېغىنىدىغانلىقىمنى، شۇنىڭدەك روھىي جەھەتتىكى ئورتاقلىقىمىزدىن مەھرۇم قېلىشقا قانداق چىدىشىمنى بىلمەيمەن، — دېدىم.

— بەلكىم رەب سىزگە بۇ ئورتاقلىققا تايانماي ياشاشنى ئۆگىتەر، رەب ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ تولۇق ئىشەنچكە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ، — دېدى سىننوۋې.

بۇ سۆزلەرنىڭ توغرىلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن، يەنىلا

قېيىن شارائىت ئىچىدە ياشانى ئانچە خالىمايتتىم ۋە بۇنى سىنوۋېگە ئېيتتىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە خالىمايسىز بىلىقىز خانىم، ئانىنىڭ ئىلىلىق قوينىدىن ئايرىلىشنى كىم خالىسۇن، ئالدىمىزدىكى بېكىنىلىقلارغا قاراڭ، — دېدى.

سىنوۋي كونا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئىشىكنى ياپتى. ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىمنى تىقىپ ئۇنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىدىم. ئاندىن ماشىنا مېڭىپ كەتتى ۋە بىز تۇرغان يەردىن، يەنى ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئوفىتسىرلارنى يوشۇرۇپ قالدىغان، ئادەم يوقتەك كۆرۈنگەن بۇ ئاق ئۆيلەردىن ئۇزاقلىشىپ، چاڭ توزۇتۇپ دوقمۇشتىن ئەگىپ كۆزدىن غايىب بولدى. بېكىنىلىق دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟ مەن بىر مۇسۇلمان شەھىرى ئىچىدە ئىگە-چاقىسىز بىر ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولۇپ قالغانىدىم! بۇ يالغۇزلۇققا چىدىيالامدىم؟

ئاردىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتتى. ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇ ۋاقىتلار ئىچىدە سىنوۋي ماڭا ۋەدە قىلغان بېكىنىلىق ئۇنداق قىزىقارلىق بىلىنمەيۋاتاتتى. مەن سېغىنغان كەن بىلەن مەرىنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى ھېس قىلىشىمۇ ناھايىتى تەسكە توختىغانىدى. ھەر يەكشەنبە ئاخشىمى ئېتىقادچىلارنىڭ يىغىلىشلىرى داۋاملىشاتتى. بىر ھەپتە بىرىمىزنىڭكىدە، يەنە بىر ھەپتە يەنە بىرىمىزنىڭكىدە بولاتتى. ئولدا ئەپەندىلەر ۋە مىچەل ئەپەندىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن يىغىلىشلىرىمىزمۇ سۇغا چىلىشىپ قالغانىدى.

ئالدىنقى بىر يىغىلىشتىن كېيىنكى بىر ئاخشىمى سۇس كەيپىياتتا ئولتۇراتتىم، تۇساتتىن ئەقلىمگە بىر پىكىر كەلدى.

ئارىمىزغا يېڭى كىشىلەر قوشۇلمىسا، بۇ كىچىك يىغىلىشلىرىمىز روھىي ئوزۇق يېتىشمەسلىكتىن ئاجىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. بۇ چۈشەنچە كاللامدا شەكىللەنگەنسېرى ھاياجىنىم تېخىمۇ كۈچىيەتتى. ئەجەبا، ئارىمىزغا يالغۇز دوختۇرلار، ئىنژېنېرلار ۋە ئەيسا مەسىھ تەرغىباتچىلىرىلا ئەمەس، خالىغان ھەرقانداق كىشى قاتناشسا نېمە بولاتتى؟ مەيلى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، كوچا سۈپۈرگۈچىلەر ۋە تۆۋەن تەبىقە ھېسابلانغان كىشىلەرنىمۇ بۇنداق يىغىلىشقا دەۋەت قىلساق نېمە بولاتتى؟ بۇ ئوي-پىكرىم ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇنداق بولغاندا ھەر ھالدا بۇ يەردە داۋاملىق جەم بولالايتتۇق. بۇ پىكرىمنى باشقا ئېتىقادچىلارغا ئېيتقىنىمدا ئاۋۋال ئۇلار قارشى چىقتى، لېكىن كېيىن بىرئاز گۇمان بىلەن قوبۇل قىلدى. بىز شۇنداق قىلىشقا ۋەدىلەشتۇق. مەن يەكشەنبە ئاخشىمى ئۆيۈمدە ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ئۆتكۈزىدىغان بىر يىغىن بولىدۇ، دەپ ئەتراپقا خەۋەر تارقاتتىم ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزى كىشىلەرنى شەخسەن تەكلىپ قىلدىم.

كەلگەنلەرنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران قالدىم. بىرمۇنچە كىشىلەر راۋالپىندى شەھىرىدىن كەلگەنىدى، خەۋەر ئۇ يەرگىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ! ئۈمىد قىلغىنىمدەك، كەلگەنلەردىن بەزىلىرى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى ئەمەس ئىدى. يەنە بىرمۇنچىلىرى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىدەك خۇدانى تونۇشقا دائىر بىلىم ئېلىش ۋە روھىي جەھەتتىكى ئوزۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. كونا ئەزالار يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق. مۇناجاتلار ئېيتىشتۇق، دۇئا-تىلاۋەت قىلدۇق. يىغىلىشقا كەلگەن خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە دۇكان خادىملىرىنىڭ روھىي جەھەتتىكى

ھاجەتلىرىدىن چىقىشقا تىرىشتۇق.

ئۈزۈن ئۆتمەي يەكشەنبە ئاخشاملىرى بولىدىغان بۇنداق يىغىلىشلىرىمىزدا بىر يېڭىلىق مەيدانغا كەلدى. بۇ كىچىك جامائەتچىلىكنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بولغان بىزلەر رەب بىزگە كۆرسەتكەن نىشاندىن قىلچە ئېغىشماسلىق ئۈچۈن نەچچە سائەتلەپ خۇدانىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ دۇئا قىلاتتۇق. كېيىنكى چاغلاردا بەزى كىشىلەرنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەيسا مەسىھكە دەسلەپ ئېتىقاد قىلغان بىر ياش تۇل ئايال بار ئىدى. ئۇ كۆزياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ئىچىنى ئېچىشتۇرىۋاتقان دەرد ۋە يالغۇزلۇقنى چۈرىۋېتىپ، ئەيسا مەسىھنى قۇتقۇزغۇچىم دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. ئۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان بىر بىچارە بولسىمۇ، ئەمدى خۇدانىڭ ئۈمىدۋار بىر پەرزەنتى بولدى. يەنە ئۈزۈن ئۆتمەي بۇ يەرگە يېقىن بىر رېمونتخانىدا ماشىنا رېمونت قىلىدىغان بىر كىشىمۇ خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئىلتىپات قىلغان نىجاتلىقىغا مۇيەسسەر بولدى. كېيىن بىر خىزمەتچى خادىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كوچا سۈپۈرگۈچىمۇ شۇنداق بولدى.

مانا بۇلار مېنىڭ ئۆيۈمدە بولغان ئىشلار ئىدى. لېكىن، ئائىلەمنىڭ كۆز قارىشى بويىچە مەن ئائىلىمىزنىڭ شان-شەرىپىنى يەرگە ئۇرغاندىم. ئائىلەمنىڭ بۇنىڭغا قاچان بىر ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى كۈتەتتىم. لېكىن، شۇ كۈنگىچە ھېچكىم ماڭا يېقىن يولىمىدى. ئائىلەم يۈز بەرگەن ئىشلارغا قارىتا تېنىچ مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى پېشايۋاندا ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن بىر مەرمەر پارچىسىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، بىر تال سۆڭىكىمگە دەز كەتتى. ئائىلەمدىن

ھېچكىم يوقلاپ كەلمىدى. ئۇلار پەقەت تېلېفون قىلىپلا قويۇشتى. ھەر ھالدا تېلېفون بولسىمۇ قىلىپ قويغانىدى!

ئائىلەمنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىش ئارقىسىدا ئاستا-ئاستا شەكىللەنگەن ئېتىقادىمغا قارشى كۆرسەتكەن دۈشمەنلىكى بېسىلىپ قالغانىدى. لېكىن، مەن يەنىلا ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ھېسابلىناتتىم. مەن يەنىلا باشقا كىشىلەرگە سىر بەرمەيدىغان، ماڭا تەئەللۇق يەر-زېمىن ۋە باغچىنى پەقەت ئۆزۈمگە قارىتىۋالغان بىر كىشى ئىدىم.

ئۆيۈمدىن چىملىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان يەردە، خىزمەتچىلىرىم تۇرىدىغان تەرەپكە بارىدىغان يول بار بولۇپ، بۇ يولنىڭ بويىدا بىر ئالۇچا كۆچىتى بار ئىدى. مىچەل ئەپەندىلەر بىزدىن ئايرىلغان يىلى يازدا، كىچىك بالىلار باغچەمگە كىلىپ ئالۇچىلارنى ئوغرىلاشقا باشلىدى. ئۇلار مېنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر كىشى ئىكەنلىكىمدىن خەۋىرى بولغاچقا، بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلغانىدى. باغچەمگە بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كىرگەنلىكى يەتمىگەندەك، يەنە ئۇلارنىڭ قىيا-چىيالىرى دەم ئېلىشىمغىمۇ تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، مەن دېرىزەمدىن بېشىمنى چىقىرىپ باغۋەنگە بالىلارنى قوغلىۋېتىشنى بۇيرۇدۇم. شۇ كۈنى مېنىڭ بۇيرۇقۇم بىلەن باغۋەن ئالۇچا كۆچىتىنى كېسىۋەتتى. ئەمدى ھەر ھالدا مەسىلە ھەل بولدى، دەپ ئويلىدىم!

كۆچەت كېسىلىش بىلەنلا نېمە قىلغانلىقىمنى چۈشەندىم. كۆچەت بىلەن بىللە خۇدانىڭ ئارىمىزدىكى خۇرسەنلىكى ۋە ھۇزۇرى ئۈزۈلگەنىدى. دېرىزەمنىڭ ئالدىدا كۆچەتنىڭ ئورنىغا قارىغىنىمچە بىر ھازا تۇرۇپلا قالدىم. كۆچەت تۇرۇۋەرسە، بالىلارمۇ خۇشاللىق بىلەن ۋارقىرىشىۋەرسە نېمە بولاتتى، دەپ قالدىم! ئىچىمدە يوشۇرۇنغان بىلىقىز

شەيخنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى شۇ چاغدا چۈشەندىم. ئەسلى تەبىتىمنىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمىگەنلىكىنى يېڭىباشتىن بىلدىم. مەندە بىرەر ئۆزگىرىش بولسا، پەقەت خۇدانىڭ ياردىمىدە ئۇ ئاتا قىلغان ئىلتىپات بىلەن بولاتتى.

— ئى رەببىم، سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا يەنە مۇيەسسەر بولۇشۇم ئۈچۈن يول ئاچقايسەن، — دەپ يالۋۇردۇم. ئەتىسى يېزا باللىرىغا باغچەمگە كىلىپ باغدىكى يازلىق مېۋىلەردىن خالىغىنىچە يېسۇن، دەپ خەۋەر قىلدىم. ئۇلار دەرھال كېلىشتى. باللار ھەرقانچە دىققەت قىلسىمۇ، كۆچەتلەرنىڭ شاخلىرى سۇناتتى ۋە گۈللەر دەسسىلىپ چەيلىنەتتى.

بىر كۈنى باللار قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەيرانچىلىققا قاراپ،

— ئى رەببىم، باغچەمگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. باغچەمنىڭ ھاياتىمنىڭ يار-يۆلىكى بولۇپ قالماسلىقىنى خالايسەن، شۇڭا ئۇنى قولۇمدىن ئېلىپ باشقىلارغا بەردىڭ. باللار ئۇ يەردە ئاجايىپ يايرىشىپ كەتتى! بۇ دەرۋەقە سېنىڭ باغچەڭ. بۇ باغچىنى ئۇلارغا رازىمەنلىك بىلەن بېرىمەن. بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئىلھامبەخش ھۇزۇرۇڭغا قايتا كىرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يەنە مۇيەسسەر بولغاندىم. لېكىن، مەن ئۆگىنىدىغان يەنە بىر دەرس بار ئىدى. بۇ قېتىم ۋەيران قىلىنغان باغچەم ئەمەس، مەن ئۈچۈن ئەھمىيىتى زور بولغان دەم ئېلىش ۋاقتىم ئىدى.

11-ئاينىڭ سوغۇق بىر كۈنى ئىدى. مەن دەم ئېلىۋاتاتتىم. ماخمۇد گەپ-سۆز قىلماي ھۇجرامغا كىرىپ كەلدى. ئۇ خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغاندى. ئۇنىڭ ياخشى مىجەز-خۇلقى بىلەن ماسلاشقان چېھرىسىدىن بىر يىگىت بولۇپ

قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قايغۇغا تولغانلىقىنى كۆردۈم.

— ئاپا، تالادا سىزنى ئىزدەپ كەلگەن، قۇچىقىدا بوۋاق بالىسى بار بىر ئايال تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ.

بېشىمنى كۆتۈردۈم. نۇرجان بىلەن رايىشەمگە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۇنتۇپ:

— ماخمۇد، سەن سەككىز ياشقا كىردىڭ، بۇنداق ۋاقىتتا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايدىغانلىقىمنى تېخى بىلمەمسەن؟ — دېدىم. ماخمۇد ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگىلا كاللامغا بىر خىيال كەلدى. مېنىڭ ئورنۇمدا رەب بولغان بولسا قانداق قىلاتتى؟ تۇن يېرىمى بولسىمۇ ئايالنىڭ يېنىغا باراتتى!

ماخمۇدنى چاقىردىم. ئۇ ئىشىكنىڭ ئارىلىقىدىن بېشىنى ئۆينىڭ ئىچىگە ئۇزاتتى.

— ماخمۇد، ئۇ ئايال نېمە دەيدىكەن؟ — دەپ سورىدىم.

ماخمۇد ھوجرامغا كىرىپ:

— بالىسى ئاغرىق بولسا كېرەك، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا مېھمانخانىغا باشلا، — دېدىم ۋە تۆۋەنگە چۈشۈش ئۈچۈن تەييارلاندىم.

بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتىم. ئايال يېزىلىقلارغا خاس قوپال ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيگەنىدى. ئۇ ئايالنى بوۋاقنىڭ مومىسى دېسىمۇ ھەيران بولمايتتىم. يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، مۇرىلىرى مۈكچىيىپ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بۇ ئايال قوڭۇر كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىغىنىدا ئۇنىڭ ياش بىر ئايال ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىپ ئېچىندىم.

— خوش كەپسىز قىزىم نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟ — دېدىم.

— يېزىمىزدا سىزنىڭ نامىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە پىيادە كەلدىم، — دېدى ئۇ.
ئۇنىڭ يېزىسى بۇ يەردىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. بىچارە ئايال ھارغىن كۆرۈنەتتى. خىزمەتچىلەرگە چاي ۋە تاماق ئەپكېلىشنى ئېيتتىم. بالىنى ئېمىتەمدىغاندۇ، دەپ ئويلىدىم. بەزى يېزىلاردا ئانىلار بالىلىرىنى ئۈچ ياشقا كىرگىچە ئېمىتەتتى. بالا قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى ئۆينىڭ تورۇسىدىكى ئاسما چىراغقا تىكىۋالغان بولۇپ، ئاغزى مىدىرلىمايتتى. بالىغا دۇئا ئوقۇپ قويۇش مەقسىتىدە قولۇمنى ئۇنىڭ پېشانىسىغا قويدۇم. بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. قولۇمنى ئانىسىنىڭ بېشىغا قويغىنىمدا گويا ئائىلەمدىكىلەر بۇ ئايالدىن يىرگىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. بۇرۇنقى چاغلاردا بۇ سەھرالىقنىڭ سايىسى ئۇچامغا چۈشۈپ قالسىمۇ ئۆزۈمنى نېرى تارتاتتىم.
ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن ئۇلارنى ساقايتىش ئۈچۈن خۇداغا دۇئا قىلىۋېتىپ بۇ ئانا-بالىغا مېھرىم چۈشۈپ قالدى. خىزمەتچىمنى بۇ ئايالغا بەزى ۋىتامىن دورىلارنى ئەكىلىپ بېرىشكە بۇيرۇدۇم. ئايال بۇ يەردە بىرىم سائەتچە بولدى. ئۇ ئېرىنىڭ بىر ھادىسىدە مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە بالىلىرىنى بېقىشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئويلىغىنىمدەك ئايال بالىنى تېخىچە ئېمىتىدىكەن. چۈنكى، بۇ ئەك ئەرزان بىر ئوزۇقلۇق-دە! كېيىن ئايال كېتىشكە تەمشەلگەنىدى، مەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدىم ۋە مۇلايىم ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا:
— ياق، كەتمەڭ، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، بىر ئامال قىلىپ ئانا-بالا ئىككىڭلارغا ياردەم قىلىمەن، — دېدىم.
بۇ سۆزلەر ئاغزىمدىن چىقىشى بىلەن تەڭ ئىچىمدىكى

كونا بىلقىز شەيخ ئويغا چۆمدى. ۋاھ يېزىسىدا ئولتۇردىغان باشقا كەمبەغەللەر بۇنى ئاڭلاپ، يوغان باغچىلىق ئۆيدە ئولتۇردىغان شەيخ خانىم رەھىمدىل، قولى ئوچۇق بىر ئايال دەپ، ھەممىسى كېلىشۋالسا قانداق قىلىمەن؟

لېكىن بۇ سوئالنى ئۆز-ئۆزۈمگە قويۇۋاتقىنىمدىمۇ بۇنىڭدىن باشقا يولنىڭ يوقلىقىنى بىلەتتىم. ئۆزۈمنى ۋە پۈتۈن مال-مۈلكىمنى رەبگە تاپشۇردۇم، دېگەنىدىمغۇ! شۇڭا، مەن قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىشىم كېرەك ئىدى، بولمىسا يالغان ۋەدە قىلغان بولاتتىم.

— ... ئېرىڭىزمۇ ياردەمگە موھتاج ئىكەن، ھەممىڭلارنى دوختۇرغا ئېلىپ باراي. داۋالىنىڭلار، كېيىن ئېرىڭىز ئىش تاپالمىسا ماڭا خەۋەر قىلىڭ، — دېدىم.

زىيارەت مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. داۋالاش ھەققىنى ئۆزۈم تۆلەيدىغانلىقىمنى دوختۇرخانىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنى كۈتتۈم. لېكىن ئايال قايتا كەلمىدى. بۇنىڭغا ھەيران بولدۇم. بۇ ئايالغا نېمە بولغانلىقىنى خىزمەتچىلىرىمدىن سورىسام، ئۇلار ماڭا بۇ ئايالنىڭ دوختۇرخانىغا بارغانلىقىنى، ئېرىنىڭ كېسىلىنىڭمۇ ساقايغانلىقىنى، ھەمدە ئىش تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاۋۋال ئايالغا ئاچچىقىم كەلدى، چۈنكى ئۇلار رەھمەت دەپمۇ قويمىغانىدى! رەب شۇئان مېنى ئاگاھلاندۇردى.

ئۇنىڭغا رەھمەت دېگۈزۈش ئۈچۈن ياردەم قىلغانمىدىڭ؟ ھەممە رەھمەت ماڭا قارىتىلىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

رەبنىڭ سۆزلىرى توغرا ئىدى. بۇ ئايالغا ياردەم قىلغان مەن ئىكەنلىكىمنى قاچان ئۆگەنگەنىدىم! بۇنى ئويلىغىنىمدا، خۇدادىن مېنى ئەپۇ قىلىشىنى ۋە بۇنداق قاپقانغا يەنە

چۈشمەسلىكىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلىشىنى تىلىدىم. ئى رەب، يېقىلىپ چۈشكەن يېرىمدىن مېنى نەچچە قېتىملاپ تۇرغۇزۇپ قويۇشتىن زېرىكمىدىڭمۇ؟

ئۇ كۈنلەردە رەبگە يېقىن بولۇپ ياشاشتا يەنە بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازاندىم. لېكىن، ئارقىدىنلا يەنە بىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايتتىم. بۇنى ماڭا چۈشەندۈرىدىغان كىشى بولمىغاچقا، بۇنداق سوئاللارنى قەلبىمدە جاۋابسىز ساقلاپ كەلدىم.

بىر ئەتىگەنلىكى نۇرجان چىچىمنى تاراۋاتاتتى، بىر قارىغاچ كىلىپ دېرىزەمگە قوندى.

— بۈگۈن ئەتىگەندە رەب بىزگە نېمە ئەۋەتكەنلىكىگە قارا! — دېدىم. نۇرجان ئۇن-تۈن چىقارماي چېچىمنى تاراۋەردى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ئۇ ئادەتتە گەپدان قىز ئىدى. كېيىن ئۇ تارتىنغان ھالدا:

— شەيخ خانىم، رەب ھەققىدە سۆز قىلىشقا باشلىغىنىڭىزدا پۈتۈن قىياپىتىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن، — دېدى.

ئۇ كۈنى ئىسلامئاباتتىكى بىر كىتابخانىدىن يەنە بىرقانچە ئىنجىل سېتىۋېلىشنى بۇيرىتتىم. بۇلار بالىلارغا مەخسۇس تۈزۈلگەن كىتابلار ئىدى. ئىنجىلنى ماخمۇدقا ئوقۇپ بەرسەم نەقەدەر پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. ھەمدە خىزمەتچىلەرنىڭمۇ بۇ نەپىس ئىشلەنگەن رەسىملىك كىتابچىلارنى ئارىلاپ-ئارىلاپ ئوقۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇيرۇتقان ئىنجىللار ئېلىپ كېلىنگەندە بىرىنى نۇرجانغا بەردىم. نۇرجان بىر كۈنى مەن بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقىنىدا ئىنتايىن خۇشال

بولدۇم.

ئۇنىڭ كۆڭلى ھەر خىل ھېسسىياتلار بىلەن تولغانلىقى ئوماق چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— خانىم، سىزگە ئېيتماقچى بولغان بىر ئىش بار، يەنى ئەيسانىڭ كىملىكىنى تونۇشىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىمىزدىن ئورۇن ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىشىمىزنىڭ كېرەكلىكىنى بىزگە قانچە قېتىملاپ ئېيتقانلىرىڭىز ئېسىڭىزدە باردۇر! — دېدى ئۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقتى. ئۇ يەنە، — مەن شۇنداق قىلدىم، خانىم. ئەيسا مەسىھ قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى. بۇ چاغقىچە ھاياتىمدا بۇنداق بىر مېھىر-مۇھەببەتنى زادى ھېس قىلمىغانىدىم، — دېدى.

مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. ئۇنى شۇئان قۇچاقلىۋالدىم، ھەر ئىككىلىمىز خۇشاللىق كۆز ياشلىرىمىزنى تۆكۈپ ياتاق ھۇجرامدا سەكرىشىپ كەتتۇق.

— بۇ ئىشەنگۈسىز بىر خۇش خەۋەر، نۇرجان، ھازىر بىز ئۈچ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولدۇق. سەن، رايىشەم ۋە مەن. بۇنى مۇبارەكلىشىمىز كېرەك.، — دېدىم مەن.

شۇنداق قىلىپ، رايىشەم، نۇرجان ئۈچىمىز بىرلىكتە چاي ئىچتۇق. خىزمەتچىلىرىم بىلەن چاي ئىچىشىم بىرىنچى قېتىم ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈنكى ئەھۋال باشقىچە ئىدى. ئۈچ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى تۈزۈت قىلغان ھالدا تاتلىق-تۈرۈملار بىلەن چاي ئىچكەچ، كونا دوستلاردەك سۆھبەتلىشىۋاتقىنىمىزدا مەن شۇنى ئويلاشقا باشلىدىم: باي تەبىقىدىكى كىشىلەردىن ئۆزىنى تارتىپ بۇ كۆركەم ئۆيگە يوشۇرۇنغان ئايالغا نېمە بولدى؟ مانا ئۇ بۈگۈن بۇ يەردە خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى. بۇ ئىشلىرىمدىن ئائىلەم ۋە دوستلىرىمنىڭمۇ ئابرويى چۈشۈپ كېتەتتى. خوپ،

كونا دوستلىرىم نېمە دېيىشەتتى؟ بۇرۇنقى چاغلاردا بولسا ئۇلارغا قاتتىق بۇيرۇقلارنى قىلىپ، قاپىقىمدىن قار ياغدۇرۇپ، ئاچچىقىمنى قانداق چىقىرىدىغانلىقىمنى ئەسلىدىم. ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قونغان ئازراقلا چاڭ-توزاننى كۆرسەم، خىزمەتچىلەر سەللا ئاۋازىنى چىقىرىپ گەپ قىلىدىغان بولسا، چۈشلۈك تاماق بىر سېكۇنت كېچىكىپ قالسا ۋارقىراپ-جاقىراپ پۈتۈن ئۆيىنى بېشىمغا كىيەتتىم. ھەقىقەتەن رەب مېنى ئۆزگەرتكەنىدى.

نۇقسانسىز بىر كىشى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئەيسا مەسىھنىڭ ۋەكىلى بولۇش مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرىدىغان بىر ئىش قىلىشىمغا يول قويمايتتى. بۇنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشقا باشلىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىدىن سۆز ئاچقاندا، ئەڭ مۇھىمى ئۆز ھاياتىمدا بۇ سۆزلەرگە ئەمەل قىلغان-قىلمىغانلىقىم ئىدى. رەب بۇنىمۇ ماڭا ئۆگەتكەنىدى.

كېيىن، كەچكى يىغىلىشلىرىمىزدا بىر نەرسىنى سېزىپ قالدىم، يەنى ھەر دائىم مېھمانخانامدا جەم بولىدىغان يېزىلىق ئون ئىككى كىشى ئارىسىدا نۇرجان كۆرۈنمەيتتى. غەلىتە ئىش! بىر كۈنى نۇرجان چېچىمنى تاراپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىرئاز كۈتۈشىنى ئېيتتىم.

— ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە ئاخشىمى يىغىلىشقا قاتناشالامسەن؟ — دەپ سورىدىم نۇرجاندىن.

نۇرجان بىرئاز ھەيران بولدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— خانىم، يىغىلىشقا كېلەلمەيمەن، سۆزلەيدىغان تەجرىبەممۇ يوق، ئېرىم مۇسۇلمان، تۆت بالىمىز بار، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولدۇم دېسەم، مېنى شۇئان ئۆيدىن

قوغلاپ چىقىرىدۇ، — دېدى.

— ئېتىقادىڭنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرمىساڭ بولمايدۇ، باشقا يول يوق، — دەپ ئۇنى مەجبۇرلىدىم. نۇرجان غەمكىن بىر چىراي بىلەن ماڭا قارىدى، كېيىن بېشىنى چايقاپ، ئۆز-ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دەپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشقا بولماس... دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىردى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مۇقەددەس ئائىلە دوختۇرخانىسىدا تونۇشقان رود خانىمنى يوقلاپ باردىم. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئامراق ئىدىم. رود خانىم پاكىستاندا بەزى كىشىلەرنىڭ مەخپىي ھالدا ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەخپىي ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىمۇ؟ — دەپ ھەيران بولغان ھالدا سورىدىم.

— بىر كىشى ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلسا، بۇنى كىشىلەرگە نېمە ئۈچۈن ئۇقتۇرمايدۇ؟

— ئۇنداقتا نىكودېمنىڭ ھاياتىغا قاراپ بېقىڭ، — دېدى رود خانىم.

— نىكودېممۇ؟

— شۇنداق، ئۇ بىر مەخپىي ئېتىقادچى ئىدى، ئىنجىلنىڭ «يۇھاننا» قىسمىنىڭ ئۈچىنچى بابىنى ئوقۇسىڭىز بۇنى كۆرەلەيسىز.

شۇ يەردىلا ئىنجىلنى ئاچتىم ۋە ئوقۇدۇم. بىر ئاخشىمى تۈن يېرىمىدا خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ھەققىدە بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ پەرىسىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ بىرى ئەيسانىڭ ئالدىغا كەلگەن. كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان بۇ بابنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇغاندىم، لېكىن شۇ

چاغقىچە نىكودىمنىڭ مەخپىي ئېتىقادچى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتمىگەنىكەنمەن. رود خانىم:

— نىكودىم كېيىن ئېتىقادىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ مەلۇم ئەمەس. لېكىن، مۇقەددەس كىتابتىن چۈشەنگىنىم بويىچە، نىكودىم باشقا پەرىسىيلەرنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلغانىدى، — دېدى.

ئەتىسى نۇرجاننى ھۇجرامغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا نىكودىمغا دائىر بابنى ئوقۇپ بەردىم. ئاندىن ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭدىن بۇرۇن سېنى رەنجىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن. ۋاقتى كەلگەندە ئېتىقادىڭنى كىشىلەرگە قانداق ئوچۇق ئۇقتۇرۇشۇڭنى ھەر ھالدا رەب كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھازىرچە سەن پەقەت ئۇنىڭ سېنى قانداق يېتەكلىمەكچى بولغانلىقىغا دىققەت قىل، — دېدىم.

ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى، بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋېتىپ، دىمىقىدا ئاستا ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— بۇ ئىشلىرىمنى توغرا دەپ قارايمەن، ئى رەب، باشقا كىشىلەرنى سوراق قىلماسلىقىم ئۈچۈن دىققەت قىلىشىم كېرەك، — دېدىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، پاكىستاندا ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولۇشنىڭ نەقەدەر تەس ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تېلېفون جىرىڭلىدى. بۇ تاغىلىرىمدىن، يەنى ماڭا ئالاھىدە قاتتىق گەپ قىلغان تۇغقانلىرىمدىن بىرى ئىدى. ئائىلەمنىڭ ماڭا بولغان

نارازىلىقى بوشۇشۇشقا باشلىغاندىمۇ بۇ تاغام يا مەن بىلەن ئالاقە قىلمىغان يا مەن بىلەن سۆھبەتلەشمىگەنىدى.

تېلېفوندىكى ئاۋاز قاتتىق ئىدى:

— بېلىقىز!

— خوش.

— ئاڭلىشىمچە باشقىلارنىمۇ يولدىن چىقىرىۋېتىپسەن، ئۇلارنى ھەقىقىي ئىماندىن ئازدۇرۇۋېتىپسەن.

— سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىزچە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، تاغا، لېكىن مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس.

— ئۆز ھاياتىڭ ئۈچۈن بۇنداق قىلىشىڭ بىر مەسىلە، لېكىن باشقىلارنىمۇ كەينىڭگە سېلىۋېلىشىڭ باشقا بىر مەسىلە، — ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى خاپا تەلەپپۇزىدىن چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى مۆلچەر قىلدىم.

— بۇ ئىشىڭنى توختىتىشىڭ كېرەك، بېلىقىز، — دېدى ئۇ.

— تاغا، كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە بىر نەرسە دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن سىزمۇ ئۆز ھاياتىڭىزنى بىلىڭ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭكىنى بىلەي.

ئەتىسى تونىنى يوقلاپ بېرىپ، يېڭى شوپۇرۇم مېنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندە بىر كىشى ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بىزنى توختىتىشقا تىرىشتى. ماشىنىنى توسقانلارغا ئادەتتە توختايتتىم. شوپۇرۇم بۇنى بىلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم توختاشنى خالىمىدى. ئۇ قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن:

— خانىم، مېنى توختا دېمەڭ، — دېدى. ماشىنا ھېلىقى كىشىگە تاقاپ كەلگەندە بىردىن تورمۇزنى باستى. يول چېتىگە بۇرالغان چاقلار سىرىلىپ، ئۇ كىشىگە سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئورۇندۇغۇمدا ئالدى تەرەپكە ئېگىشىپ:

— نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟ سېنىڭچە ئۇ ئادەم ماڭا... ؟
— خانىم...
— ھەئە...
— خانىم... دېمەكچى بولغىنىم... — شوپۇر يەنە جىم بولۇپ قالدى. نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى ئۇقالماي قالدىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، چۈشتە دەم ئېلىش ئۈچۈن ھۇجرامغا چىققاندىم. بىر ئىككى مىنۇتتىن كېيىن خىزمەتچىلىرىمدىن بىرى ئۈن-تىنسىز ھۇجرامغا كىرىپ، كەينىدىن ئىشىكنى تاقىدى.

— ئەپۇ قىلىسىز خانىم، لېكىن سىزگە ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمەن. ئىنىم تۈنۈگۈن راۋالپىندىدە مەسچىتكە كىرىپتىكەن، بىرنەچچە ياشلارنىڭ سىزنى كىشلەرگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ دەپ، سىزنى ئوجۇقتۇرماقچى بولىشىۋاتقانلىقىنى، سىزنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن بىر نەرسە قىلىۋېتىش كېرەك، دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، — دېدى.

قىزنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

— خانىم، ئەيسا مەسىھ ھەققىدە بۇنداق ئوچۇق سۆزلىسىڭىز قانداق بولار؟ سىزگە ۋە ماخمۇدقا بىرەر پىشكەللىك بولمىغىدى دەپ قورقۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ يەنە.

يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ مەملىكەتتە ۋە ھەتتا بۇ ئائىلىدە مەخپىي بىر ئېتىقادچى بولۇشنىڭ مەن ئۈچۈن مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلاش ماڭمۇ يېتىپ كەلگەنىدى.

13

# بوران-چاپقۇن ئالامەتلىرى

ماڭا قارشى قورۇلغان بۇ پىلانلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغىلى ئىككى ئاي بولغانىدى. لېكىن، بىر ئىككى ياشنىڭ دۈشمەنلىك بىلەن قاراشلىرىدىن باشقا بىر ئىش بولمىغاچقا پۈتۈن گۇمانلىرىمنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

يەنە ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش بايرىمى يېتىپ كەلگەنىدى. مېنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغىنىمغا بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئائىلەمدىن بەزى كىشىلەر يەنىلا مېنى زىيارەت قىلىپ كېلىشىپ تۇراتتى. لېكىن، تاغامنىڭ تېلېفوندا مېنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېيتقان سۆزلىرى ماڭا ئائىلەم بىلەن ئارىمىزدا تېخى يېرىكلىك بارلىقىنى ئەسلەتتى. مەن ئائىلەمنى ۋە دوستلىرىمنى بىر كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، بۇ ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتىم.

بىر ئاخشىمى ئۇزۇن ئويلىنىشتىن كېيىن مەن چاقىرماقچى بولغان كىشىلەرنى تىزىملاپ چىقتىم ھەمدە يېتىشتىن ئاۋۋال تىزىملىكنى بىخەتەر ئىنجىلىمنىڭ ۋاراقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدۇم. باغاقلارنى ئەتىسى ئەۋەتىشنى قارار قىلدىم. لېكىن، ئەتىسى بۇنداق قىلالمىدىم. چۈنكى ئەتىسى تىزىملىكنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنجىلنى ئاچسام، بۇ سۆزلەر كۆزۈمگە چۈشتى:

«مېھمان چاقىرغىنىڭىزدا دوست-بۇرادەر، قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقان ياكى قولۇم-قوشنىلىرىڭىزنىلا چاقىرماڭ. ئۇلار سىزنىمۇ چاقىرىپ، ئادەمگەرچىلىكىڭىزنى قايتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن

> زىياپەت بەرمەكچى بولسىڭىز، غېرىب-مۇساپىر،
> مېيىپ-ناكار، ئاقساق-چولاق، كور-ئەمالارنى
> چاقىرىڭ. بۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولىسىز. چۈنكى،
> ئۇ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرۇش
> ئىقتىدارى يوق. لېكىن، خۇدا ئادىللارنى قايتا
> تىرىلدۈرگەندە، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆزى قايتۇرىدۇ».
> (ئىنجىل: «لۇقا» قىسمىنىڭ 14-باب 12-، 13-،
> 14- ئايەتلىرى)

دۇرۇس، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم، قولۇم-قوشنىلىرىم ۋە دوستلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى باي ئىدى. مەقسىتىم مۇسۇلمانلارنى ۋە ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىش دەپ قارايتتىم. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۆز غورۇرۇمنى ئويلىغاندىم. بايلار تەبىقىسى ئارىسىدا دوستلىرىم بارلىقىنى ئائىلەمگە كۆرسىتىشكە قىزىققاندىم.

قولۇمدىكى تىزىملىكنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئىنجىلدا ئوقۇغىنىم بويىچە قىلدىم. تۇل-يېتىملەردىن، ئىشسىزلاردىن ۋە يېزىنىڭ پۇقرالىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر تىزىملىك تۈزۈپ، ھەممىسىنى ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش بايرىمى زىياپىتىگە تەكلىپ قىلدىم. بۇ تىزىملىكتە ھەممە كىشى، ھەتتا تىلەمچىلەرمۇ بار ئىدى. بەزى باغاقلارنى ئۆز قولۇم بىلەن يەتكۈزدۈم. قالغانلىرىنى خىزمەتچىلىرىمدىن ئەۋەتتىم. بۇنداق خەۋەرلەر ئەتراپقا تېز تارقىلاتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئادەم ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. مېھمانخانىنى بېزەشكە ئالغان ئىراننىڭ يېپەك گىلەملىرىنى ئويلىدىم، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ كۈنى ئۆيي

بىساتلىرىمنى يىغىشتۇرۇۋېتىشىم كېرەك ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، تەييارلىق قىلىشقا باشلىدۇق. تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلارغا تارقىتىش ئۈچۈن ھەدىيە بۇيۇملىرىنى تاللاشتا، سەككىز ياشقا كىرگەن ماخمۇد ماڭا ياردەملەشتى ۋە بۇ ئىشتا ئۇنىڭ كۆرسەتكەن غەيرىتى ماڭا تېخىمۇ مەدەت بەردى. ئوغۇل بالىلارغا پوپايكىلار، قىز بالىلارغا رەڭگارەڭ كىيىم-كېچەكلەر، ئاياللارغا بىرنەچچە توپ قىزىل، ھال، سۆسۈن رەختلەر، ئەرلەرگە قېلىن رەختتىن تىكىلگەن شىملار، بالىلارغا ئاياغ كىيىملەر ۋە ياغلىقلارنى ئالدۇق. بىرنەچچە سائەت خىزمەتچىلىرىم بىلەن ھەدىيە بۇيۇملارنى ئايرىم-ئايرىم قاتلاپ كۆمۈش رەڭ لېنتىلار بىلەن باغلىدۇق.

بىر كۈنى چوڭ دەرۋازا چېكىلدى، ۋاھ يېزىسىدىن كەلگەن بىر توپ ئايال دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار ماڭا ياردەملىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كېلىشكەنىدى. ئارىدىن بىرەيلەن:

— خانىم، زىياپىتىڭىزگە ياردەملىشىش ئۈچۈن خالىس ياردەمگە كەلدۇق، — دېدى. بىردىنلا ھەممەيلەن تەييارلىققا چۈشۈپ كەتتى. پاكىستاننىڭ بۇ رايونىدا ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ساپال ئاسما چىراغلار بار ئىدى. زىياپەت سورۇنىنى زىننەتلەش ئۈچۈن بۇنداق چىراقتىن 500 دانە بۇيۇرۇتتۇم. يېزا ئاياللىرى بىلەن پاختىدىن نۇرغۇن پىلىك ئەشتۇق. ئۇلار بىلەن تەڭ ئىشلىشىۋېتىپ، ئەيسا مەسىھ ھەققىدە سۆزلىشىش پۇرسەتلىرى چىقتى. ئاسما چىراغلارنى ئۇ يەر-بۇ يەرگە قويۇۋېتىپ، ئۇلارغا مۇقەددەس كىتابتىن بەشى ئەقىللىق، بەشى ئەقىلسىز بولغان ئون قىزنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم:

«خۇدانىڭ پادىشاھلىقى چىراغلىرىنى كۆتۈرۈپ تويى بولغان يىگىتنىڭ ئالدىغا چىققان ئون قىزغا ئوخشايدۇ. بۇ قىزلارنىڭ بەشى ئەقىلسىز، بەشى بولسا ئەقىللىق ئىكەن. ئەقىلسىزلار چىراغلىرىنى ئالغان بولسىمۇ، يېنىغا ياغ ئالماپتۇ. ئەقىللىقلار بولسا، چىراغلىرى بىلەن بىللە بىرنەچچە قاچىدا ياغمۇ ئېلىۋاپتۇ. يىگىت كېچىكىپ كەلگەچكە قىزلارنى ئۇيقۇ بېسىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. يېرىم كېچىدە:

— يىگىت كەلدى، ئالدىغا چىقىڭلار! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن قىزلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇشۇپتۇ ۋە ئەقىلسىزلار ئەقىللىقلارغا: چىراغلىرىمىز ئۆچۈپ قالاي دېدى. يېغىڭلاردىن بىرئاز بېرىڭلار! — دەپتۇ.

ئەقىللىقلار:

— ھەممىمىزگە يەتمەسلىكى مۇمكىن، ئەڭ ياخشىسى سىلەر دۇكانغا بېرىپ ياغ سېتىۋېلىڭلار! — دەپتۇ. لېكىن ئەقىلسىزلار ياغ سېتىۋالغىلى كېتىۋاتسا، يىگىت كېلىپ قاپتۇ. تەييارلىقى بار ئەقىللىق قىزلار يىگىت بىلەن بىرلىكتە توي زىياپىتىگە كىرىپتۇ. ئىشىك تاقىلىپتۇ. ياغ سېتىۋېلىپ قايتىپ كەلگەن ھېلىقى قىزلار:

— خۇجايىن، خوجايىن، ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭ! — دەپتۇ. يىگىت بولسا:

— راستىنى ئېيتسام، مەن سىلەرنى تونۇمايمەن. — دەپتۇ. ئەيسا مەسىھ بۇ ھېكايىنى شاگىرتلىرىغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن،

— شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىشە سەگەك بولۇڭلار،

مەن كېلىدىغان ئۇ كۈن ۋە ئۇ سائەتنى بىلمەيسىلەر. — دېدى. (ئىنجىل: «ماتتا» قىسمىنىڭ 25ـ باب 1ـ 13 ئايەتلەر)

ئۇلارغا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن تاماق تەييارلىقىنى باشلىدۇق. يېزا ئاياللىرىنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئېشىپ، پاكىستانچە تاتلىق-تۈرۈم ۋە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشتا ياردىمىنى ئايىمىدى.

ئون ئىككىنچى ئاينىڭ 24-كۈنى يېزىلىقلار ئۆيۈمگە كەينى-كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. بايرام خۇشاللىقىغا چۆمگەن بۇ بېرىش-كېلىش بىر ھەپتە داۋاملاشتى. دېرىزە راملىرىدا ۋە ئىشكاپلارنىڭ ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان ئاسما چىراغلارنىڭ يالقۇنلىرى ئۆيىمىزگە تېخىمۇ گۈزەل بايرام تۈسى كىرگۈزگەنىدى. بۇ چاغقىچە نە ماخمۇدنىڭ، نە يېزا بالىلىرىنىڭ بۇنداق خۇشال بولغىنىنى كۆرمىگەنىدىم. خۇشال كۈلكە سادالىرى ۋە چۇقان-سۈرەنلەر ئۆينى بىر ئالغانىدى. پات-پات ماخمۇد ماڭا كېلىپ بەزى تەلەپلەرنى قوياتتى.

— ئاپا، تالادا يەنە بەش بالا بار، كىرسۇنمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دەپ كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قوياتتىم. بۇ چاغدا ئۆيۈمدىكى بالىلارنىڭ سانىنىڭ پۈتۈن يېزىدىكى بالىلاردىن كۆپلىكىنى بىلدىم. بۇ كىشىلەر بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ بىر-بىرىگىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار دەپ ئۆگەتكىنى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكىنىمدە، ئۇلارمۇ ئاۋاز قوشۇپ،

— ئۇ بىزگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن بىللە بولغانمۇ؟

— دەپ سوراشتى.

— شۇنداق، — دېدىم، — بۈگۈن باشقىلارغا قىلىۋاتـ

قىنىمىز، ئۇنىڭغا قىلىۋاتقىنىمىزدۇر.

زىياپەتمۇ ئاياغلاشتى، ئۇخلاۋاتقان بىر بالىغا كاشىلا قىلماي، كرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇردۇم. كۆڭلۈم توق. راھەت نەپەس ئالدىم ۋە خۇدادىن مەندىن مۇشۇ ئىشنى تەلەپ قىلغانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدىم. ئارقىدىنلا مۇلايىم بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم ۋە شۇنداق، دېگەن جاۋابنى ئاڭلىدىم. كېيىن ئىران گىلەملىرىنى يېغىشتۇرۇۋەتمىگەنلىكىمنى كۆردۈم، لېكىن گىلەملەر ھېچنەرسە بولمىغانىدى.

ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇ كۈندىكى خۇشاللىقنى ئۇنتۇمىدى. تەخمىنەن بىر ئايدىن كېيىن خىزمەتچىلىرىمدىن بىرى ماڭا ۋاھ يېزىسىدىكى بىرەيلەننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېيتتى. ئۇ يەردە موللىنىڭ خوتۇنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مېنىڭ مۇسۇلمانچىلىقتىن چىققانلىقىمنىڭ خاتالىقىنى ئېيتىپ شىكايەت قىلىپتۇ، لېكىن بىرى ئۇنىڭغا:

— يېقىندىن بۇيان شەيخ خانىمنى كۆردىلىمۇ؟ ئۇ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان. سىلى ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن بىرىنى قىلدىلىمۇ؟ خۇدا ھەققىدە بىر نەرسە ئۆگىنەي دېسىلە، بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشسىلە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ۋاھ يېزىسىدا بەرگەن زىياپىتىمنى كۆرەلمىگەن كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىدىم. باغچەمدە ئارىلاپ-ئارىلاپ ئىشلەيدىغان بىر بوۋاي بىر كۈنى مېنى يولدا تۇتۇۋېلىپ، قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن:

— بىر مىنۇت ۋاقتىڭىزنى ئالسام قانداق خانىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدىم.

— خانىم، يېزىدا بەزى گەپ-سۆزلەر بولۇۋاتىدۇ. ئۇلاردىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ئۇلار خانىم بىر نەرسە بولۇپ قاپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ.

— خەۋىرىم يوق، — دېدىم.

— مەنمۇ چۈشەنمىدىم، خانىم، سىزنى خەۋەر تېپىپ قالسۇن دەپ ...

بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشلار بەزىدە كەينى-كەينىدىن، بەزىدە بىرنەچچە ئايدا بىر بولاتتى. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گويا ئەرشتىكى ئاتام مېنى كەلگۈسىدىكى بىر كاتتا ئىش ئۈچۈن تەييارلاۋاتقاندەك، بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشلار كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

مەسىلەن، بىر كۈنى يېزىدىن ئۆيۈمگە ئۈچ ئوغۇل بالا كەلدى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، بۇ بالىلار خۇدا ماگا ئەۋەتكەن خەۋەرچىلەرمىدۇ دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، ماخمۇد بالىلارنىڭ ئۆزگە ئېتىقادلىرىنى ماگا يەتكۈزگەندە كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىدەك بولۇپ دىر-دىر تىترەپ كەتكەنىدى.

— ئاپا، دوستلىرىمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ يېزىدىكى بەزى كىشىلەر سىزنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەۋېتىپتۇ، جۈمە نامىزىدىن كېيىن شۇنداق قىلغۇدەك، — دەپ يىغلاشقا باشلىدى، — سىز ئۆلسىڭىز مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىۋالىمەن.

قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇنى قۇچاقلاپ چاچلىرىنى قولۇم بىلەن سىلىدىم ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشتىم.

— بالام، ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، — دەپ ئەيسا مەسىھنىڭ ناسىرە شەھىرىدە دەسلەپ ۋەز ئېيتقاندا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردىم. خەلق ئەيسانىڭ سۆزلىرىگە

شۇنداق خاپا بولغانىدىكى، ئۇنى چالما-كېسەك قىلىشنى قەستلىگەنىدى.

— جېنىم بالام، بىلەمسەن، ئەيسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى، ئەيسانى ئەرشتىكى ئاتىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم بىر نەرسە قىلالمايتتى، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سەنمۇ، مەنمۇ، خۇدانىڭ پاناھىدىمىز، بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟

— ھېچقاچان زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمايمىز دېمەكچىمۇسىز؟

— ياق، بۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن بالام. ئەيسا ئازاب چەكتى، لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭ ئازاب چېكىدىغان ۋاقتى كەلگەندە بولدى. بېشىمىزغا قورقۇنچلۇق بىر ئىش كېلىدۇ دەپ، داۋاملىق قورقۇنچ ئىچىدە ياشىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئىش پەقەت خۇدا يول قويسا بولىدۇ. بەلكىم بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت، شۇڭا سەۋر قىلغىنىمىزدىلا ئىشەنچلىك ياشىيالايمىز، چۈشەندىڭمۇ؟

ماخمۇد ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرى جايىغا چۈشۈپ بىردىن كۈلۈمسىرەپ كەينىگە بۇرۇلدى-دە، ھاياجان ئىچىدە ۋارقىراپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيىنىڭلى چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى سوئالىمغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جاۋاب ئىدى.

مەنمۇ ماخمۇدقا ئوخشاش ئىشەنچىگە ئىگە بولسام ئىدىم. بۇنداق دېيىش بىلەن ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزلىرىمگە ئۆزۈممۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم دېمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن، مېنىڭ ئىشەنچىم بىر كىچىك بالىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئىنجىلنى قولۇمغا ئېلىپ باغچىغا چىقتىم. يۈرىكىم سىقىلاتتى. مېنى ئۆز ئۆيۈمدىن قوغلىۋېتىشكە نېمە ھەققى بار!

كەچكۈزنىڭ ھاۋاسى خىللا سوغۇق ئىدى. شېغىل ياتقۇزۇلغان باغچە يولىدا ئاستا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، سۇدىكى بىر بېلىقنىڭ ئۇياق-بۇياققا ئۆزىنى ئۇرۇشىنى ۋە يىراقتىكى بىر قۇشنىڭ سايرىغىنىنى تاماشا قىلدىم. كەچكۈزدە ئېچىلىدىغان گۈللەر ۋە يازلىق گۈللەردىن قېپقالغانلىرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بېزەپ تۇراتتى. خۇشپۇراقلىق ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر-چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. بۇ يەر مېنىڭ ماكانىم. بۇ يەردىكى كىشىلەر مېنىڭ خەلقىم، بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم ئىدى. 700 يىلدىن بېرى ئائىلەم بۇ ۋەتەنگە خىزمەت قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ مېنىڭ ئۆيۈم ئىدى. بۇ ئۆيۈمدىن ۋاز كېچەلمەيتتىم، ئەسلا ۋاز كەچمەيتتىم.

شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولمايدىغان ۋەقەلەر بۇ چۈشەنچىمنى زادى قوللىمايتتى. 1970-يىلنىڭ 12-ئېيىدا، يەنى ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولغاندىن تۆت يىل كېيىن، پاكىستاندا كىشىلەرگە سايلام ھوقۇقى بېرىلدى. شۇ يىلقى سايلامدا خەلق پارتىيىسى غەلىبە قىلغانىدى.

بۇ ئەھۋاللارنى يىراقتىن كۈزىتەتتىم. بىر كۈنى دادامنىڭ كونا دوستلىرىدىن بىرى مەن بىلەن كۆرۈشكىلى سەرداردىن كەلدى. بۇ كىشى ھۆكۈمەت خادىمى ئىدى. ئۇ مېنى يىگى ئېتىقادىمدىن ياندۇرۇشقا ئامال قىلالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ بىز رىچ مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاپ قېلىشقانىدۇق، ئۇ ئارىلاپ تېلېفون قىلاتتى ياكى مېنى يوقلاپ كېلىپ، ئىشلارنىڭ ئۆز يولىدا كېتىپ بارغان-بارمىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېتەتتى.

بۇ قېتىم بىز مېھمانخانامدا ئاق سافادا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتۇق، ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن:

— بىلىقىز، قانداق ۋەقەلەر بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە

بۇلارنىڭ سىزگە قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسىز؟
— دەپ سورىدى.
— پاكىستاننىڭ خەلق پارتىيىسىنى دېمەكچىمۇسىز؟
— بۇ پارتىيىنىڭ سايلامدا غەلىبە قىلغانلىقىنى بىلىسىز، لېكىن زۇلپىقار ئەلى بۇتتو ھەققىدە قانچىلىك بىلىسىز؟
— ئۇنىڭ بىلەن ياخشى تونۇشىمىز، — دېدىم.
— گېزىتلەرنى ئوقۇمىدىڭىزمۇ؟ رادىئو ئاڭلىمامسىز؟
— ياق، ئۆزىڭىزگە مەلۇم، بۇنداق ئىشلارغا ۋاقتىم يوق.
— ئۇنداقتا سىزگە بىر تەكلىپىم بار، مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەردى. ئەمدى كونا جۇمھۇرىيەت رەئىسلىرى بەرگەن ئىمتىياز سىزدە تۇرۇۋېرىشى ناتايىن. قەدىرلىك دوستۇم، ئۇ كۆنلەر تۈگىدى.
بىرىم سائەتتىن كېيىن باغچە دەرۋازىسىدا كونا دوستۇم بىلەن خوشلاشتىم. قايتىپ كېلىپ خىزمەتچىگە داستىخاننى يىغىشتۇرۇشنى بۇيرۇدۇم. بۇ كونا دوستۇمنىڭ زىيارىتى بىلەن تەڭ غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ ئادەمنىڭ ۋاستىسى بىلەن گويا رەب مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەندەك بولدى. ئۇ ماڭا قابىلىيەتلىك دوستلىرىمنىڭ تەسىرلىرىنى تۈگىتىشىم ۋە پۈتۈنلەي رەبگە تايىنىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتقاندى.
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەتراپىمدا كۆچەيگەن دۈشمەنلىكنى سېزىشكە باشلىدىم. بۇنى يېزىمىزدا ئۇياق-بۇياققا ماڭغىنىمدا كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىدىن سېزەتتىم. يەر-زېمىنىمىزنىڭ بېجى ھەققىدە مەن بىلەن سۆزلەشكەن ئىككىنچى بىر خادىمنىڭ باشقىچە پوزىتسىيەسى ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. بۇرۇن مېنى كۆرسە، ۋاھ خانىم، دەپ ئېگىلىپ سالام بېرىدىغان بۇ ئادەم ئەمدى ئۇستەل مۇشتلاپ، قوپال گەپلەرنى قىلىدىغان بولدى.

بىر كۈنى، ئادەتتە، ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى يولدا كېتىۋاتقان بولسا، مەن بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئاتايتەن يولنى ئۆزگەرتىپ، مەن تەرەپكە ئۆتىدىغان بىر ئادەمنى ئۇچراتتىم. ئەمدى ئۇنىڭمۇ پوزىتسىيىسى ئۆزگەرگەندى. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا بېشىنى بۇراپ، ئۇياقتا بىر نەرسىنى كۆرگەندەك بوينىنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ ئادەم مەن ئۆتۈپ كەتكىچە شۇنداق تۇردى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە كۈلۈمسىرەپ:

— ئى رەب، بەزىدە بالىلاردەك ئىشلارنى قىلىمىز، — دېدىم.

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيۈمدىكى خىزمەتچىلەرگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقى دىققىتىمنى قوزغىدى. ئەيسا مەسىھتىن مۇيەسسەر بولغان يېڭى ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىغان نۇرجان ۋە ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىسى بولغان يەنە بىر خىزمەتچىم رايىشەمدىن باشقا پۈتۈن خىزمەتچىلىرىم مۇسۇلمان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئارىمىزدا ھەقىقىي بىر يارەنلىك بار ئىدى. مۇسۇلمان خىزمەتچىلىرىمدىن بىرى كۆپ قېتىم جىمجىت ھۇجرامغا كىرىپ، پەس ئاۋاز بىلەن،

— خانىم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولىسىڭىز... بىزدىن غەم قىلماڭ، بىز باشقا بىر ئىش تاپالايمىز، — دېگەنىدى. تۆت يىل ئىچىدە خىزمەتچىلىرىم بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى مۇناسىۋەت پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزگەرگەنىدى.

بۇ ۋاقىت ئىچىدە چۈشلىرىممۇ زور رول ئوينىغانىدى. چۈشۈمدە مەن بىلەن ھەمداستىخان بولغان ئەيسا مەسىھنى تونۇغان كۈنۈمدىن بۇيانقى چۈشلەر مەن ماڭغان ئېتىقاد يولىنىڭ يېڭى بىر سىنىقى بولغانىدى. ئەمدى ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان پاۋلۇسقا كۆرۈنگەن غايىبانە ئالامەتلەرگە ئوخشاش غەلىتە ۋە سىرلىق ئىشلار كۆپىيىشكە باشلىدى.

بىر كېچە گويا روھىم تېنىمدىن ئايرىلىپ، دەھشەت بىر تېزلىكتە ئوكيانىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتتۈم. چاقماق تېزلىكىدە دوختۇرخانىغا ئوخشاش بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدىم ۋە ئازادە بىر ياتاق ھۇجرىغا ئۇچۇپ كىردىم. كارىۋاتلارنىڭ بىرىدە يۈزى يۇمۇلاق، زەڭگەر كۆزلۈك، قىسقا ياستىلغان چاچلىرىغا ئاق سانچىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ياتاتتى. كارىۋاتقا رىشلىيە ئىشلەنگەن ئاق ياپقۇچ ئۈچ بۇرجەك قىلىپ يېپىلغانىدى. ئايالنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى. ئۇنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى مۆلچەرلىدىم. بىر كېسەل باققۇچى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى. شۇ چاغدا ھۇجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا رەببىمنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ، — قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا، — ئايالغا دۇئا قىل — دېدى. ئايالنىڭ كارىۋتىغا يېقىن بېرىپ، ئۇنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن دۇئا قىلىشقا باشلىدىم.

ئەتىسى دېرىزەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئويلىدىم. ئوكيانىنىڭ ئۇ قېتىمدىكى ھۇجرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ كاللامدىكى تەسىرى تېخىچە يوقالمىغانىدى. ئەيسا بۇ ئايالغا دۇئا قىلىشىمنى نېمە ئۈچۈن تەلەپ قىلغاندۇ؟ ئۇ ئۆزى ئۇ يەردە بولسىمۇ، مېنىڭ دۇئا قىلىشىمنى بۇيرىغانىدى. شۇ چاغدا ماڭا مۇھىم بىر ھەقىقەتنىڭ ئايان بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دۇئالىرىمىز رەبنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئىدى. ئۇ دۇئالىرىمىز ئارقىلىق ئىش كۆرەتتى. ئىنجىلنى ئوقۇپ، «ياقۇپ» قىسمىنىڭ بەشىنچى بابىغا كەلگەنىدىم:

«ئېتىقاد بىلەن قىلىنغان دۇئا ئاغرىقنى ساقايتىدۇ
ۋە پەرۋەردىگار ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ. ئەگەر بىمار
گۇناھ قىلغان بولسا، كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ... ياخشى

ئەمەل قىلغۇچىنىڭ دۇئاسى كۈچلۈك ئىجابەت بولىدۇ... »

دېمەك، بىزنىڭ دۇئالىرىمىز دۇئا قىلىنغان كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىر قېتىم چۈشۈمدە پاراخوت توختايدىغان ياغاچ كۆۋرۈكتە مېڭىپ كېتىۋېتىپ بىر پاراخوتقا چۈشۈپتىمەن. كۆۋرۈكنىڭ بىر بېشى ئەيسا مەسىھ تۇرغان ئۆيگە تۇتىشاتتى. ئۇ ماڭا بەزى يولىيورۇقلارنى بېرىۋاتاتتى. كېيىن يەنە شۇ كۆۋرۈكتە مېڭىپ قايتىپ كەلدىم. كۆۋرۈكنىڭ يەنە بىر بېشىدا بىر ئايال مېنىڭ قايتىشىمنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ماڭا قاراپ كەلدى ۋە قولۇمدىن يېتەكلەپ مېنى مەلۇم بىر تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

كەينىمگە قاراپ، ئى رەب، نەگە كېتىۋاتىمىز؟ دەپ سورىدىم، لېكىن جاۋاب ئالالمىدىم.

بۇ چۈش باشقا بىر سەپەرگە چىقىدىغانلىقىمدىن بېشارەت بېرەتتى. بۇ قېتىم مەن بارىدىغان يەر نامەلۇم ئىدى. لېكىن، پۈتۈن سەپەردە ئەيسا مەسىھ مېنى كۆزىتىپ تۇراتتى. چۈش ماڭا بېشارەت بولغانىدى. مەن ھوشيار تۇراتتىم. شۇڭا، كونا بىر دوستۇم يەتكۈزگەن خەۋەر مېنى زادى ھەيران قالدۇرمىدى.

1971-يىلى بۈتتو ھاكىمىيەت بېشىغا چىققىلى بىرنەچچە ئاي بولغانىدى. بىر كۈنى ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىسى بولغان ياقۇب ئىسىملىك بىر دوستۇم مېنى يوقلاپ كەلدى. ئىبرىم بىر چاغلاردا مىنىستىر ۋاقتىدا ئېكسپورت ۋە ئىمپورت تەكشۈرگۈچىلىكى تۈپەيلىدىن پاكىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى جىددىي بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ياقۇب بىلەن ئىككىمىز ھۆكۈمەتكە ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىش تۈزۈمىنى يولغا

قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدۇق. بۇ تۈزۈم ئاددىي ـ ساددا ياشاش پىلانى دەپ ئاتىلاتتى. ئاساسىي مەقسەت ئۆز ماللىرىمىزنى ئىشلەپچىقىرىشىمىز ئۈچۈن پاكىستاننىڭ سانائىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىمپورت ئېھتىياجىمىزنى ئازايتىش ئىدى.

ئىككىمىز پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ، كىچىك فابرىكىلارغا ۋە ئائىلىلەردە كىچىك كارخانىلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ياردەم قىلدۇق، يەرلىكلەرنى رەخت توقۇش ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر ئىشلەپچىقىرىشقا رىغبەتلەندۈردۇق، ئۆزىمىزمۇ يۇرت ئىچىدە توقۇلغان رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىگەنىدۇق. مانا بۇ ئىشلار بىلەن ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلگەنىدى. ئاددىي ـ ساددا ياشاش پىلانى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، يەرلىك ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈشكە قاراپ يۈزلەنگەندە، پاكىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ بىرئاز تۈزىلىشكە باشلىغانىدى. شۇ چاغدىن بۇيان ياقۇپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مېنى يوقلاپ كېلەتتى. سىياسەت ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر ھەققىدە مەن بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. ئائىلەمنىڭ مال ـ مۈلۈك ئەھۋالىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇ پاكىستاننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدىكى يەر ـ زېمىنلىرىمىزنى كۆرگەنىدى ۋە سەرمايىمىزنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ مال ـ مۈلۈكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. ياقۇپ ئەپۇ سورىغان بىر خىل تەلەپپۇز بىلەن:

— بىلىقىز، بەزى دوستلار ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا، سىزنىڭ مال ـ مۈلكىڭىز ئۈستىدە توختالدى. يەر ـ زېمىنلىرىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى سېتىۋېتىشنى ئويلىدىڭىزمۇ؟ بۇتتو يەر قانۇنلىرىنى يېڭىلايدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. پۈتۈن پۇلنى مال ـ مۈلۈككە باغلاپ قويۇش بىرئاز خەتەرلىكقۇ دەيمەن؟ — دېدى.

ياقۇب ناھايىتى سەۋىيىلىك ئادەم ئىدى ھەمدە بۇ ئىش بىلەن ئۆزىنى مەلۇم خەۋپكىمۇ مۇپتىلا قىلاتتى. يەنە ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان ھۆكۈمەت ماشىنىسى ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تەنقىدلەرنى كەلتۈرەتتى.

— رەھمەت ياقۇب، — دېدىم مەن ھېسسىياتلىرىمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ. كېيىن دەرھال كەسكىن تۈردە — ھېچنەرسە مېنى بۇ يەردىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

مەن بالىلارچە جاۋاب بەرگەنىدىم. پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ زورلۇق ھېسسىياتى ۋە تەرسالىقى بىلەن بۇرۇنقى بىلىقىز ئۆزىنى يەنە كۆرسەتكەنىدى. دوستۇم بولسا بۇ ھالىمغا زادى ھەيران بولمىدى.

— دەرۋەقە سىزدىن مۇشۇنداق بىر جاۋاب كۈتەتتىم، بىلىقىز، — دېدى ئۇ ۋە بۇرتىنى سىلاپ كۈلدى، — لېكىن قانداقلا بولمىسۇن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا ياردەمگە ئېھتىياجىڭىز بولسا...

— بۇنداق ۋاقىت كەلسە، قەدىرلىك دوستۇم، ماڭا سۇنغان ياردەم قولىڭىزنى ئېسىمدىن چىقارمايمەن، — دېدىم مەن.

يەنە بىر چۈش! بۇ قېتىم ئادەتتە تارتىنچاق بولغان رايىشەم بىر چۈش كۆرۈپتۇ.

خىزمەتچىم مەن ئولتۇرغان كىرىسلونىڭ يېنىغا كېلىپ زىلۋا بويىنى ئېگىپ، تىزلىنىپ ئولتۇردى.

— سالام شەيخ خانىم، قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆردۈم. سىزگە ئېيتىپ بەرسەم قانداق دەيسىز؟ — دېدى ئۇ،

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

رايىشەم چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا دىققەت قىلىپ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ چۈشىدە بەزى يامان ئادەملەر ئۆيۈمگە كېلىپ مېنى تۇتقۇن قىلىپتۇ. رايىشەم:

— ئۇلار بىلەن ئېلىشتىم. قېچىڭ خانىم، دەپ ۋارقىرىدىم. كېيىن سىزنىڭ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ قېچىپ كەتكەنلىكىڭىزنى كۆردۈم، — دېدى.

خىزمەتچىمنىڭ توق قوڭۇر كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم. لېكىن، ئۇنىڭغا بەرگەن تەربىيەمگە ئۆزۈمنىڭمۇ قۇلاق سېلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلىدىم. كېيىن،

— قەدىرلىكىم، بۇ يەردىن قېچىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىمنى خۇدا بىرقانچە قېتىم ماڭا كۆرسەتكەن. ئۇ چاغدا بۇنىڭغا ئىشىنىشنى خالىمىغانىدىم، لېكىن ئەمدى شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدىم.

قولۇم بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ، سولغۇن يۈزىنى ئۆزۈمگە قاراتتىم.

— بەلكىم كېتىشكە مەجبۇر بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن كەتسەم بۇ پەقەت رەب بۇيرۇغان ۋاقىتتا بولىدۇ. بۇنى قوبۇل قىلىشقا تىرىشىمەن. بۇنىڭغا ئىشىنىسەنغۇ دەيمەن؟

رايىشەم بىر دەم سۈكۈت قىلىپ تۇردى. كېيىن،

— بۇ نېمىدېگەن بەختلىك ھايات يولى، خانىم! — دېدى.

— ئەلۋەتتە باشقا بىر يول يوق. بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ئىش ئۆز خاھىشىمىز بويىچە بولمايدۇ.

1971-يىلى كۈزدە بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشلار تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. بىر كۈنى نۇرجان ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ،

نېرۋلىرى جىددىيلەشكەن ھالدا يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ چىچىمنى تاراۋاتقان قوللىرى تىترەيتتى.

— نېمە بولدى نۇرجان؟ — دەپ سورىدىم. نۇرجان شۇئان ئىسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— جېنىم خانىم، سىزگە بىرەر پىشكەللىك كېلىشىنى خالىمايمەن.

— قانداق پىشكەللىك؟

نۇرجان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئالدىنقى كۈنى ئىنىسىنىڭ مەسچىتكە بارغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەردە بىرنەچچە كىشى ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، ماڭا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە بىر ئىش قىلىش قارارىغا كەپتۇ.

— قانداق قىلغۇدەك، نۇرجان؟ خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— ياق، خانىم، لېكىن قورقۇۋاتىمەن، يالغۇز سىزدىنلا ئەمەس، ماخمۇدتىنمۇ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئۇ توققۇز ياشلىق نارەسىدە تۇرسا، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ بار...

— خانىم، مەملىكىتىمىز بەش يىلنىڭ ئالدىدىكى مەملىكەت ئەمەس، — ئادەتتە جۇشقۇن بولغان نۇرجاننىڭ چىرايى جىددىي بىر تۈس ئالغانىدى، — ھەر ھالدا دىققەت قىلارسىز خانىم، — دېدى.

ئارىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا، مەن ئويلىغان ئىشلار يۈز بەردى.

ھاۋا ئوچۇق ئىدى. كەچكۈز كىرىپ قالغانىدى.

يامغۇر-يېشىن مەزگىلى ئاياغلىشىپ، ھاۋا قۇرغاق ۋە ساپ ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئالاھىدە بىر ئىش بولمىغانىدى. قانداقلا بولمىسۇن ھازىر مەدەنىيەتلىك دەۋردە

ياشاۋاتىمىز، دەپ ئويلايتتىم. ئىپتىدائىي دەۋردە ئەمەس، 1971-يىلىدا ئىدۇق.

دۇئا قىلىش ئۈچۈن ھۇجرامغا چىقتىم.

بىردىنلا قانداقتۇ بىر ئەندىشە ماڭا ماخمۇدنى ئال، ھويلىدىكى چىمەنلىكتە يۈگۈر! دېگەندەك قىلدى.

لېكىن بۇ بىر تەۋەككۇلچىلىك ئەمەسمۇ؟ ئىچىمدىكى بۇ خىل ھېسسىيات بارغانسېرى كەسكىنلىشمەكتە ئىدى. شۇئان ھۇجرامدىن چاچراپ چىقىپ، ماخمۇدنى چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتىم. كۆزلىرىنى تېخى ئۇيقۇدىن ئاچالمايۋاتقان ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇنىمايۋاتقان بالىغا ھېچنەرسىنى ئۇقتۇرمايلا ئۇنى ھويلىغا سۆرىدىم. تەلۋىلەرچە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرساممۇ، يەنىلا پەلەمپەيلەردىن ئىتتىك چۈشۈپ دەرپەردە ئىشىكنى ئېچىپ تاشقىرىغا يۈگۈردۈم.

پېشايۋانغا چىقىشىم بىلەنلا دىمىقىمغا ئاچچىق بىر ئىس ئۇرۇلدى. بىرەيلەن قارىغاي شاخلىرىنى يېقىۋاتسا كېرەك. ئېتىزىمدا ئەخلەت-چاۋارلارنى كۆيدۈرۈشنى مەنئىي قىلغانىدىم. باغۋەنىنى ئىزدەپ چىقتىم، لېكىن ئۆينىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلۇشۇمغا ئالدىمدىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلدى.

ئۆينىڭ يېنىدا بىر قۇچاق قارىغاي شاخلىرى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتاتتى. گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنلىرى بىنانىڭ يېنىنى سىياپ يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى.

دەرھال چۇقان سالدىم. خىزمەتچىلىرىم يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى ۋە شۇ ھامان بەزىلەر ئۆستەڭدىن چېلەكلەر بىلەن سۇ توشۇشقا باشلىدى. بەزىلەر باغچىدىكى سۇ تۇرۇبىسىدىن ئوتقا سۇ پۈركۈشكە باشلىدى، لېكىن سۇنىڭ بېسىمى بولمىغاچقا سۇ ئوتنىڭ يېنىغا يېتىپ بارالمايتتى. ئوت

يالقۇنلىرى ئۆينىڭ تورۇسىدىكى پەنەركىلەرگە يېتىپ بارغانىدى. ئاخىرى پەنەركىلەرگىمۇ تۇتاشتى. سۇنى ئۇ يەرگىچە پۈركۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئوتنى دەرھال ئۆچۈرۈپ ئۆينى كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قىلىش كېرەك ئىدى.

بىز ۋاقىت بىلەن مۇسابىقىلىشىۋاتاتتۇق، ئون خىزمەتچىم ئۆستەڭدىن ئوت كۆيىۋاتقان يەرگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر رەت بولۇپ تۇرۇشقانىدى. سۇ تولدۇرۇلغان چىلەكلەر قولدىن-قولغا ئۆتەتتى.

يېرىم سائەت ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەن يالقۇنلار سەل پەسلىدى. يانغىن تىزگىنلەندى. ئون ئىككى كىشى ئوتنى چۆرىدىگەن ھالدا، قان-تەرگە چۆمۈپ ھاياجان ئىچىدە تىترەيتتۇق. يەنە بىرنەچچە مىنۇت كېچىككەن بولسام، ئۆيگە ئوت كېتىپ، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىر ھازا نۇرجان بىلەن قارىشىپ تۇردۇق. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر، مۈرىلىرىنى سىلكىپ بېشىنى چايقىدى.

ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. مەسچىتتىكى كىشىلەر دېگىنىنى قىلغانىدى. تورۇستىكى پەنەركىلەرگە قارىدىم. پەنەركىلەرنىڭ گىرۋەكلىرى كۆيۈپ قاپ-قارا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆيۈمنىڭ ئاپئاق تاملىرىمۇ ئىسلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆيگە ئارتۇقچە زىيان بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەبگە شۈكۈر قىلدىم. ئوت ئاپتى باشلىنىش بىلەنلا ئىچىمدىكى ھېلىقى ھېسسىياتنى سەزمىگەن ۋە تاشقىرىغا چىقمىغان بولسام، ھالىمىز قانداق بولار ئىدى؟ بۇنى ئويلىساملا بەدىنىم تىكەنلىشەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن ساقچى كەلدى. تەكشۈرۈپ،

ئەھۋالنى سۈرۈشتۈردى. خىزمەتچىلىرىمدىن سوئاللارنى سوراپ خاتىرىلىۋېلىپ كەتتى. مەن ھۇجرامغا قايتىپ كىرىپ، رەب ماڭا ئېيتماقچى بولغان مەخسۇس بىر نەرسە بارمىكىن، دەپ ئىنجىلىمنى ئېچىپ، بۇ ئايەتكە كۆزۈم چۈشتى:

«چاپسانراق قاچ! چۈنكى سەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارمىغىچە، سودومنى ۋەيران قىلالمايمەن».
(تەۋرات: «يارىتىلىش» 19-باب 22-ئايەت)

كىتابنى يېپىپ كۆزلىرىمنى تورۇسقا تىكتىم. ئىچىمدە، ئى رەببىم، سەندىن بىردىنبىر سورايدىغىنىم، ماڭا قانداق بىر ھايات كەچۈردىغانلىقىمنى كۆرسەتكەيسەن، ئىشلىرىمنى ئاسان قىلارسەنمۇ ياكى تەسمۇ؟ ئېنىق دېگەيسەن، دەپ خۇداغا مۇراجىئەت قىلدىم. كۆزلىرىم ياشقا تولغاندى. مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى سەن، ئى رەببىم. لېكىن، ماخمۇد قانداق بولىدۇ؟ ھەممە نەرسەمنى ئالسەنۇ، ئۇنىمۇ مەندىن ئايرىۋېتەرسەنمۇ؟

ئالتە ئايدىن كېيىن، يەنى 1972-يىلى بەشىنچى ئاينىڭ بىر كۈنى رەب مەن بىلەن يەنە بىر قېتىم چوڭ ئارقىلىق سۆھبەتلەشتى. رايشەم قايغۇلۇق بىر ئەھۋالدا ماڭا كېلىپ:

خانىم، پۇل قۇتىسى بىخەتەر يەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۆيگە ئۇنى-بۇنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان پۇلنى قولدا ئېلىپ يۈرگىلى بولىدىغان مۇستەھكەم بىر قۇتىدا ساقلايتتىم. رايشەم ئۇنى بىلەتتى.

— ئەلۋەتتە بىخەتەر يەردە، — دېدىم، — قانداق دەيسەن؟

رايشەم ئاۋازىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ:

— ئاخشام چۈشۈمدە ماشىنا بىلەن بىر سەپەرگە چىققانلىقىڭىزنى كۆردۈم. پۇل قۇتىسىمۇ يېنىڭىزدا تۇرغىدەك، — دېدى.

— ھە؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدىم. ھازىرغىچە ئۇنىڭ چۈشىدە پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋال بولمىغانىدى. سەپەرگە چىقسام، پۇل قۇتىسىنى ھەمىشە يېنىمغا ئېلىۋالاتتىم.

— لېكىن چۈشۈم شۇنداق ئوچۇق! — دەپ قەتئىي ھالدا داۋاملاشتۇردى رايىشەم، — چۈشىنىڭ كۆڭۈلسىز تەرىپى شۇكى، يولدا بەزى كىشىلەر سىزنى توساپ قۇتىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا رايىشەمنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشتىم. پۇلۇمنى يوقاتسام، خۇداغا تېخىمۇ يېقىن بولىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭغا تايىنىشنى ئۆگىنىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. رايىشەم يېنىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەجەبا، بۇ چۈش كەلگۈسى كۈنلەردىن بېشارەت بەرگەندىمۇ؟ پۈتۈن پۇلۇمنىڭ قولۇمدىن كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرامدىغاندۇ؟ يېقىندا پۇلسىز، مال-مۈلۈكسىز ۋە ئىگە-چاقىسىز قالارمەنمۇ؟ نامەلۇم بىر كەلگۈسىگە قاراپ دوملاپ كېتىۋاتامدىمەن نېمە؟ دەپ ئويلىدىم.

ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 1972-يىلىنىڭ ھاۋا ئىسسىغان بىر كۈنى، خىزمەتچىلىرىمدىن بىرى ئوغلۇم خالىتنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

خالىت لاھوردا تۇراتتى. بۇنداق ئىسسىق كۈنلەردە ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلگەندۇ؟ تېلېفون بىلەن ماڭا ئالدىن ئۇقتۇرمىغىنىغا قارىغاندا مۇھىم بىر ئىش بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

خالىت مېنى مېھمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇراتتى. مەن

مېھمانخانىغا كىرىپلا:

— ئوغلۇم، سەن بىلەن كۆرۈشكىنىمگە شۇ قەدەر خۇش بولدۇم، لېكىن نېمە ئۈچۈن تېلېفون قىلمىدىڭ؟ — دېدىم. خالىت كېلىپ مېنى سۆيدى، ئاندىن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ يېنىمغا كەلدى-دە، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئاپا، قورقۇنچلۇق بىر گەپلەرنى ئاڭلىدىم، — دەپ توختاپ قالدى ئۇ. مەن زورغا كۈلۈمسىرىدىم. خالىت ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — ئاپا، ھۆكۈمەت خۇسۇسىي مال-مۈلۈكلەرنىڭ كۆپىنى جامائەت مۈلكىگە ئايلاندۇرىدىكەن.

بىر يىلنىڭ ئالدىدا، يەنى 1971-يىلى ئۈچىنچى ئايدا ھۆكۈمەت خادىمى بولغان دوستۇم ئېيتقان ھېلىقى سۆزلەر ئېسىمگە كەلدى. ئەجەبا، ئۇنىڭ سۆزلىرى راستقا چىققاندىمۇ؟ خالىت بۇتتونىڭ مال-مۈلۈك ئىنقىلابىنى باشلىماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ۋە جامائەت مۈلكىگە ئايلاندۇرۇلىدىغان يەر-زېمىنلار قاتارىغا مېنىڭكىمۇ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدىم، — ھەممىسىنى ئالامدىكەن ياكى بىر قىسمىنىمۇ؟

خالىت ئورنىدىن تۇرۇپ باغچىغا قارايدىغان دېرىزىگە قاراپ ماڭدى. ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ:

— شۇ تاپتا بۇ ئىشنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتكىنى يوق ئاپا، بەلكىم ئەڭ ياخشى چارە يەر-زېمىنىڭ بىر قىسمىنى پارچىلاپ سېتىۋېتىش كېرەك، بۇنىڭ بىلەن يەر-زېمىنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن قۇتۇلىدۇ — دېدى.

ئوبدان ئويلانغىنىمدىن كېيىن، خالىتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم. ئاۋۋال خالىت لاھورغا قايتىدىغان، كېيىن

تونى، ماخمۇد ۋە مەن خالتىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇ يەردە ھۆججەتلەرنى كۆرىدىغان بولدۇق.

1972-يىلى يەتتىنچى ئاينىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ئۈچىمىز ئىش باشقۇرۇش ئورنى ئارقىلىق يەر-زېمىن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن لاھورغا بېرىشقا ھازىرلاندۇق. ئۆيدىن چىقىۋېتىپ باغچىنىڭ گۈزەللىكىگە باشقىچىلا ھەيران بولدۇم. يازنىڭ گۈل-چېچەكلىرى پۈتۈن گۈزەللىكلىرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇلاق سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشلىرى قۇلىقىمغا ھەر ۋاقىتتىكىدىن يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

ئۆينىڭ ئالدىغا توپلانغان خىزمەتچىلىرىمگە، بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز — دېدىم. رايشەم ۋە نۇرجاندىن باشقا ھەممەيلەن ئەھۋالنىڭ نورماللىقىغا ئىشەنگەنىدى. نۇرجان بىردىنلا يىغلاشقا باشلىدى ۋە ئالدى-كەينىگە قارىماي چىقىپ كەتتى.

شۇ چاغدا بىر ئىشنى ئۇنتۇغانلىقىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، ياتاق ھۇجرامغا قايتىپ كىردىم. مەن ئىنتايىن بىئارام بولدۇم. ھۇجرامدىن چىقىۋېتىپ، بىردىن رايشەمنىڭ ئالدىمدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ياش ئالغان كۆزلىرى بىلەن قولۇمنى چىڭ سىقتى ۋە مۇلايىم ئاۋاز بىلەن:

— خۇداغا ئامانەت خانىم، — دېدى.

— خۇداغا ئامانەت، — دەپ جاۋاب بەردىم.

كارىدوردا رايشەم ئىككىمىز ئۈن-تىنسىز، ئەمما قەلبىمىزنى چۈشەنگەن ھالدا بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ تۇردۇق، كۆڭلۈمگە كەلگەن ئاجايىپ بىر ھېسسىيات ماڭا بۇ زىلزىلىدىن ئايالنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ ئايال بىلەن ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدىم. مەن ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— چىچىمنى ھېچكىم ساڭا ئوخشاش تاراپ قويالمايتتى، — دېدىم.

رايشەم قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىۋېلىپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ياتاق ھۇجرامنىڭ ئىشىكىنى تاقاۋاتقاندا بۇ يەردىن ھېچ كەتكۈم كەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھۇجرامغا قايتا كىرىپ ئۇياق-بۇياققا قارىدىم. ئاپئاق دىۋانلار بىلەن بېزەلگەن ھۇجرام جىمجىت ئىدى. باغچە تەرەپتىكى دېرىزىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە ئەتىگەنلىك قۇياش ئۆزىنىڭ سېخى نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. رەببىم بىلەن مانا شۇ ھۇجرىدا تونۇشقانىدىم.

ياتاق ھۇجرامغا، يەنى رەببىمنىڭ ھۇزۇرىغا مۇيەسسەر بولغان ھوجرامغا كەينىمنى قىلىپ تاشقىرىغا، ماشىنامغا قاراپ ماڭدىم.

تونىنىڭ بۇرۇن پىلانلاپ قويغان ئىشلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بىز بىلەن لاھوردا قىسقا مەزگىل بىللە بولدى. كېيىن تونىنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن خالىت بىزنى پويىز ئىستانسىسىغا ئېلىپ باردى. ئىستانسىدىكى ھېسسىياتلىرىم شۇ چاغدا ئويلىغىنىمدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.

پىلانىمىز بويىچە، ماخمۇد ئاپىسىنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كۆرەتتى. لېكىن، ھەممىمىز بۇ خوشلىشىشتا پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋالنى سەزگەنىدۇق. ماخمۇد ھازىر ئون ياشتا بولسىمۇ، بويى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ، ئاپىسىنى سۆيدى. تونىمۇ ئوغلىنى قۇچاقلاپ كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۈچىمىز بىر-بىرىمىزنى قۇچاقلىشىپ يىغلاشتۇق.

ئاخىرىدا تونى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭ چاچلىرىنى كەينىگە

تاشلاپ كۆلدى ۋە — بولدى، بۇ يەردە هازا تۇتۇپ ئولتۇرمايلى! — دېدى.

مەن كۆلۈمسىرەپ ئۇنى يەنە سۆيدۈم. تونى يولۇچىلار ۋاگونىغا چىققاندا ماخمۇد بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدۇق.

پويىز قوزغالدى، ۋاگونلار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئىتتىكلەشكە باشلىغاندا قەلبىمدە بىر خىل ئېچىنىش ھېس قىلدىم. ۋاگونىنىڭ دېرىزىسىدىن تونىنىڭ يۈزىنى ئىزدەيتتىم. ئۇنى كۆرگىنىمدە ماخمۇد بىلەن ئىككىمىز قوللىرىمىز بىلەن سۆيۈش ئىپادىسىنى بىلدۈردۇق.

ئۆتكەن ئىككى يىل ئىچىدە بولغان ۋەقەلەر خىيالىمدا گەۋدىلەندى. چۈشلەر، ئاگاھلاندۇرۇشلار، ئوت ئاپىتى!... يۇرتۇمدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، رەبنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن! قانداقتۇ نامەلۇم بىر ھېسسىيات ماڭا بۇ جۇدالىقنىڭ ۋاقىتلىق ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى.

رەب، ساڭا يەنە شۇنى ئېيتماقچىمەن، ئۆز يۇرتۇمدا تۇرۇشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىمەن، بۇنى سەن دەرۋەقە بىلىسەن. قانداقلا بولمىسۇن هازىر 52 ياشقا كەلدىم ۋە بۇ يېشىمدا يېڭى بىر تۇرمۇشتا ياشىيالمايمەن. لېكىن، مۇھىمى مېنىڭ يېشىم ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا بولۇشتۇر! ئى رەببىم، ماڭا ياردەم قىلغايسەن، مېنى ھۇزۇرۇڭدىن ئايرىۋېتىدىغان ھەرقانداق قارار چىقىرىشقا خالىمايمەن.

# خاتىمە

پويىز ئىستانسىسىدا تونى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تا هازىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشەلمىدۇق. يۇرتۇمدىن ئايرىلىمەن دېگەن، ئىچىمدە پەيدا بولغان ھېسسىياتلار رېئاللىققا ئايلاندى. ۋەتىنىمدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بەزىدە نۇرجان، رايشەم ۋە باشقا ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى ئويلايمەن. ئۇلار قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇلارنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ئويلاپ بىئارام بولغان چاغلىرىمدا ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەيمەن:

> «سىلەرنى يېتىم قويمايمەن. سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا يەنە قايتىپ كېلىمەن». (ئىنجىل: «يۇھاننا» 14-باب 18-ئايەت)

مال-مۈلۈك ھازىر مەن ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس، يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، يۇرتۇمغا قايتىپ بارالمايدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ئائىلەمگە بىر سالام خەت يازدىم. ئۆي بىساتلىرىمنى تارقىتىۋېتىشنى ئېيتتىم، قىزىم تونىنى ۋەكىل قىلىپ خىزمەتچىلىرىمگە بىر يىللىق ئىش ھەققى بېرىشنى بېكىتتىم. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقتا قېلىشىنى خالىمايتتىم.

تارىخىي ئەھمىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن باغچەمنى ھۆكۈمەت ئېلىۋالدى. بىراق رەبىم بىلەن تونۇشقان ئۆيلىرىمدىن خەۋەر ئالالمىدىم. بەلكىم مېنى بىئارام قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوستلىرىم ماڭا ئۆي ھەققىدە ھېچنەرسە يازمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ يەردە قالغان مال-مۈلكۈمنىڭ مەن ئۈچۈن

ئەھمىيتى يوق ئىدى. چۈنكى مېنىڭ ماكانىم رەبنىڭ
پادىشاھلىقىدا ئىدى. ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق مۇيەسسەر
بولىدىغان ئائىلە مېنىڭ يېڭى ئائىلەم ئىدى. ئەمدى خۇدانىڭ
پادىشاھلىقىدا ياشايمەن. بۇ دۇنياغا ئائىت ھېچنەرسەم يوق،
لېكىن روھىي جەھەتتىكى بايلىققا ئەيسا مەسىھنىڭ
ۋاستىسى بىلەن مۇيەسسەر بولدۇم!